# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

16

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

(16)

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (16)
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32، باسما تاۋىقى: 9.125
1985 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1985 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M 11098.157
تىراژى: 1 ـــ 13,500
باھاسى: 0.93 يۈەن
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

# ئەجدادلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى چى گو

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ كادىرلار ۋەكىللىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى زاتلار بۈگۈن بۇ يەردە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلىمەكتىمىز. مەن ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن، بۇ سۆھبەت يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان پېشقەدەم يولداشلاردىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا قۇربان بولغان ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئاتاقلىق رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئىسھاقبېك، دەلىلقان سۇگۇربايوپ قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلارغا ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا قۇربان بولغان بارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن.

1944 - يىلى كۈزدە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىنى ئاساس قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە باشقا تەبىقە خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىدىن بىزار بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئىلغارلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. بىر يىل قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى، ئۇلار مۇشۇ جايلارنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئاپاراتلىرى ۋە قوراللىق قوشۇن قۇرۇپ، قوراللىق كۈرەشنى ئاساسلىق شەكىل قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۈرلۈك كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى، ئىنقىلاپ 1949 - يىلى شىنجاڭ تېنچ يول بىلەن ئازات بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى، بۇ قوراللىق كۈچ جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ تارىخىدىكى بۇ كۈرەش ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى دەپ ئاتالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى شانلىق سەھىپە، بۇ ئىنقىلاپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ تۈركىمى بىلەن، گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى كۈرەش پۈتۈن دۇنيادا غەلىبىگە ئېرىشكەن، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىش



ئالدىدا تۇرۇۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا پارتلىغان بىر قېتىملىق مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركەت. بۇ ئىنقىلاپ شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى خەلقنىڭ ئازاتلىق، دېموكراتىيە ۋە باراۋەرلىككە ئىگە بولۇش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن باتۇرانە، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق قوراللىق كۈرىشى. بۇ ئىنقىلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە كۈچلۈك زەربە بەردى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنىنىڭ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە قارشى قويغان ھەربىي كۈچلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تېنچ يول بىلەن ئازات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئويناپ، ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. يولداش ماۋزېدۇڭ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بۇ ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. يولداش ماۋزېدۇڭ 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى يولداش ئەخمەتجانغا يازغان خېتىدە: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار — پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنىڭ بىر قىسمى، غەربىي شىمال خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ پات ئارىدا پۈتۈنلەي ئازات بولىدۇ، سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ» دېگەن ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى گەرچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىگىدە پارتلىغان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، كوممۇنىستلار شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 1937 - يىل 5 - ئايدا قىزىل ئارمىيە 4 - يۆنۈلۈش ئارمىيىسىنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلغان قوشۇنىدىكى 400 دىن كۆپرەك قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي روھى ۋە قەھرىمانلىق ئوبرازى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر سىياسى تەسىر قالدۇرغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ۋە دېموكراتىيىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېچ ۋە دېموكراتىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چېن يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر رەھبەرلەرنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا قىزىل ئۇرۇق چاچقان، ماركسىزم - لېنىنىزم تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت زىيالىلىرى يېتىشكەن، مەسىلەن، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق كىشىلەر ھەر قايسى جايلاردا ئىلغار مەخپى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى



باشلىۋەتكەن، كېيىن ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى داۋامىدا ئىنقىلاپنىڭ تايانچلىرىدىن بولۇپ، مۇھىم رول ئوينىغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە مەدەت بېرىپ كەلدى. 1946 - يىل 11 - ئايدا، يولداش دۇڭ بىۋۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق يولداشلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسى، ئىقتىسادي ئەھۋالى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئەھۋالى، شۇنداقلا پارتىيىمىزگە بولغان مۇھەببىتى توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغان؛ يولداش دۇڭ بىۋۇ ئۇلارغا ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ سىياسى تەشەببۇسى، تاكتىكىسى ۋە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش پىرىنسىپى، ھەربى ئىستىراتېگىيىسىنى تونۇشتۇرغان ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن كومپارتىيە ئەزاسى پېيك گوئەننى بىر دانە تېلېگىرامما ئاپپاراتى ئېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئۈچ ۋىلايەتكە بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەن. تېلېگىرامما ئاپپاراتىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا، يەنئەن بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشقىلى بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن شىنخۇاشېنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرى ۋە ماۋزېدۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي باياناتلىرى سىمسىز رادىيو ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە چىقىرىلىدىغان گېزىت - ژورناللاردا ئۆزلۈكسىز ھالدا ئېلان قىلىنغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا تەسىر كۆرسەتكەن. 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو كوم-

مۇنىستىنىڭ پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ لىچۈن-
نى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سۈپىتى بى-
لەن غۇلجا ئالاھىدە رايونلۇق ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىپ، «لىچۈن»
رادىيو ئىستانسىسىنى قۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى مەركى-
زىي كومىتېت بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما يوللاپ، ئۈچ ۋىلا-
يەتنىڭ 9-ئاينىڭ 10-كۈنى بېيجىڭدا چاقىرىلىدىغان مەملى-
كەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا قاتنىشىپ، جۇڭ-
خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ئىش ئۈس-
تىدە مەسلىھەتلىشىشكە ۋەكىل ئەۋەتىشىنى تەكلىپ قىلغان.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى،
ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئىسھاقبېك، دەلىلقان ۋە لوجۈ يولداش-
لار شىنجاڭنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى
ئايروپىلان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا قاراپ
ماڭغان. لېكىن بەختكە قارشى ئايروپىلان ھادىسىسى بولۇپ،
بارلىق ۋەكىللەر قازا تاپقان. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق
يولداشلار «مىللەتنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ۋە خەلقنىڭ دې-
موكراتىك ئىشلىرى» يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئىس-
ھاقبېك، دەلىلقان سۇگۇرباييوپلار جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەر-
زەنتلىرى، ئۇلار جۇڭگو يېڭى دېموكراتىزمىنىڭ شەرەپلىك
جەڭچىلىرى بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى — شەرەپلىك
ھايات، جەڭگىۋار ھايات. ئۇلار گەرچە شىنجاڭدىكى ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن، يېڭى جۇڭگونىڭ



غەلىبىلىك دۇنياغا كېلىشىنى كۆتۈۋېلىش يولىدا بەختكە قارشى
قۇربان بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار ئۆزىنى پىدا قىلغان
ئىشلار — ئۇلۇغ ئىشلار، مەڭگۈ ئۆچمەس ئىشلار! ئۇلارنىڭ ھا-
يات ۋاقتىدا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئەكسىيەتچىل دىنىي يۇقىرى
قاتلامنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشتەك قىلمىشلىرىغا
قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەققىدە سۆزلى-
گەن ھەققانىي نۇتۇقلىرى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي روھى، باتۇرلۇقى،
جەڭگە ماھىرلىقى، ئالىجاناپ پەزىلىتى، ئىسىل ئىستىلى
ھازىرغا قەدەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ساقلانماقتا.
ماۋجۇشى ئۇلارنىڭ بەختكە قارشى قازا تاپقانلىقىنى ئۇققاندىن
كېيىن، «شىنجاڭدا تېچلىق، دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپا-
قى»غا ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسىدا: «يولداش ئەخمەت-
جان قاسىمى باشچىلىقىدىكى 5 يولداش ھايات چېغىدا شىن-
جاڭ خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش
قىلغان ئىدى، ئاخىردا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش
يولىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، بۇ پۈتۈن مەملىكەت
خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ» دېدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى — «جۇڭگو خەلق دېموكراتىك
ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى»، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى
زامان تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق
ئىنقىلاۋىي ھەركەت. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت-
نىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىلىدە بەزى خاتالىقلار يۈز بەرگەن. خۇددى يولداش سەي-

پىدىن ئەزىزىنىڭ «پارلاق ئەتە ئۈچۈن» دىگەن ماقالىسىدا ئېيتىلغاندەك: «ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇ لاۋا - لاتقىلاردىن خالى بولالمىدى، بەزى ئەكسىيەتچىل فېئودال يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەر بىر قىسىم رەھبەرلىك هوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى بايرىقىنى كۆتىرىپ چىقىپ، پان ئىسلامىزىمنى، پانتۈركىزىمنى تەرغىپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپ بىر مەھەل زىيانغا ئۇچرىدى. بۇ هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ بولغاچقا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان ئىلغار كۈچلەر ۋە هەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى». «ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئىسهاقبېك، دەلىلقان قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئۆچمەس تۆهپىسى شۇكى، ئۇلار ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى باتۇرلارچە تارمار قىلىپ، ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى ئېقىملارغا قاتتىق پەشۋا بېرىپ، دۆلەت زىمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنقىلاپنى توغرا يولغا سالدى. بولۇپمۇ مىللى مەسىلە جەھەتتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش جەھەتتە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئالاهىدە كۈچ چىقاردى.»

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ پارتلىغىنىغا توپ - توغرا 40 يىل بولدى. ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى 35 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ مىللى ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، شىنجاڭنى ئازات قىلغىنىغىمۇ 35 يىل بولدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىگى ۋە سەمىمى غەمخورلۇغىدا، پارتىيە مىللى



سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، شىنجاڭدا خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىغىدىكى هاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، دېموكراتىك ئىسلاهات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، زور بىر تۈركۈم مىللى كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈندىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قەدەر جاهاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىگىدە، هەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىرلىكتە سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇۋاتىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، تۈرلۈك ئىشلاردا زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى، سانائەت، دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يىلدىن - يىلغا ياخشى بولماقتا، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، هەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددى، مەدەنى تۇرمۇش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئىلگىرىكى قالاق، نامرات شىنجاڭ گۈزەل، باي، بەختىيار شىنجاڭغا ئايلاندى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدىكى ئىنقىلاۋىي قۇربانلار هايات ۋاقتىدا تەلپۈنگەن، ئارزۇ قىلغان ۋە هاياتىنى ئاتاپ كۈرەش قىلىپ ئېرىشمەكچى بولغان دەۋر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دانە رەھبەرلىگىدە، هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا رىياللىققا ئايلاندى. بۇلار-

دىن ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ روھى جەزمەن خوش بولىدۇ.

يولداشلار، ئېلىمىز يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. يېقىندا، پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمى يىغىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە يېڭى جەڭگىۋار شوئار چىقاردى. بىز پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، مەملىكەت بويىچە زور ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى مۇساپىسىگە قەدەم قويدۇق. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى خاتىرىلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى خاتىرىلىگەندە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلار بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەنىۋى بايلىقنى قەدىرلىشىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىشنى كۆزلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش روھى ئارقىلىق ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك؛ ئۇلارنىڭ قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان، پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلغان روھى ئارقىلىق جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك؛ ئۇلارنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتى، ئىسىل ئىستىلى ئارقىلىق ئىنقىلاۋىي ئىرادىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، خىزمىتىمىزنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى خاتىرىلىگەندە، ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۆگىنىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كۆز قارچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى



ئاسراش روھىنى ئۆگىنىپ، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى چوڭقۇر تونۇپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ، جەمئىيەت تېخىمۇ تىنچ - خاتىرجەم بولىدۇ، شىنجاڭدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە يارىتقىلى بولىدۇ.

يولداشلار، بىزنىڭ شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۆھىرى، ئۇ، دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتىلا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش، شىنجاڭنى ئېچىش» توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇلۇغۋار مەنزىرە كۆرسىتىپ بەردى، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق، بىزنىڭ شىنجاڭدىن ئۈمىت زور! شىنجاڭدىكى كادىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپە تېخىمۇ شەرەپلىك ۋە مۇشەققەتلىك. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى شەرەپلىك ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە ئىگە، ئەمگەكچان، باتۇر خەلق، ئۇلار پارتىيىنى، ۋەتەننى ۋە سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدۇ. شۇڭا بىز پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى،

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنى، پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇپ، داۋاملىق تۈردە «سول» چىللىقنى، «كونىلىق»نى تۈگىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىدىغان بولساق، شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، ئىككىدە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق تىرىشىپ ئوبدان يولغا قويۇپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى چىڭ تۇتۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىنكار قىلىپ، «3 خىل ئادەم» لەرنى قەتئىي، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېنىقلاپ، داۋاملىق تۈردە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، رەھبەرلىك ئىستىلىنى ياخشىلىساق، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىساق، بىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەمىز چوقۇم تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى چوقۇم تېخىمۇ راۋاجلىنىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قويغان مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايمىز. ھەر



مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشى چوقۇم زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ. يولداشلار، بىز ئىتتىپاقلىشىپ، دادىل ئالغا ئىلگىرىلەپ، پارتىيە 12 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش، شىنجاڭنى 21 ـ ئەسىردە دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۆلىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى!

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە

ياسىن خۇدابەردى

شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق رايونلىرىدا 1944 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى خەلق قوزغىلىڭى كۆتىرىلدى. پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ قوزغىلاڭ — تارىختا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ قوزغالغان ۋاقتىغا ئازغىنە كەم يېرىم ئەسىر بولاي دەپ قالدى.

شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايىتىدە قوزغالغان 40 - يىللاردىكى بۇ ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى، مەقسىدى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتىنى كۆپ كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار ئېنىق بىلمەيدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا نىسبەتەن بەزى مۇجمەل قاراشلار، ھەتتا خاتا تونۇشلارمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىنى باستۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان، ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيىمىزنىڭ كەڭچىلىك سىياسىتىگە ئېرىشىپ ئامان قالغان ئايرىم كىشىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قەستەن بۇرمىلاپ تونۇشتۇرۇپ، تېخىمۇ يامان تەسىراتلارنى پەيدا قىلدى. يۇقۇرقىدەك خاتا قاراشلار ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ بەلگىلىك تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.



تارىخ ئاللىقاچان خۇلاسە چىقارغان، داھىلىرىمىز، رەھبەرلىرىمىز ئۆز ۋاقتىدا يۇقىرى باھا بەرگەن «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى» ھىساپلانغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ھېلىمۇ يۇقۇرقىدەك خاتا تونۇشلارنىڭ ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى بىزنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ ۋە دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا 40 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، ماركسىزىمنىڭ تارىخىي قارىشى بويىچە، ئەينى دەۋر تارىخىنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ، بۇ ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى، ماھىيىتى ۋە نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. شۇ ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى خاتا قاراشلارغا خاتىمە بېرىپ تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئەۋلاتلىرىمىزنى ئەينى دەۋر تارىخىدىن ئېنىق خەۋەردار قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بىز پېشقەدەملەرنىڭ تارىخ ئالدىدىكى ئۆتەشكە تېگىشلىك زۆرۈر مەجبۇرىيەتلىرىمىزدىن بىرى ھىساپلىنىدۇ.

× × ×

مەن 1944 - يىل 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشتىم. ئۇ چاغدا سۈيدۈڭ ناھىيىلىك مەدىنى - ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا خىزمەت قىلاتتىم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە سۈيدۈڭ شەھرىدە تەشكىل قىلىنغان پارتىزانلار ئەترىتىدە سىياسى كومىسسار بولدۇم. سۈيدۈڭ ناھىيىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى ھەم ناھىيىلىك ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى بولۇپ خىزمەت قىلدىم. ياشلار

تەشكىلاتى يېپىلغاندىن كېيىن شىنجاڭدا تېچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ناھىيىلىك كومىتېتىدە رەئىس بولۇپ ئىشلىدىم.

1946 - يىلى قۇرۇلغان يەر ئاستى تەشكىلات «خەلقچىل ئىنقىلاۋى پارتىيە» سىنىڭ سۈيدۈڭ ناھىيىلىك ياچېيكىسىدا سېكرېتار بولۇپ ئىشلىدىم. گەرچە مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى تولۇق بىلمىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى ئەھۋاللارنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ قانداق ئىنقىلاپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردە نېمە قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ سۈيدۈڭدىكى ئەھۋالىنى بىر قەدەر بىلىمەن. شۇڭا تۆۋەندە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىمنى ۋە بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرى بولسا، يولداشلارنىڭ تەنقىت قىلىپ تۈزىتىشىنى سورايمەن.

× × ×

يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆز ۋاقتىدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى — جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى نېمە ئۈچۈن جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، شىنجاڭ — دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شۇڭا شىنجاڭدا قوزغالغان ئىنقىلاپنىڭ پۈتۈن جۇڭگو بويىچە كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاپنىڭ ئايرىلماس تەركىۋى قىسمى بولۇشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە.

پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ئىنقىلاپ بىلەن ئۈچ



ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا ھەر ئىككىلا ئىنقىلاپنىڭ ئورتاق دۈشمىنى جاھانگىرلىك ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئىبارەت.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى يۈز مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنى توسۇپ ۋە زەربە بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاتلىق ئۇرۇشىغا زىچ ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

بىر دۆلەتتە ئەينى زاماندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ئىستىبداتلىق تۈزۈمىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭى مەيلى ئۇنىڭ قايەردە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ مىللىي تەركىۋى قانداق بولۇشىدىن، مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئاز - كۆپلىكىدىن، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلار گورۇھىنىڭ قايسى مىللەت ئىكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي كۆرەش بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى مۇقەررەر.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى — جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان شىنجاڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىبداتلىق تۈزۈمىگە، مىللىي زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان ئىنقىلاپ. ئۇ ھەرگىزمۇ بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە، ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ مىللىتىگە قارشى ھەرىكىتى بولماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەينى دەۋردە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋىي كۈرىشى. شۇڭا ئۇ ھەقلىق رەۋىشتە «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى»

بولۇشقا تېگىشلىك.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە داھىيلىرىمىزنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بەرگەن باھاسى — ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى ئاساسىدا بېرىلگەن توغرا باھا.

مېنىڭچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ:

1 - باسقۇچ 1944 - يىلى 8 - ئايدا نىلقا ناھىيىسىدە خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ، 1945 - يىلى 10 - ئايدا ئۇرۇشنى توختىتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزگىچە بولغان تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ باسقۇچتىكى ئەھۋال خېلىلا مۇرەككەپ بولۇپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۆرەش» شۇئارى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ئىنقىلابقا تۈرلۈك سىنىپ، تۈرلۈك تەبىقىدىكى كىشىلەر قاتناشقانلىقى ئۈچۈن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ تەركىۋىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئۇنىڭدا دېھقان - چارۋىچىلار ۋەكىللىرى، بۇرژۇئازىيىنىڭ، روھانىيلارنىڭ ھەم فېئودال - پومېشچىكلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭدەك زىيالىيلار، ئىلغار پىكىرلىك ماركسىزمچى ياشلارمۇ بار ئىدى.

بۇ باسقۇچ — ئاساسەن ئۇرۇش باسقۇچى بولۇپ، ھەممە پىرونت ئۈچۈن، ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئىنقىلابنىڭ بۇ باسقۇچىدا، شۇ چاغدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى روھانىي مۇتەئەسسىپلەر گۇرۇھى



بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئىلغار ئىنقىلابىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا، ئىنقىلابنىڭ يۆنىلىشى، نىشانى ئۈستىدە كەسكىن كۈرەشلەر بولدى. ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى روھانىيلار گۇرۇھى شىنجاڭدا ئاتالمىش ئىسلام جۇمھۇرىيىتى (ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ، ھەممە ئىشنى ئىسلام قائىدىسى بويىچە باشقۇرىدىغان، قۇرئاننى ئاساسىي قانۇن ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنى قىلىدىغان ھۆكۈمەت) قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ بولسا، جاھانگىرلارغا، بولۇپمۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىپ، بۇ يەرنى گۇڭچەنداڭغا، كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بازىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت سۈيىقەستىگە پايدىلىق ۋە شۇنىڭغا خىزمەت قىلىدىغان ئەكسىيەتچى تەشەببۇس ئىدى، شىنجاڭنى ۋەتەننىڭ قوينىدىن ئايرىپ جاھانگىرلارغا تۇتۇپ بېرىدىغان تەشەببۇس ئىدى. شۇڭا ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىلغار ئىنقىلابىي گۇرۇھ بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى ۋە بۇ تەشەببۇسنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى دەل ۋاقتىدا خەلقى - ئالەم ئالدىدا پاش قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بەردى، ئاخىردا (1946 - يىلى 5 - ئايدا) ئېلىخان تۆرىنى ھاكىمىيەت ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئىنقىلابنىڭ مېۋىلىرىنى قوغداپ قالدى ۋە ئىنقىلابنىڭ توغرا يول بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى ئىمكانىيەت، پايدىلىق شەرت - شارائىت ياراتتى.

2 - باسقۇچ — ئۇرۇشنى توختىتىپ، گومىنداڭ بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزگەن كۈندىن باشلاپ 1948 - يىلى 8 - ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»

قۇرۇلغىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ باسقۇچتا گومىنداڭ بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزۈلدى، 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلدى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئۇرۇشنى توختىتىپ، تەنپەن ئۆتكۈزۈشكە كىرىشكەن ۋاقىتتا ماۋجۇشى بىلەن جۇزۇڭلى چۇڭچىڭگە بېرىپ جياڭ جيېشى بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىت ئىدى، ئىككى تەنپەننىڭ مۇنداق بىر ۋاقىتتا بولۇشى مىنىڭچە تەسادىپى توغرا كېلىپ قالغان ئىش ئەمەس. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىغى ئۈچۈن پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىش.

بۇ باسقۇچتا تۆۋەندىكى مۇھىم ئىشلار ئىشلەندى:

1) ئۈچ ۋىلايەتتىكى مۇتەئەسسىپلەر گۇرۇھىنىڭ باش ۋەكىلى ئېلىخان تۆرە ئاغدۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىغىدىكى ئىلغار گۇرۇھ رەھبەرلىك يادروسىدا ئومۇمى يۈزلۈك ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنى مۇستەھكەملەندى.

ئۈرۈمچى ۋە باشقا رايونلاردىكى ئىنقىلاۋى تەشكىلاتلار خەنزۇ ئىنقىلاپچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسى تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىشىش ئىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

2) جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. بۇ بولسا تارىختىكى ئەڭ مۇھىم ۋەقە بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كۆچۈپ، ساغلام تەرەققى قىلىشىدا ئىنتايىن زور رول ئوينىدى.

3) ئىنقىلاپنىڭ 1 ـ باسقۇچىدا ئۆتۈلگەن بەزىبىر



خاتالىقلار تەكشۈرۈلۈپ تۈزىتىلدى. ۋەتەننىڭ بىرلىگى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغى تەربىيىسى يولغا قويۇلدى ۋە كۈچەيتىلدى.

4) گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۆرەش توختىتىلىپ، سىياسى كۆرەش ئەۋج ئالدۇرۇلدى، گومىنداڭنىڭ بىتىمنى بۇزغان جىنايەتلىرى پاش قىلىندى. ئامېرىكا، ئەنگىلىيە جاھانگىرلىرى تەربىيىلەپ، ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، خەلقنىڭ شىللىسىغا مىندۈرگەن مەسئۇت باشچىلىغىدىكى پانتۈركىستلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئېچىپ تاشلاندى،

5) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى بىلەن پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئارىسىدا چوڭ ئويغىنىش مەيدانغا كەلدى، ئىنقىلاپ يالقۇنى يەتتە ۋىلايەتكە تۇتاشتى. شۇنىڭ بىلەن يەتتە ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرىشى تېخىمۇ يۇقۇرى باسقۇچقا كۆتىرىلدى.

6) ئوسمان، قالىبېك قاتارلىق باندىتلارنىڭ توپىلاڭلىرىغا ۋە ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى ھەركەتلىرىگە قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلاۋى ھاكىمىيەت قوغداپ قېلىندى.

3 ـ باسقۇچ 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «شىنجاڭدا تېچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن تارتىپ شىنجاڭ تېنچ يول بىلەن ئازات بولغانغا قەدەر بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ بۇ باسقۇچى ئىنتايىن مۇھىم باسقۇچ بولۇپ، بۇ دەۋردە ۋەزىيەتتە ناھايىتى چوڭ بۇرۇلۇش

مەيدانغا كەلدى ۋە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. ئۇنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلاتى، خەلقچىل ئىنقىلاۋىي پارتىيە قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە ئۇرۇمچىدىكى بەزى ئىلغار تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرگە، يۇقۇرى ئابرويغا ئىگە سىياسى تەشكىلات «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەشلەرگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان ھەم ئۇنى تەشكىللەيدىغان نوپۇزلۇق ۋە يۇقۇرى ئىناۋەتكە ئىگە سىياسى كۈچ — مىللى دېموكراتىك بىرلىكسەپ تەشكىلاتى مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭغا خەلقنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە سۆيۈملۈك رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى رەئىس بولۇپ سايلاندى.

بۇ تەشكىلات ئازاتلىقتىچە بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇن جەڭگىۋار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ ئىنقىلاپقا ئۈچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەركىزىي تەشكىلى ھەيئىتى مىللى مەسىلىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن كۆڭۈل بۆلدى ۋە دىققەت قىلدى، مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى قاتناشتۇرۇپ كۆپ قېتىم مەجلىس ئۆتكۈزدى.

مەسىلەن: 1949 - يىلى مايدا غۇلجا شەھرىدىكى مەسئول كادىرلار، ھەر بىر ناھىيىلىك ئىتتىپاقنىڭ مەسئوللىرى



ۋە ئىتتىپاق ئاكتىپلىرىنىڭ چوڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، مەخسۇس مىللى مەسىلە ئۈستىدە دوكلات بەردى. ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مىللى مەسىلىدە ئۆتكۈلگەن خاتالىقلارنى تەكشۈردى ۋە ئۇنى تۈزىتىشنىڭ چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىتتىپاق ئەزالىرى خەلق ئاممىسى ئىچىدە مىللى ئىتتىپاقلىق تەربىيىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1949 - يىلى ئاۋغۇستتا ئىتتىپاقنىڭ مەركىزىي تەشكىلى ھەيئىتى 30 - سانلىق ھەيئەت يىغىنىنى ئېچىپ، مىللى مەسىلە ۋە مىللى ئىتتىپاقلىق ئۈستىدە مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ مۇنداق ئۈچ ماددىلىق قارار قوبۇل قىلىندى:

1. مىللى زىددىيەت ئوتىنى ياققۇچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەركىتى، مىللى ئازاتلىق ئىنقىلاۋىمىزنىڭ ئۇتۇقلىرىغا قارشى قارىتىلغان ۋە بىزنىڭ خەلقچىللىق يولىمىزدا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەركەت دەپ تونۇلسۇن.

2. باشقا مىللەتنى ھاقارەتلەش، بوزەك قىلىش، مىللى ئۆرپ - ئادەتلەرنى مەسخىرە قىلىشقا ئوخشاش ھەركەتلەر قەبىھ جىنايەت دەپ تونۇلسۇن.

3. مىللى زىددىيەت ئوتىنى ياققۇچى ئۇنسۇرلارغا قارشى ئەمەلدە، سۆزدە كۆرەش ئېلىپ بېرىش — ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ ۋە ھەر بىر ئىتتىپاق ئەزاسىنىڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇقەددەس ۋەزىپىسى ئىكەنلىكى تەكىتلىنىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەمەلى ھەركىتىدە ناتوغرى ھەركەتلەرگە قارشى رەھىمسىز كۆرەش ئېلىپ بېرىش تاپشۇرۇلسۇن...... خەلقنى مىللى دوستلۇق ۋە مىللى باراۋەرلىك روھىدا تەربىيىلەشتە

ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ زېرىكمەي ئىشلەشلىرى ۋە تەشۋىق-تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشى ۋە ئۇنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشى تاپشۇرۇلسۇن.

2) پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە، جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىغە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شانلىق غەلبىلىرى، گومىنداڭنىڭ مەغلۇبىيىتى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىندى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلبىلىك ھالدا شىنجاڭغا يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن زۆرۈر تەييارلىق ئىشلىرى ئىشلەندى. پۈتۈن شىنجاڭ ئازات قىلىنغاندىن كېيىن ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەرگە پۇختا تەييارلىق قىلىندى.

3) مىللەتچىلىك، پان ئىسلامىزىم، پانتۈركىزىم ئىدىيىلىرىگە قارشى كۈرەش تېخىمۇ كۈچەيتىلدى.

4) ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە شۇ چاغدىكى ئەھۋالغا مۇۋاپىق ھالدا بەزى ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ مەدەنىي-مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەر ئىشلەندى، بىر تۈركۈم ياش كادىرلار يېتىشتۈرۈلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش»، «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» دېگەنلەرگە ئوخشاش مۇستەقىللىق خاراكتېرىدىكى شۇئار ۋە «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دېگەندەك دىنىي تۈس ئالغان كۈرەش شۇئارلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بىر مەزگىل شۇ شۇئارلارنىڭ روھى بويىچە ئىش ئېلىپ



بېرىلغان ئىدى، بۇ — تارىخىي ئەمەلىيەت. بۈگۈنكى كۈندە «ئۇنداق ئەمەس» دېيىش ئەينى تارىخنى بۇرمىلاپ كۆرسەتكەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەقىقىي ماركسىزمچىلارنىڭ پوزىتسىيىسى ئەمەس، شۇ دەۋردىكى تارىخىي رېئاللىق قانداق بولسا ئۇنى شۇ پېتى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مىللىي مەسىلىدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىقلارنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە بۇ خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئېنىق كۆرسىتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى توغرا چۈشىنەلىشىگە ۋە ئۆز ئارا ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ كېلىپ چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ ھەمدە تارىختىكى ساۋاقلارنى ياخشى خۇلاسىلىغىلى بولىدۇ.

مېنىڭچە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىستىقلالىيەت خاراكتېرىدىكى مىللىي دىنىي تۈس ئالغان شۇئارلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى — ھەرگىزمۇ ئىنقىلاپچىلارنىڭ شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگودىن ئايرىۋېلىشنى ئىستىگەنلىكىدىن ئەمەس. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاپچىلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ ۋەتەن قوينىدىن ئايرىلىپ يەككە-يېگانە ياشاش نەتىجىسىدە جاھانگىرلارغا يەم بولۇپ كېتىشىنى، چەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا چۈشۈپ كېتىشنى خالىمايدۇ. يۇقىرىقى شۇئارلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت، تارىخىي شارائىت بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇ، ئىنقىلاپنىڭ بۇ باسقۇچىدا خەلقنى ھەركەتكە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاپنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا

ۋاقىتلىق قوللىنىلغان تاكتىكا ئىدى.

فېئودال - پومېشچىكلار ۋە دەللال بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى دەھشەتلىك تۈردە ئېزىلگەن، خورلانغان، ئىنسانىي ھوقۇقىدىن تامامەن مەھرۇم قىلىنغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ ۋە باشقا ئازسانلىق مىللەت خەلقىگە ئوخشاشلا بۇ دەھشەتلىك ئېزىلىشتىن، قۇللۇق تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئۇزۇن يىللار ئىزدىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ خەلقىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلارغا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنى قانات يايدۇرغان بولسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاپ يولىغا ماڭدى. مۇشۇ يول بىلەن قۇللۇقتىن، مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشمەكچى بولدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى خەنزۇ مىللىتى تەشكىل قىلىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمران گۇرۇھمۇ ئاساسەن خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان. شۇڭلاشقا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى گومىنداڭغا قارشى قوزغالغان ئىنقىلاپنىڭ خەنزۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋى بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى بولغان كوممۇنىستلار پارتىيىسى ئۇ يەردىكى خەلق ئىنقىلاۋىغا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا رەھبەرلىك قى-



لىپ، ئىنقىلاپنى توغرا يولغا باشلاپ ماڭدى.

رايونىمىز شىنجاڭ بولسا، بەزى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ شېڭ شىسەيگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مىللەتارىستلىق سىياسىتى نەتىجىسىدە، باشقا ئۆلكىلەرگە نىسبەتەن ئالاھىدەرەك رايون بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەينى دەۋردە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كېيىنكى يىللاردىكىدەك مۇنداق قويۇق بولۇپ كېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ يىراق چېگرىسىغا جايلاشقان، قاتناش ئىشلىرى قولايسىز، ئىقتىسات، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان بىر ئۆلكە ئىدى.

ئىككىنچىدىن، شىنجاڭدىكى خەلقنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خۇيزۇ، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، شىبە قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئەينى زاماندا بۇلار ئۆلكە نوپۇسىنىڭ 94 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان خەلقلەر ئىدى. خەنزۇلار بولسا ناھايىتى ئاز بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئاھالىنىڭ پەقەت 6 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇلارنىڭ كۆپچىلىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، پۇقرالار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەھەر رايونلىرىغا جايلاشقان. بەزى رايونلاردا، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا خەنزۇ ئاھالىسى يوق دېيەرلىك ئىدى.

دىمەك گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان شىنجاڭدىكى ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلى-

گى (94 پىرسەنتى) ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر بولغانلىقتىن بۇ يەردىكى ئىنقىلاپنىڭ ئاساسىي قوشۇنى يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت خەلقىدىن تەشكىل تېپىشى ھەمدە بۇ ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپتە مىللىي ۋە دىنىي تۈس ئېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شىنجاڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا بىرىنچىدىن باشقا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، شىنجاڭ رايونىدا ئىنقىلاپقا توغرا نىشان كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىچكى ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىلى يوق ئىدى. 30-يىللارنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىق شارائىتى ئاستىدا بىر مۇددەت ئىشلەپ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاتتىق توسقۇنلۇقى بىلەن ئۇلارنىڭ شىنجاڭ رايونىدا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشى، يەرلىك خەلق ئارىسىدا پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە كەڭ-كۇشادە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن بولمىدى. كۆپ ئۆتمەستىنلا مىلىتارىست شېڭ شىسەي، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق پېشقەدەم مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى ۋەھشىيلەرچە زىيانكەشلىك قىلىپ يوقىتىۋەتتى.

شىنجاڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان رايون بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە سانائەت ئىشچىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە فېئوداللىق ۋە دىنىي خۇراپات ئېغىر ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا ئىنقىلاپتا كوممۇنىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى.



گەرچە ئۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېگ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، دەلىلقان، سەيپۇللايوپ، ئەسئەت ئىسھاقوپ، قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئىسمايىل ياسىنوپ، ئەنۋەرخان بابا، ئابلىمىت ھاجىيوپ، لوجى قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ھەمدە چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ، پېشقەدەم ئىنقىلاپچىلارنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان كوممۇنىزم ئىدىيىسىدىكى بىر تۈركۈم ياشلىرىمىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى چەكلىك ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئىلغار ئىدىيىنى يېتەكچى قىلغان «ياشلار تەشكىلاتى»، «خەلقچىل ئىنقىلاۋىي پارتىيە» قاتارلىق ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلار قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ گۇڭچەنداڭنىڭ ئورنىنى دەسسىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇڭا خۇددى تارىختا ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆتۈرۈلگەن تەيپىڭ-تيەنگو، يىخېتۇەن قاتارلىق خەلق قوزغىلاڭلىرىدىكىگە ئوخشاش بەزى دىنىي شوئارلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تەبىئىي ئىدى. مەسىلەن: «ھوببۇل ۋەتەن مىنەل ئىمان» («ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر»).

بۇ شوئارلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جەريانىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئارمىيە ۋە خەلقنى قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق روھى بىلەن تەربىيىلەش ئارقىلىق ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىدى.

مىللىي زۇلۇم، سىنىپىي زۇلۇم بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن،

مىللى تەڭسىزلىك ۋە مىللى كەمسىتىش ئەۋج ئالغان، شۇڭا مىللى زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئاساسىي مەسىلە بولۇپ قالغان شىنجاڭدا، مۇشۇنداق ئارقىدا قالغان فېئوداللىق جەمئىيەتتە مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق دېموكراتىيىسى، سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشلۈك يول ئېچىش ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئاكتىپ ۋە ئىجابىي رول ئوينايدىغان ھەر قانداق شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش مېنىڭچە خاتا ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابنىڭ باسقۇچلۇق نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەلىماتلىرىغا تامامەن ئۇيغۇن. بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇنقى ئەھۋالغا بۈگۈنكى دەۋر كۆزى بىلەن قارىساق، مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز ھەم چۈشىنەلمەيمىز.

بۇ يەردە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇ ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى.

بۈگۈنكى كۈندە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇنى كۆتۈرۈپ چىقىش ۋە ئۇنى رېئال تۇرمۇشتا قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىش توغرا ئەمەس، بەلكى ئەكسىيەتچىلىك. لېكىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا بۇ ئاتالغۇنىڭ قوللىنىلغانلىقى، يەنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپتە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» دەپ ئاتالغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇنىڭدەك ئۈچ ۋىلايەتتە نەشر قىلىنغان گېزىتلەرنىڭ «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» ياكى «ئازات شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامدا چىقىرىلغانلىقى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» دەپ ئاتالغانلىقى



بۇ ھەممىسى تارىخىي پاكىت. شۇ چاغلاردا نەشر قىلىنغان گېزىت-ژۇرنال، ئالاقە-ھۆججەتلەر ۋە ئەينى ۋاقىتتا قۇرۇلغان تەشكىلاتلارنىڭ پروگراممىلىرى ئارخىپ ئىدارىسىدا ھېلىمۇ ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ، بەزى شەخسلەرنىڭ قولىدىمۇ بار. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى يوشۇرۇشنىڭ، ئۆزگەرتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ مۇشۇنداق قىلساق ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دەخلى-تەرۇز يېتەرمۇ؟ مېنىڭچە ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. تارىختا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلارنى، ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىت بويىچە ۋاقىتلىق قوللىنىلغان بەزى ئاتالغۇلارنى بۈگۈنكى كۈندە تىلغا ئالساق ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيان يېتىدۇ، دەپ قاراش — مېنىڭچە بۇ بالىلارچە قاراش، ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنىلىك، خەلققە ئىشەنمەسلىك.

بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بەزىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاجىز ئەمەس، خەلقىمىز ئۇنداق نادان ئەمەس، ئازات بولۇپ 35 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە تەڭلىك-باراۋەرلىك، بەخت-سائادەتلىك يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن، نۇرغۇن ئىسسىق-سوغاقنى، بوران-چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ھەر جەھەتتىن چېنىققان، پارتىيە تەربىيىسىدە ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا نۇرغۇن تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئىگە بولغان، توغرا بىلەن خاتانى، ئاق بىلەن قارىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق پەرق قىلالايدىغان بولۇپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كىشىلەر توغرا چۈشىنەلەيدۇ. مەن بۇ گەپنى قىلىۋاتـ

قاندا مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسىنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن، ئەلۋەتتە. دەرۋەقە، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بۇنى يامان غەرەز بىلەن كۆتىرىپ چىقىش ئېھتىماللىقىمۇ يوق ئەمەس. بۇ تەرەپكىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن 30 نەچچە يىللىق تەجرىبىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەلا، ئۆزلىرىنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولۇپ توغرا يولغا — سوتسىيالىزىمغا باشلاپ بارىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا يولنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئۇنىڭ سەۋىۋىنى ئوبدان چۈشەنگەن خەلق ئاممىسى ئۇنداق خاتا يولغا مۇتلەق ماڭمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. شۇڭا بىز ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن خەلق ئاممىسىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

مەن تارىخچى ئەمەسمەن، لېكىن شۇ تارىخنى ياراتقۇچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاددى بىر ئەزاسى ھەم ئۇنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ مەسىلىگە قارىتا يۇقۇرقى قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مېنىڭ بۇ قارىشىمدا خاتالىق ياكى بىر تەرەپلىمىلىك بولسا يولداشلارنىڭ تەنقىت قىلىپ تۈزىتىشىنى سورايمەن.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، گەرچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا «ئىستىقلاللىيەت ئۈچۈن كۈرەش» شۇئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش» دېگەن مۇنداق شۇئار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەس. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش بىلەنلا ئېلان قىلىنغان دېكلاراتسىيىدە، مىللەت ئايرىلمايدۇ، ھەممە مىللەت باراۋەر دەپ ئېنىق جاكالانغان. ھەقىقى ئەھۋالنىڭ



زادى قانداقلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىسىنىڭ گومىنداڭدىن ئازات قىلىنغان ۋاقتىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ئۆتەيلى:

سۈيدۈڭ ناھىيىسى ئىلى ۋىلايىتى بويىچە، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە چوڭ ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا ئۇ يەردە تەخمىنەن 50 مىڭغا يېقىن خەلق ياشايتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭغا يېقىن خەنزۇ ئاھالىسى بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسنىڭ 20 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى.

1944 - يىلى نىلقا خەلقى قوزغىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەندىن كېيىن، كۆپ ئۆتمەي سۈيدۈڭ ناھىيىسىدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربى - مەمۇرى ئەمەلدارلىرى خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىنى شەھەر سىرتىدىن مەجبۇرى سىپىل ئىچىگە كىرگۈزۈۋېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋالدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پارتىزانلار ئىلى ۋىلايىتى بويىچە مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ يولىدىكى لوسىگۇ رايونىنى ئىشغال قىلدى. لوسىگۇ ئىشغال قىلىنغان چاغدا، رايونلۇق پەيچۇسونىڭ سوجىڭى ۋە بىر نەچچە ساقچى ھەم رايون باشلىقى ھەممىسى بولۇپ 5 ~ 6 كىشى پارتىزانلىرىمىزغا قارشىلىق كۆرسىتىپ تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېتىپ تاشلانغاندىن باشقا بىرمۇ خەنزۇ ئاھالىسى ئۆلتۈرۈلمىدى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىدى. ۋاھالەنكى لوسىگۇ رايونى سۈيدۈڭدىكى چوڭ رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، خەنزۇ ئاھالىسى خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى، يەنى مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ ئاھالىسى بار ئىدى. بۇ يەردىكى خەنزۇلار ئۇزۇن زا-

مانلاردىن بىرى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، رۇس، تاتار خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە دېخانچىلىق ۋە سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ھەم ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتكەن. شۇڭا ئۇرۇش مەزگىللىرىدە بۇ يەردىكى خەنزۇ ئاھالىلىرى ئىنقىلاپنى قوللىدى. ئۇلار باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا پارتىزانلىرىمىزغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاشلىق ۋە ئوت-چۆپ ياردەم قىلدى. شۇڭا ئۇلار ئىنقىلاپ كۈنلىرىدىمۇ خاتىرجەم ھالدا ئۆز كەسپلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، زىيان-زەخمەتكە ۋە چەتكە قېقىلىشقا ئۇچرىمىدى.

سۈيدۈڭ شەھرىنى ئازات قىلىشتا ئىلاجى قىلىپ قان تۆكمەستىن تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىشقا ھەركەت قىلىندى.

بۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ سۈيدۈڭ شەھەر ئىچىدىكى ھەربى كۈچى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ساقچىلىرى قوشۇلۇپ 100 گە يەتمەيدىغان ھەربى كۈچى بار ئىدى.

بىزنىڭ ھەربى قورال-ياراقلىرىمىز گەرچە ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن قىلىچ، نەيزە، كالتەك-چوماقلار بىلەن قوراللانغان پارتىزانلىرىمىزنىڭ سانى بىر قانچە مىڭغا يېتەتتى. شۇڭا شەھەرنى بىرلا ھۇررا بىلەن بىر سائەت ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە بولاتتى. لېكىن بىز شەھەر ئىچىدە خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ كۆپلىگىنى نەزەردە تۇتۇپ (بۇ يەردە تەخمىنەن 6 مىڭدىن كۆپرەك خەنزۇ ئاھالىسى بار ئىدى) ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە شەھەرنى سوقۇشماستىن تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىشقا چارە-تەدبىر ئىزدىدۇق. دۈشمەننى تەنپەن قىلىشقا كۆپ قېتىملاپ دەۋەت قىلدۇق، شەھەر ئىچىگە ئارقا-ئارقىدىن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقاتتۇق، گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش ۋاق-



تىدىكى زىخۇيبۇسىغا خەت يازدۇق، ئۈچ نۆۋەت تەنپەن ئۆتكۈزۈشكە ۋەكىل ئەۋەتتۇق.

بىرىنچى قېتىم 5 نەپەر ۋەكىل ئەۋەتكەن ئىدۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە لوسىگۇلۇق يۈ تەيشاڭ ئىسىملىك بىر خەنزۇ، سۈيدۈڭنىڭ ئۆزىدىن شاياخۇن، سايىت شاڭزۇڭ قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى بار ئىدى. ۋەكىللىرىمىزنى دۈشمەن تەرەپ شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگۈزمىدى، ئۆزلىرى ۋەكىل چىقىرىشقا ئۇنىمىدى. تەنپەن ئۆتكۈزۈشنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىپ، سېپىل ئۈستىدىن ۋەكىللىرىمىزگە قارىتىپ ئوق چىقاردى ۋە بىرەيلەننى يارىدار قىلدى.

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەسۇم شاڭيو بىلەن ئىككى نەپەر خەنزۇنى يەنە ۋەكىل قىلىپ شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا ئەۋەتتۇق، بۇ قېتىمقى ۋەكىللىرىمىز شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىشىغىلا ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى (شەھەر ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن گومىنداڭچىلار مەسۇم شاڭيونى گومىنداڭ تۈرمىسىدىكى 35 نەپەر مەھبۇس بىلەن بىللە ۋەھشىلەرچە قىيناپ، پۇت-قوللىرىنى باغلاپ، ئاخىرى تامغا باستۇرۇپ، قۇدۇققا، ھاجەتخانىلارغا تاشلىۋەتكەنلىكى مەلۇم بولدى).

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر نەچچە گومىنداڭچىلارنىڭ تەنپەنگە كېلىشىنى سەۋىرچانلىق بىلەن كۈتتۇق، خەت يازدۇق، يەنە تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقاتتۇق. بۇ خىل چارىلىرىمىز ئۈنۈم بەرمىدى. شۇنداق بولسىمۇ 3-قېتىم 5 كىشىدىن تەركىب تاپقان يەنە بىر ۋەكىللەر ئۆمىگىنى ئەۋەتتۇق. بۇلار قورغاسلىق جاڭ جىنشەن، ليۇ جىخى (خەنزۇ)، تۇرسۇن شاڭزۇڭ، لى-

خوۋيچاڭ (خەنزۇ)، يەنە بىر شۇۋەدىن تەشكىل قىلىنغان ئىدى. ئەلچىلىرىمىزنىڭ تەنپەن قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى گومىنداڭچىلار بۇ قېتىممۇ ئىنتايىن قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى. خەۋەر يەتكۈزۈشكە ۋەكىللەردىن پەقەت بىرسىنىلا قويۇۋېتىپ قالغان ۋەكىللىرىمىزنى تۇتىۋېلىپ قاماپ، ۋەھشىلەرچە قىينىدى. ۋەكىللىرىمىز ئۆلۈم تەھدىدى ئاستىدا قالغاندا گومىنداڭنىڭ سۇيدۇڭ ناھىيىلىك قورچاق پوچتىخانىسىنىڭ باشلىقى گو مىنلىڭ ۋە باشقا يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن ھەم كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغان، ئۆيىدە باققان. شەھەر ئازات قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋەكىللىرىمىزگە ئۇلار ئوبدان غەمخورلۇق قىلىپ تۇرغان.

گومىنلىڭ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا ئىدارىسىدا، ئۇ شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «1944 - يىلى 10 - ئايلاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ بورىنى بىر مۇنچە يەرلەرنى ئازات قىلىپ سۇيدۇڭغا يېتىپ كەلگەندە، ئىنقىلاپچىلار خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە زىيان-زەخمەت يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قورغاس ناھىيىسىدىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن جاڭ جىنشەن، ليۇ خوۋيجاڭ، تۇرسۇن شاكىرۇڭ، يەنە بىر شۇۋە بولۇپ 3 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 5 كىشىلىك تەنپەن ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، قورچاق شەنجاڭ جۇجىنشاڭ، چېگرا قاراۋۇل دادۈينىڭ دۈيجاڭى ليۇ ۋىنجىلاردىن تەركىب تاپقان شەھەرنى قوغداش قوماندانلىق ئىشتاۋى بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شەھەر ئىچىگە كىرگۈزگەن ئىدى، گومىنداڭ تەرەپ تەنپەننى رەت قىلدى. تەنپەن ۋەكىللىرىدىن بىر



كىشىنى خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن قويۇۋەتكەندىن باشقا قالغان 4 كىشىنى تۇتۇپ قېلىپ نەزەربەنت قىلدى. گومىنداڭ تەرەپ ئىدارە باشلىقلىرىنى چاقىرىپ، مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مەخسۇس يىغىن ئاچتى. تەنپەنگە شەھەرنى قوغداش قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ باشلىقى ليۇۋىنجى ھەم ماۋىگۇڭ ئىككىسى رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا ئىنقىلاپچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ئېتىپ تاشلاش ئارقىلىق ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنى قارار قىلدى. لېكىن قورچاق پوچتا ئىدارىسى، تېلېگراف ئىدارىسى، باج ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ھەم بەزى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش قىلماي مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى — تەسلىم بولمىغان تەقدىردىمۇ ۋەكىللەرنى قويۇپ بېرىشنى، قويۇپ بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلدى. ئەگەر يىغىننىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ھازىر تەگمەي كېيىن بىر تەرەپ قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن 4 ۋەكىل ئامان قالدى. ئاسماننى قارا تۈتەك قاپلىغان شۇ ئېغىر كۈنلەردە ۋەكىللەر ئاچ - يالىڭاچلىق ۋە سوغاقنىڭ ئازاۋىدىن ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان ئىدى. شۇ چاغدا مەن (گومىنلىڭ) ھاياتىمنىڭ خەۋپىگە قارىماي بۇ ۋەكىللەرگە 2 قوينىڭ گۆشى، بىر خالتا ئۇن، كۆمۈر، قەن قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەل قىلىپ يەتكۈزۈپ بەردىم، ۋەكىللەر تاماقنى ئۆزلىرى ئېتىپ يەپ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى، 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سۇيدۇڭ ئازات بولدى. ئىنقىلاۋىي ئارمىيە ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىن بۇ ۋەكىللەرنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىپ

ئىنقىلاپنى زۆرۈر بولمىغان زىيانلاردىن خالىي قىلدى».

دېمەك، بىز سۈيدۈڭ شەھرىنى تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىش ئۈچۈن، شۇنچە چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۇزاق مۇددەت شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان بولساقمۇ، لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ جاھىللىق مەيدانىدىن قايتمىدى، ئاخىرى 58 كۈنلۈك مۇھاسىرىدىن كېيىن 1944-يىلى 12-ئاينىڭ 28-كۈنى سېپىلنىڭ بىر چېتىنى پارتلىتىپ ھەممە تەرەپ-تەرەپتىن شوتا بىلەن سېپىلگە چىقىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلدۇق.

بۇ ۋاقىتتا يەنە قان تۆكۈلۈشتىن، بىگۇناھ خەلققە زىيان-زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى تەرىپىدىكى چوڭ يولنى ئېچىپ قويۇپ، قاچقانلارغا ئوق چىقارماستىن يول بەردۇق. نەتىجىدە دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسمى ۋە ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار قېچىپ كەتتى. گومىنداڭنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتىغا ئالدىنىپ قالغان بىر قىسىم خەنزۇ ئاھالىلىرىمۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئەگىشىپ قاچتى. قاچقانلارنىڭ بىر قىسمى كۈرە شەھىرىنىڭ سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالدى، بىر قىسمى ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتى.

شەھەر ئازات قىلىنغاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىمىزچە، شەھەر ئىچىدە بىر مۇنچە ئادەم چىقىم بوپتۇ، ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىنغان ئۆي-ئىمارەت، مال-مۈلۈكلەر ئاز ئەمەس ئىكەن.

دېمەك، سۈيدۈڭ شەھرىنى ئازات قىلىش ئۇرۇشىدا ۋەيرانچىلىق ۋە ئادەم ئۆلۈش ئىشى نىسبەتەن ئېغىرراق بولغان ئىدى. بۇ پاكىت، بۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. نىمە سەۋەپ-



تىن شۇنداق بولدى؟ بۇنىڭ سەۋەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) سۈيدۈڭ شەھەر ئىچى قامال قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان گومىنداڭ ھەربىي، مەمۇرلىرى شەھەر خەلقىگە كۆپلەپ قورال تارقاتقان ھەم كۆپلەپ تەتۈر تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. پارتىزانلىرىمىزغا قەبىھ بوھتانلارنى چاپلاپ، ئۇلارنى خەلققە يىرتقۇچ ۋەھشى ھايۋان تەرىقىسىدە كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ تەشۋىقات مەزمۇنى «قىزىل پاچاق ئوغرىلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالماسلىقىمىز لازىم، قولىغا چۈشۈپ قالغانلارنى جادۇغا بېسىپ، ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرىدۇ. كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدۇ، شۇڭا تەسلىم بولماي ئاخىرغىچە ئېلىشىشىمىز كېرەك. زادى بولالماي قالغاندا، ئۆي-ئىمارەت، مال-مۈلۈكلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىمىز، ئوغرىلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىكىمىز لازىم» — دېگەنلەردىن ئىبارەت.

گومىنداڭنىڭ بۇ خىل تەتۈر تەشۋىقاتىغا ئالدىنىپ قالغان بىر مۇنچە خەنزۇ ئاھالىلىرى، پارتىزانلىرىمىز شەھەرگە ھۇجۇم باشلىغان ۋاقىتتا، ئۆي-ئىمارەتلەرگە ئوت قويۇپ، ئۆزىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈۋالغان، (بەزىلىرى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان. بەزىلىرى ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان). دېمەك بىگۇناھ خەلقنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشىغا ۋە شەھەردىكى ۋەيرانچىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەكسىيەتچىلەر ئۈستىدىن ئىسيان كۆتەرگەن ئىنقىلاۋىي خەلق ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەل ئۆزى سەۋەپچى بولغان.

2) بىر-بىرىگە دۈشمەن ئىككى تەرەپ قولىغا قورال

ئېلىپ ئۇرۇش ئاچقاندا ھەر ئىككىلا تەرەپتىن بەلگىلىك نىسبەتتە ئادەمنىڭ چىقىم بولۇشى تەبىئىي. ئۇرۇشتا ئادەم ئۆلۈش ئىشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ئازاتلىق ئۇرۇشىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق ئازاتلىق ئۇرۇشتا، بولۇپمۇ بىر مۇنچە چوڭ جەڭلەردە ئۆلگەن ئادەم سانى خېلى كۆپ بولدى. بۇ خىل ئەھۋال گومىن-داڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، جاھىل-لىق بىلەن ئازاتلىق ئارمىيىمىزگە قارشى تۇرغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

3) سۈيدۈڭ شەھرى ئازات قىلىنغان چاغلاردا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ تېخى رەسمىي مۇن-تىزىم ئارمىيىسى قۇرۇلمىغان، قوراللىق كۈچىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆزلىگىدىن ئۇيۇشۇپ، ئىختىيارى تەشكىللەنگەن، كۆپ قىسمى ئادەتتىكى يەرلىك قوراللار بىلەن قوراللانغان پارتىزانلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىلاۋىي سېپىمىزگە، بولۇپمۇ شەھەرنى ئازات قىلىش ئۇرۇشىغا يامان غەرەز بىلەن قاتناشقان يامان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ئادەملەر بىر قىسىم خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ ناھەق ئۆلۈپ كېتىشىگە ۋە تۇرمۇشتا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىشىغا سەۋەبچى بولدى.

سۈيدۈڭ شەھەر ئىچىنى ئازات قىلىش كۈرىشىدە گەرچە يۇقۇرقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپرەك ئادەم چىقىم بولۇش، ئۆي - ئىمارەتلەر ۋەيران بولۇش ھادىسىسى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۈرەنى ئازات قىلىش ئىشى تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى.

سۈيدۈڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق كۈرە رايونى سۈيدۈڭدىن



قالسىلا خەنزۇ ئاھالىسى كۆپرەك جايلاشقان (3 مىڭدىن ئوشۇق) رايون ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىزانلىرىمىز سۈيدۈڭ شەھرى-گە ھۇجۇم باشلىغان ۋاقىتتا ئۇ يەردىن قېچىپ چىققان ھەم غۇلجا شەھرىدىن قېچىپ كەلگەن گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە بىر قىسىم پۇقرالار كۈرە سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالغان ئىدى. شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق خەنزۇ ئاھالىلىرى بىلەن قېچىپ كېلىۋالغانلارنى قوشقاندا 5 مىڭدەك خەنزۇ ئاھالىسى بار ئىدى. بۇ يەردە يەنە گومىنداڭنىڭ كۈرە ئامان-لىقنى ساقلاش 4 - پولكى بولۇپ، ئۇنىڭدا 961 نەپەر ئەسكەر بار ئىدى. بىز بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ جاينى ئازات قىلىش مەسىلىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولدۇق،

ئىلقىدا خەلقىنىڭ قوزغالغانلىقىنى ئاڭلىغان گومىن-داڭنىڭ كۈرەدىكى ھەربىي - مەمۇرلىرى ئۆز ئىچىدىن قوزغىلاڭ چىقىشىدىن قورقۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى دەپ ئاتالغان ھەربىي قىسىملىرى تەركىۋىدىكى 2 ئۇيغۇر لىيەنىنى قوراللىرىنى تارتىۋې-لىپ تارقىتىۋەتكەنلىكتىن ئۇيغۇر ئەسكەرلەر شەھەر ئىچىدە ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان، ھەتتا يەيدىغان، ئىچىدىغىنى يوق نەچچە كۈن ئاچ قالغان. ئۇلار بېشىغا چۈشكەن بۇ ئېغىر كۈندىن قۇتۇلۇپ، خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقماي، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتىگە پىسەنت قىلماي، كېچىلىرى پوستىكى ئەسكەرلەر ئۇخلاپ قالغان ياكى ئۆز ئارا سۆزلىشىپ بىپەر-ۋالىق بىلەن تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سېپىلدىن سې-رىلىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چۈشۈپ قېچىپ كېلىپ پارتىزان-

لار ئەترىدىگە قوشۇلغان. مەسىلەن: تۇرغانوپ (هازىر نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدا) باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەسكەرلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قېچىپ كېلىپ پارتىزانلار ئەترىدى ئىشتاۋىغا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلغان ۋە پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇپ، ھەربىي جەھەتتە تايانچ كۈچ بولۇپ قالغان. بىز شۇلار ئارقىلىق كۈرە شەھەر ئىچىنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بىلگەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ كۈرەدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى ئۇرۇشماي تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدۇق، شەھەر ئىچىگە تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقاتتۇق، خەت يازدۇق ۋە كاناي بىلەن تەشۋىق قىلدۇق. گومىنداڭ تەرەپ ئۇنى قوبۇل قىلىپ، گومىنداڭنىڭ كۈرەدىكى سىلىڭى گاۋ، كۈرە سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى گاۋ شىڭۋۇ، 6 - بىرىگادا باشلىقى ليۇ ۋېنبىڭ قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ بەلگىلەپ شەھەر سىرتىغا بىز بىلەن تەنپەن قىلىشقا چىقاردى. تەنپەن ئارقىلىق ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدۇق. گومىنداڭ ھەربىي، مەمۇرلىرى ئالدىنقى تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئاساسىدا جەزمەن يېڭىلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ بىزگە باش ئەگدى ۋە تەسلىمنامىغا قول قويۇپ قوراللىرىنى تاپشۇردى. گومىنداڭنىڭ ئەڭ جاھىل ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن بىر قانچىسى بىر لىيەننى باشلاپ قېچىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمكان تاپالمىدى. كۈرە ئوڭۇشلۇق ھالدا تېچلىق بىلەن ئازات قىلىندى. شۇنچە كۆپ خەنزۇ ئاھالىسى بار بۇ جايدا غۇلجىدىن قېچىپ كېلىپ كۈرە شەھەر ئىچىگە كىرىۋالغان قورچاق ۋالىيدىڭ جىملى ھەم ئامانلىقنى ساقلاش بىرىگادىسىنىڭ كوماندى-



رى چىن زىلىياڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن باشقا ئادەم چىقىم بولۇش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى.

يۇقىرى قوماندانلىق ئورنىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىز مەيلى سۈيدۈڭ، مەيلى كۈرەنى ئازات قىلىش كۈرىشىدە بولسۇن، خەنزۇ ئاھالىسىغا قارىتا ھەم ئەسىرلەرگە قارىتا ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدۇق. ئۇرۇش جەريانىدا قورالنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغان دۈشمەننىڭ ھەربىي خادىملىرىغا چېقىلمىدۇق، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ئەمەلدە ئېتىراپ قىلدۇق ۋە قوغدىدۇق. كۈرەنى ئازات قىلغان چاغدا سۈيدۈڭدىن ۋە غۇلجىدىن قېچىپ كېلىپ كۈرە سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالغان گومىنداڭ ھەربىيلىرىدىن ئەسلى كۈرەدە بار ئەسكەرلىرى قوشۇلۇپ 1500 دەك كىشى ئەسىرگە چۈشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارمۇ، مەجرۇھلارمۇ بار ئىدى. بۇلارغا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈلمىدى. «كۈرەدىكى مەجرۇھلار ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى» دېگەن گەپ پۈتۈنلەي يالغان ئىدى. بىز بۇ ئەسىرلەرنى ئاشلىق، سەي بىلەن نورمىسىز تەمىنلەشتىن تاشقىرى ئۆزىمىزنىڭ ئەسكەر ۋە ساقچىلىرىمىزغا بېرىلىدىغان نورما بويىچە كۈنىگە 200 گىرام گۆش بىلەن تەمىنلىدۇق، ھەممىسىگە بىر قۇردىن كىيىم بەردۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كېيىن ماناسقا ئېلىپ بېرىپ گومىنداڭ تەرەپكە تاپشۇرۇپ بەردۇق. سۈيدۈڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا بۇ يەردىكى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان بىر مۇنچە ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار كۈرەگە قېچىپ كەتكەن ئىدى، ياكى سۈيدۈڭدە قولغا ئېلىنغان ئىدى. گەرچە بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈمگە، بەزىلىرى

مۇددەتلىك قاماققا لايىق بولسىمۇ ئۆلتۈرمىدۇق. مەسىلەن:
سۇيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شەنجاڭى جۇ شاۋياڭ، مۇئاۋىن شەنجاڭى خې جۇڭشىڭ، تېلېگىراپ ئىدارە باشلىقى خۇڭ پىڭچىڭ، بانكا باشلىقى لى جىن، سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىۇ × × قاتارلىقلار قولغا چۈشكەندىن كېيىن، بىر مەزگىل قاماپ ئاندىن قويۇپ بېرىلدى. بۇلاردىن بەزىلىرى شۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلدى، بەزىلىرى بىتىمدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كەتتى.

خەلق ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئادىل. ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ كىملىگىنى، دۈشمىنىنىڭ كىملىگىنى روشەن پەرق ئېتەلەيدۇ. دۈشمىنى ئۇنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر يوقىتىدۇ، دوستلىرىنى بولسا قوغدايدۇ. بۇ ھال سۇيدۇڭ ناھىيىسىنى ئازات قىلىش ۋاقتىدا ناھايىتى ئېنىق ئىسپاتلانغان ئىدى.

سۇيدۇڭ شەھرىگە ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم باشلىغان چاغدا بىرمۇنچە ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بىگۇنا خەنزۇ ئاھالىلىرىنىڭ زىيان - زەخمەتكە ئۇچراپ، ناھەق ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، خەنزۇ پۇقرالاردىن خېلى كۆپ كىشىلەرنى شەھەر ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ ئۆز ئۆيىدە باقتى، ئۇلارنىڭ ھاياتى، بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى.

مەسىلەن: ھاپىز ئاخۇن دىگەن بىر كىشى شىڭ تەيخۇ دىگەن بىر خەنزۇنى شەھەر ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ، شەھەر تېچلانغىچە ئۆيىدە باقتى.

شىڭ تەيخۇ ئەسلىدە سۇيدۇڭدىكى خەنزۇلار ئارىسىدا خېلى ئابرويغا ئىگە سودىگەر بولۇپ، سۇيدۇڭ مۇھاسىرىدە قالغان چاغدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھەربى، مەمۇرلىرىنىڭ «ئىسيانچىلار-



نىڭ قولىغا تىرىك چۈشكىچە ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈۋالايلى» دىگەن تەشۋىقاتىغا ئالدىنىپ قالغان. شۇڭا ئۇ مال - مۈلكىگە ئوت قويۇپ، بالا - چاقىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئاخىرى ئۆزىنىمۇ ئوتقا تاشلاش ئالدىدا تۇرغىنىدا ھاپىز ئاخۇن كىرىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئىنقىلاپچىلارنىڭ خەنزۇ پۇقرالارغا چېقىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋالغان. شىڭ تەيخۇ ھەقىقى ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، گومىنداڭنىڭ تەشۋىقاتىغا ئىشىنىش نەتىجىسىدە ئۆز بالا - چاقىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىگىگە پۇشايمان قىلىپ بىر قانچە كۈنگىچە دۈم يېتىپ يىغلىغان.

موللا ھېلىمنىڭ ئوغلى مەمتىلاخۇن شىڭ شىسەينىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، سۇيدۇڭ ناھىيىسىگە شەنجاڭ بولغان ئەن × نىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۆيىدە باققان. ئەن شەنجاڭنىڭ ئوغلى ئەن يەچۈي ئازاتلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچىدە شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھەم سايۋاغ رايون خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىرمۇ ھايات. دەم ئېلىشقا چىقتى. مۇنداق قۇتقۇزۇپ ئېلىنغانلار خېلى كۆپ.

خۇددى شۇ كۈنلەردە، يەنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى خەنزۇ قېرىنداشلىرىنى قوغداۋاتقان شۇ مەزگىللەردە سۇيدۇڭ ھەم كۈرەدە تۇردى ئاخۇن ئالمىچى، بارات تەمبۇرچى قاتارلىق ئۇيغۇرلار ئېتىپ تاشلاندى. گەرچە ئۇلارنىڭ مىللىتى ئۇيغۇر بولسىمۇ، ئۇلار خەلقنىڭ دۈشمىنى، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ دوستى ئىدى، يەنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىشپىيونى

ئىدى. ئىنقىلابچىلار ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئۆز مىللىتىمىز دەپ ئاياپ قويمىدى، بەلكى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى ئۇرۇش باسقۇچلىرىدا ۋە ئۇرۇش-تىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئىنقىلاۋىي سەپكە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ئاز ساندىكى يامان ئادەملەرگە ۋە جەمئىيەتتىكى بۇلاڭچى، ئوغرىلارغا ئىنقىلاۋىي تەرتىپنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قاتتىق چارە كۆرۈلدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى خەنزۇلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش، ئۆلتۈرۈپ قويۇشتەك جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلار ئىدى. مەسىلەن: كۈرەدە خەنزۇلارنى بۇلاپ-تالىغان ئىسمائىل ناملىق ئوغرىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. لوسىگو رايونىدا شۆبە ساقچىنىڭ × × × ناملىق ئۇيغۇر كادىرى سا فامىلىلىك بىر خەنزۇنى قورقۇتۇپ مال-مۈلكىنى تارتىۋالغىنى ئۈچۈن، ئۇنى خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاپ بىر مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى بېرىلدى. لوسىگودا يەنە جۇماقان قاتارلىقلار خەنزۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا باشلامچىلىق قىلغان جۇماقان ئېتىپ تاشلاندى، قالغان-لىرى قولغا ئېلىندى. ساقان ھاجى، مەسۇم ئاخۇن قاتارلىق پومەشچىكلار ئۆزلىرىنىڭ يېرىگە خوشنا سارجاڭگۇدە دېگەن خەنزۇنىڭ يېرىنى قوشىۋالغاندا ئۇ نارازى بولۇپ ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ 200 مو يەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. كۈرەدە بىر ئەسكەر بىر خەنزۇ ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، مۈل-مۈلكىنى بۇلىۋال-غانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا ئېتىپ تاشلاندى. ئىنقىلاۋىي تەرتىپنى مۇستەھكەملەش ئارقىلىق خەنزۇ خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە مال-مۈلكىگە بولغان ئىگىدار-چىلىق ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلدى.



ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ يولیورۇقى بويىچە ئۇرۇش ۋاقتىدا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان خەنزۇ ئاھالىلىرىنى تۇرمۇش جەھەتتىن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن ئىشلەندى. ئۇرۇشتىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي خەنزۇچە مەكتەپلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، خەنزۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. خەنزۇلار ئارىسىدىكى ئىلغار زاتلار ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. لوسىگودىكى يۇتەيشاڭ، جاۋ قاتارلىق خەنزۇلار ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ تەركىۋىگە كىرگۈزۈلدى. كېيىن رايونلۇق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان چاغدا جاۋ × × مۇئاۋىن جۇيجاڭ-لىققا بەلگىلەندى. كۈرەدىمۇ گاۋ × × قاتارلىق كىشىلەر ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئوخشاشلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئېزىلگەن، ئازاتلىققا تەشنا بولغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەنزۇ خەلقى ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلدى ۋە قوللىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەربى سەپكە قاتناشقان ياشلار ۋە شەپقەت ھەمشىرىسى بولغان قىزلارمۇ بار ئىدى. ھەتتا بەزى خەنزۇ قېرىنداشلار گومىنداڭنىڭ مۇھىم ھەربى مەخپىيىتىنى پاش قىلىپ ئىنقىلابقا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. سابىق سۈيدۈڭ ناھىيىلىك بانكىنىڭ باشلىقى لىن جىن گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى خەنزۇ بازىرىدا يەر ئاستى رادىئو ئىستانسىسى بارلىقىنى ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە كېلىپ پاش قىلدى ۋە سۈيدۈڭ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى موللام ئىبرايىموپ بىلەن بىرلىكتە غۇلجىغا بېرىپ، رادىئو ئىستانسىسى ئورۇنلاشقان جاينى كۆرسىتىپ بەردى.

يۇقۇرقى پاكىتلاردىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىللە خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ ئىنقىلاپقا ھېسداشلىق قىلغانلىقىنى ۋە قاتناشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، خەنزۇ قېرىنداشلار باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقى بىلەن بىللە مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، قولىغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشكە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا، غۇلجا، سۈيدۈڭ قاتارلىق جايلاردىكى خەنزۇلاردىن مەخسۇس خەنزۇ باتالىيون، كېيىن خەنزۇ پولكى تەشكىل قىلىندى. بۇ پولكنىڭ كوماندىرى كىرىم ھاجى (خەنزۇ)، مۇئاۋىنى مەنسۇر ل.ومىيوپ (خەنزۇ) ئىدى. (بۇ كىشى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلار تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدۇ)، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە خەنزۇلاردىن كىرىم ھاجى، يۈسۈپ ھاجىم، مەخەممەر ھاجىم قاتارلىق مۆتىۋەر زاتلار بار ئىدى. بۇ كىشىلەر ئىلى ۋىلايىتىدە ئىدارە باشلىقى ۋە مالىيە ئىدارىسىدا باش تەپتىش بولۇپ ئىشلىگەن. سۈيدۈڭ ناھىيىسى ئازات قىلىنىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغان چاغدا، ئىسمائىل ھاجىم دېگەن خەنزۇمۇ مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى. ناھىيىلىك باج ئىدارىسىغا خەنزۇلاردىن ھۇشۇزا دېگەن كىشى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئەرلى دېگەن كىشى ساقچى ئىدارە بۆلۈم باشلىقى، خەسەن دېگەن كىشى 2 - رايوننىڭ رايون باشلىقى بولۇپ سايلاندى. بىتىمدىن كېيىنكى سايلامدا مۇسا ئەرلى ھاجى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا سايلاندى، باشقا ناھىيىلىك



ئىدارىلارغىمۇ بىر قانچە خەنزۇ يولداشلار خىزمەتكە تەيىنلەندى. بىتىمدىن كېيىن مۇئاۋىن ھاكىم بولغان مۇسا ئەرلى ھاجى ھازىر قورغاس ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە. مۇندىن باشقا چىلپەڭزە (ھازىر قورغاس ناھىيىسىگە بىرلىشىپ كەتتى) ناھىيىسى قاتارلىق خەنزۇلار كۆپرەك ئورۇنلاشقان ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە خەنزۇ قېرىنداشلار ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتى. مىللىي ئارمىيە ئىشتابىدىمۇ نۇرغۇن خەنزۇ يولداشلار خىزمەت قىلدى.

ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مامىڭلىياڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن ئىدى.

دۇرۇس، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە ليۇ بىندى دېگەن خەنزۇ، غۇلجىدا دۈشمەنگە قارىتىلغان بىرىنچى ئوققا دۇچ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ خەنزۇ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك جىڭۋۇچۇ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغانلىقى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى باستۇرۇش ئۈچۈن غۇلجىغا كېلىپ ئىنقىلاپقا قارشى ھەرىكەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ئىدى.

دىمەك ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى بىر مىللەتنىڭ ئىككىنچى بىر مىللەتكە قارشى كۈرىشى بولماستىن، بەلكى ئۇ شىنجاڭدىكى بارلىق ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ جاھانگىرلىك ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي كۈرىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ھەقلىق رەۋىشتە

«جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى» دەپ ئاتالدى.

ئۇنداق بولسا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى زادى نېمە ئىشلارنى قىلدى؟ ئۇنىڭ نەتىجىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىدى؟

بۇ سوئالغا ئۆز ۋاقتىدا ئېنىق جاۋاپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنى ياخشى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا 40 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنى قايتىدىن قىسقىچە ئەسكە ئېلىپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس، بەلكى پايدىسى بار.

ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋەتىنىمىز جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، جۇڭگونىڭ ئەڭ يىراق غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ئىنقىلاۋىي بازا قۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇردى.

جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى شىددەت بىلەن راۋاجلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا يۈز مىڭغا يېقىن ئەسكىرى ۋە بىر قانچە ئون مىڭ قوراللىق ساقچىلىرى بار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھەم ئۇنىڭ جەڭگىۋار ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق تەختىگە قاتتىق تەھدىت سېلىپ تۇرغانلىقتىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئۇرۇشتا گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچى كەمچىل بولۇۋاتقان شارائىت ئاستىدىمۇ، شىنجاڭدىكى قوراللىق كۈچلىرىنى ئىچكىرىگە يۆت-



كەشكە ئامالسىز قالدى. ئەكسىچە شىنجاڭنى خەۋپلىك رايون دەپ ھېساپلاپ، ئىچكىرىدىن قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ ھەربىي كۈچنى تولۇقلىدى. دېمەك ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى گومىنداڭنىڭ زور بىر تۈركۈم ھەربىي كۈچىنى شىنجاڭدا ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇردى ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك زەربە بەردى، بۇ ئەلۋەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئىنقىلاۋىغا قوشقان ئەمەلىي تۆھپىسى، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولۇشىغا قوشقان ھەسسىسى.

1959 - يىلى 8 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ ۋاپاتىغا 10 يىل تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - سېكرېتارى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ سۆز قىلىپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي رايونلىرىدا ئىنقىلاپنىڭ بازىسىنى قۇرۇپ، جاھانگىرلارنىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىغا زەربە بەردى، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى تىزگىنلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى، بولۇپمۇ غەربىي شىمالدىكى ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە ماسلاشتى، شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ئازات قىلىنىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلىدى» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى. يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا بەرگەن بۇ باھاسى ئىنتايىن توغرا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

ھەممىگە مەلۇمكى، 1943 - يىلى مىللەتارىست شېڭ شىسەي
ئوچۇق ھالدا خائىنلىق قىلىپ، شىنجاڭنى گومىنداڭغا تاپشۇرۇپ
بەردى. ئۇزۇندىن بېرى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان
ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى كۆپ ئۆتمەي، شىنجاڭنىڭ
جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى دۇنيا كوممۇنىزىم
ھەركىتىگە ۋە سوۋېتكە قارشى بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش
مەقسىتىدە كەينى - كەينىدىن ئورۇمچىگە يېتىپ كېلىشتى.
خېلىدىن بۇيان ئۆزلىرى بېقىپ كەلگەن مەسئۇت باشچىلىـ
غىدىكى كوممۇنىزىمغا قارشى ئاگېنتلىرىنى شىنجاڭغا ئېلىپ
كېلىپ، خەلقنىڭ شىللىسىغا مىندۈرۈپ، ئۇلار ئارقىلىق
ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىزىمغا قارشى ئىستىراتېگىيىلىك پىلانىنى
ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇشتى. ئۇلار شۇ مەقسەت بىلەن
شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا غالجىرلىق بىلەن ئەكسىلـ
ئىنقىلاۋىي ھەركەت ئېلىپ باردى. بۇلارنىڭ قارا نىيىتىنى
ئېچىپ تاشلاش، ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىش شۇ مەزگىلدە
ناھايىتى مۇھىم سىياسى ۋەزىپە بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ۋەزىـ
پىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋە شىنجاڭدىكى ئىلغار كۈچلەر ھەم ئۇنىڭ
رەھبەرلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ
رەھبەرلىرى، ھەممە تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ،
نۇرغۇن ماقالە، نۇتۇقلارنى ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرـ
لىگىنىڭ قارا نىيىتىنى پاش قىلدى، ئۇنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك
پىلانىنى تارمار قىلىپ، بۇ مۇھىم چېگرا رايوننى
جاھانگىرلاردىن ساقلاپ قالدى.

گەرچە ئەينى دەۋردىكى تارىخى ۋە ئىجتىمائى سەۋەپلەر



تۈپەيلىدىن، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە دېموكراتىك ئىسلاھاتـ
لارنى ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىن بولمىغان ۋە ئۈلگۈرەلمىگەن
بولسىمۇ، لېكىن خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى دىخانچىلىق،
چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش، خەلق ئۈستىدىكى
ئېغىر باج، ئالۋاڭ - ياساقلارنى يېنىكلىتىش، مەدىنى - مائارىپ،
سەھىيە ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش، جەمىيەتتە ئىجتىمائى تەرتىپـ
لەرنى ئورنىتىش جەھەتتە خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلار قىلىندى.

ئالدى بىلەن، دىخانلاردىن ئېلىنغان غەللە - پاراق
گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىكىدىن 50% ئازايتىلدى.
بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى نامرات دىخانلارغا نىسبەتەن چوڭ غەمخورلۇق
بولۇپ، بۇنىڭدىن دىخانلار ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ئىدى.

گومىنداڭ دەۋرىدە چارۋىچىلاردىن «چۆپ ئۈچى بېجى»
دىگەن بىر خىل باج ئېلىناتتى، ئۇنىڭدا چارۋىنىڭ ئاز -
كۆپلىگى پەرقلەندۈرۈلمەيتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا
بۇ خىل نامۇۋاپىق باج تۈزۈمى ئۆزگەرتىلىپ، چارۋا مالنىڭ
سانىغا قاراپ ئېشىپ بارىدىغان پىروگرىسسىپ باج تۈزۈمى يولغا
قويۇلدى. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بولۇپمۇ نامرات ۋە ئورتا
ھال چارۋىچىلارنىڭ يۈكى زور دەرىجىدە يەڭگىللەپ، تۇرمۇشى
بىر قەدەر ياخشىلاندى. دىخانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئۈستىدىـ
كى باجدىن باشقا ھەممە سېلىقلار ئېلىپ تاشلاندى.

سودا - سانائەت، بولۇپمۇ سودا ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە
تەرەققى قىلدۇرۇلدى. بۇ يەردە 1948 - يىلى 7 - ئايدىكى
ئورۇمچىنىڭ مال باھاسى بىلەن غۇلجىنىڭ مال باھاسىنى
ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا، ئوتتۇرىدىكى پەرقنىڭ ناھايىتى
چوڭلىغىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شۇ چاغدىكى ئۆلكە پۇلى بىلەن ھىساپلىغاندا يۈز جىڭ ئۇننىڭ باھاسى ئۈرۈمچىدە 2.400.000 يۈەن بولغان بولسا، غۇلجىدا 130.000 يۈەن بولۇپ 20 ھەسسە تۆۋەن بولغان. بىر تۇياق قوي ئۈرۈمچىدە 2.000.000 يۈەن بولسا، غۇلجىدا 200.000 يۈەن بولۇپ 10 ھەسسە تۆۋەن بولغان. بىر گەز چىت ئۈرۈمچىدە 200.000 يۈەن بولسا، غۇلجىدا 10.800 يۈەن بولۇپ 18 ھەسسىدىن كۆپرەك ئەرزان بولغان. بىر سەر ئالتۇن ئۈرۈمچىدە 60.000.000 يۈەن بولسا، غۇلجىدا 8.900.000 يۈەن بولۇپ، 30 ھەسسىدىن كۆپرەك ئەرزان بولغان. يۇقۇرقى مىساللاردىن ئەينى دەۋردە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مال باھالىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە نىسبەتەن كۆپ تۆۋەنلىگىنى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى شۇ ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى دەۋرگە قارىغاندا ھەم گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى يەتتە ۋىلايەتكە قارىغاندا، خېلى ياخشىلانغانلىغىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

ئازاتلىققىچە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئارمىيىمىزنى (12000دەك ئارمىيىنى) ۋە ئىدارىلاردىكى بىر قانچە ئون مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىمىزنى ئۆز ئىقتىسادىمىز بىلەن مۇستەقىل ھالدا بىمالال تەمىنلىدۇق. ئەينى مەزگىلدە ئۈچ ۋىلايەت مالىيە بۇدجىتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، مەدىنى - مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىغا سەرپ قىلدۇق. نەتىجىدە مەدىنى - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش خىزمەتلىرىدە بەلگىلىك يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى.

مەسىلەن: غۇلجا شەھرىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى، روس تىلىدا ئوقۇيدىغان



تولۇق ئوتتۇرا، ئاياللار ھۈنەر مەكتىۋى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇلغاندىن سىرت، ھەر بىر ناھىيىلەردە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خەنزۇ، شىۋە، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر ئۆز تىل - يېزىغىدا ئوقۇغۇن باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇپ، ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. مەسىلەن: ئىلى ۋىلايىتىدە 1948 - 1949 - ئوقۇش يىلى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 35079 نەپەر بولۇپ، بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى ئوقۇش يىلىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىدىن 124% كۆپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 14594 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى ئوقۇش يىلىدىكىگە قارىغاندا 207% كۆپ، ئالتاي ۋىلايىتىدە بولسا 7896 ئوقۇغۇچى بولۇپ، دەسلەپكى يىلىغا قارىغاندا 238% كۆپ.

48 - 49 - يىللىق ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ، ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق 9 ناھىيىنىڭ ھەر بىرسىدە بىردىن قازاق، قىرغىز، موڭغۇل چارۋىچى خەلقىنىڭ يۇقۇرى سىنىپ بالىلىرى يىغىلىپ ئوقۇيدىغان ياتاقلىق مەركىزىي مەكتەپ ھەمدە ئۇيغۇر بالىلىرى ئوقۇيدىغان بىردىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇ سانلار گەرچە ئازاتلىقتىن كېيىنكى مائارىپ تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ دەۋرىدىكى بىلەن ھەمدە شۇ چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى يەتتە ۋىلايەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا خېلى يۇقۇرى.

مەسىلەن: 1948 - 1949 - يىلقى ئوقۇش يىلىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەتتە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى

مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئاران 16 000 بولغان. دىمەك نوپۇسى شۇنچە كۆپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمى سانى يالغۇز بىر ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ( 35079 نەپەر ) سانىدىن 60% ئاز.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن گومىنداڭ دەۋرىدە ناھىيىلەردە دوختۇرخانا يوق بولغانلىقتىن نۇرغۇن كىشىلەر ئاغرىپ قالسا داۋالىنالماي ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتكە قاراشلىق مۇتلەق كۆپ ساندىكى ناھىيىلەردە دوختۇرخانا، شىپاخانا تەشكىل قىلىنىپ، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ، ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىشلار نىسبەتەن ئازايدى. ئەملەش ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ، ياش ئۆسمۈرلەر ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ ئاپەت — «چىچەك» نىڭ ئالدى ئېلىندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ناھىيىلەردە كىنوخانا يوق ئىدى، كۆپ ساندىكى خەلق ئامىسى كىنو دىگەن نەرسىنى بىلمەيتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھەر بىر ناھىيىدە بىردىن كىنوخانا قۇرۇلغانلىقتىن سىرتىدا، سۈيدۈڭ قاتارلىق ناھىيىلەردە بىردىن - ئىككىدىن سەييارە كىنو ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ھەتتا يىراق چارۋا رايونىدىكى چارۋىچى خەلقلەرمۇ پات - پات كىنو كۆرۈپ تۇرۇش، دۇنيادىن خەۋەردار بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

ھەر بىر ناھىيە، رايون، يېزىلاردا قىش پەسلىدىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ساۋات چىقىرىش ئىشلىرى ئەمەلگە قويۇلدى. ھەر بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە، ساۋات چىقىرىش كەچكۈرسلىرى ئېچىلدى. پەقەت سۈيدۈڭ ناھىيىسىدە 47 — 48 — 49 — يىللىقى قىش پەسلىدە 100 گە يېقىن ساۋات ئېچىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ 5000 كىشىنىڭ ساۋادى چىقىرىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە، بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك كادىرلار يېتىشىپ چىقتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا يېتىشىپ چىققان كادىرلار ئۆلكىمىز يېڭى ئازات بولغان چاغلاردا، ھەر خىل ئىجتىمائى ئىسلاھات خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ساھەدىكى خىزمەتلىرىدە، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ئىلغار خەنزۇ كادىرلارنىڭ يېتەكلىشى ۋە ياردىمى بىلەن خېلى ياخشى رولارنى ئوينىدى. ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى ھازىرغىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە ئورۇنلىرىدا بەلگىلىك رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىمەكتە.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا سەۋەپ بولغان ئامىللار

يۇقۇرىدا بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆرۈپ ئۆتتۇق، ئەمدى بۇنىڭغا سەۋەپ بولغان ئامىللار توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

«خەلق، پەقەت خەلقلا دۇنيا تارىخىنى يارىتىدىغان ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ» تۇر، خەلق قوزغىلىپ، كۈرەش قىلمىسا ھەر قانداق ئىنقىلاپ غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇزۇن زاماندىن بېرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا قاتتىق ئېزىلگەن شىنجاڭ خەلقى، جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەت خەلقى قولىغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە

قارشى قوزغالغانلىقى، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان
پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئۇنى قوللاپ ــ قۇۋۋەتلىگەنلىكى، ئۇلار-
نىڭ ئۆز رايونلىرىدا گومىنداڭغا قارشى ھەر خىل شەكىلدىكى
كۆرەشلەرنى قانات يايدۇرغانلىقى، مانا بۇلار ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللاردۇر.

ئىنقىلاپ قوزغالغان چاغدا، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت
خەلقى ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بىلەن ئىنقىلاپنى ھىمايە
قىلدى، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىنقىلاپقا ياردەم قىلدى. پۇلى
بارلار پۇلىنى، مېلى بارلار مېلىنى، قورالى بارلار قورالىنى چى-
قاردى، ھىچنەرسىنى ئايىمىدى. 7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان
ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كۆرەشكە ئاتلاندى، ھەتتا فېئوداللىق
دىنىي خۇراپات ئىسكەنجىسىدە ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرالمايدى-
غان، يۈزىدىن پەرەنجىنى ئالالمايدىغان ئاياللارنىڭمۇ بىرمۇنچىسى
ئۆزلىگىدىن ھەركەتلىنىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ
ئىنقىلاۋىي كۆرەش سېپىگە قاتناشتى، ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا
يەتتە ۋىلايەتتىكى خەلقمۇ ئۈچ ۋىلايەتتە قوزغالغان ئىنقىلاپقا
قىزغىنلىق بىلەن ھىسداشلىق قىلدى ۋە ھەر خىل يوللار
بىلەن ئۇنى قوللىدى، ئۆز رايونلىرىدا گومىنداڭغا قارشى ھەر
خىل شەكىلدىكى كۆرەشنى قانات يايدۇردى.

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىدىن تەشكىل
قىلىنغان، ئازاتلىقتىن كېيىن شەرەپلىك ھالدا خەلق ئازات-
لىق ئارمىيىسىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلغان ئۈچ ۋىلايەت مىللى
ئارمىيىسى قەھرىمان ۋە جەڭگىۋار ئارمىيە ئىدى. ئۈچ ۋىلا-
يەتنى گومىنداڭدىن ئازات قىلىشتا، ئۇ يەردە خەلق ھاكى-
مىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە بۇ ئارمىيە ناھايىتى چوڭ رول ئوينى-



دى. ئۇ گومىنداڭنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان
نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىسىنى تار-مار
قىلدى. ئوسمان ۋە قالىبېك قاتارلىق باندىتلارنى يوقىتىپ،
ئۈچ ۋىلايەتنى قوغداپ قالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىرى، بولۇپمۇ ئەخ-
مەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى كوممۇنىزىم ئىدىيىسىنى ئۆز-
لىرىگە يېتەكچى قىلغان رەھبەرلىك يادروسى ئىنقىلاپقا توغرا
يېتەكچىلىك قىلدى، شۇنداقلا بۇ ئىنقىلاپنىڭ پۈتۈن مەملى-
كەت مىقياسىدىكى ئىنقىلاپقا قوشۇلۇپ كېتىشىگە، ۋەتەننىڭ
بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا توسقۇنلۇق قىلغان ھەر
خىل شەكىلدىكى دۈشمەنلەرگە قارشى قەتئى ۋە ئۈزلۈكسىز
كۆرەش ئېلىپ بېرىپ، ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى
خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ توغرا
يۆنۈلۈش بويىچە تەرەققى قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى، باشتىن-
ئاخىر ۋەتەننىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇردى. ئاخىرىدا 1949 ــ
يىلى 8 ــ ئايدا بېيجىڭدە ئېچىلىدىغان 1 ــ نۆۋەتلىك سىياسى
مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ،
يولدا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيى-
تىنى قۇرۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش يولىدا شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي
ھۆكۈمىتىگە ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىلغار كۈچلەرگە ۋاكالىتەن
1946 ــ يىلى نەنجىڭدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكى-
لى يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭدىكى
گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنقىلاپنىڭ ئەھۋالىنى

دوكلات قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى قولغا كەلتۈرۈلدى. مەركىزىي كومىتېت يولداش پىڭ گوئەننى بىر راتسىيە (كىچىك رادىيو ئىستانسىسى) بىلەن بىللە ياردەمگە ئەۋەتتى. گېزىتلەردە خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ رادىيو خەۋەرلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىپ تۇردى.

ئۇندىن باشقا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ خەلقىغە كۆرسەتكەن خالىسانە ياردىمى مۇھىم رول ئوينىدى. جۇغراپىيىۋى شەرت - شارائىت ۋە ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن ئەينى دەۋردە شۇنداق ئىشەنچىلىك يۆلەنچۈككە ئىگە بولۇش، شۇنداق خالىس ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مەركىزى يەنئەندىن ناھايىتى يىراقتا جايلاشقان شىنجاڭغا نىسبەتەن ئىنتايىن زۆرۈر ۋە پايدىلىق ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى زاماندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا كۆرسەتكەن ياردىمى — ئەمەلىيەتتە پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا قىلغان ياردىمىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولۇپ، ئىنقىلاپنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشتە خېلى مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى.

بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا بەزى خاتالىقلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي شارائىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر مۇنچە سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ ئىنقىلاپ جەريانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىگە ئىگە بولالمىغانلىقتىن ئىبارەت تۈپ سەۋەپ تۈپەيلىدىن، ئۈچ ۋىلا-



يەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا مىللىي مەسىلىدە بەزى ئېغىر خاتالىقلار سادىر بولغان ئىدى. مەرھۇم رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلارمۇ بۇ خاتالىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا تونۇپ، ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۆزلىرىنى تەكشۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە خاتالىقلارنى تۈزەتكەن ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى، مېھنەتكەش خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلاپتىن كۈتكەن ئۈمىدى ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلىرىمىزنىڭ غايىسى بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدىلا تولۇق ئەمەلگە ئاشتى.

مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەردە رەھبەرلىرىمىز، ئىنقىلاۋىي قۇربانلىرىمىز بىز بىلەن بىللە بولغان بولسا، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئازات ئەركىن زاماننى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن بولسا، نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى - ھە! مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەردە بىز ئىنقىلاۋىي قۇربانلىرىمىزنى چىن كۆڭلىمىزدىن ياد ئېتىمىز، خاتىرىلەيمىز. بۇنداق قىلىشتىكى تۈپ مەقسىدىمىز، خەلقىمىزنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ، ئازاتلىققا ئېرىشىش يولىدا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ھېساپسىز قۇربانلارنى بېرىپ، ئاخىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئۆز مەقسەتلىرىگە تولۇق يەتكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرلەپ چۈشىنىپ، بۈگۈنكى بەختىيار كۈنلەرنىڭ قەدرى - قىممىتىگە تولۇق يېتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنقىلاۋىي

قۇربانلىرىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي روھىدىن ئۆگىنىپ، روھىمىزنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ غەيرەت - شىجائىتىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتىرىشتىن ئىبارەت.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ 40 يىللىقىنى ۋە ئەخمەتجان باشلىق رەھبەرلىرىمىز ۋاپاتىنىڭ 35 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشتەك ئالىيجاناپ روھىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، 12 - قېتىملىق 3 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىستىراتېگىيىلىك پىلاننى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.



# شىنجاڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا ئائىت ئەھۋاللار ھەققىدە ئەسلىمە

ساۋدانوپ زايىر

1944 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا چىداۋىرىشكە تاقىتى قالمىغان ھەر مىللەت دىخانلىرى ۋە چارۋىچىلار ھەممىدە باشقا تەبىقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭچىلار بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت قوراللىق جەڭ قىلىش ئارقىسىدا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتنى ئازات قىلدى ھەمدە 3 ۋىلايەتنى تايانچى قىلغان ھالدا ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ۋە قوراللىق كۈچ بولغان مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزان ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش ئاساسىي شەكىل قىلىنغان ھەر خىل كۈرەشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى، بۇ كۈرەش تاكى 1949 - يىل پۈتۈن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىنغانغا قەدەر قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى. ئۇ شىنجاڭ تارىخىدا 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى دەپ ئاتالدى. مەن بۇ ئىنقىلاپقا باشقا نۇرغۇن يولداشلار بىلەن بىللە باشتىن - ئاخىر قاتناشتىم. شۇڭا،

تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنى ۋە باشقا يولداشلارنى تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، ئۆزەمنىڭ كەچۈرمىشلىرىمگە ئاساسەن، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋە مىللىي ئارمىيىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم. بۇ ئەسلىمە 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ پۈتۈن تارىخىي جەريانى بولماستىن، پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. تونۇشۇم ۋە كەچۈرمىشلىرىم چەكلىك بولغانلىقتىن بەزى يېتەرسىزلىك ۋە تولۇق بولمىغان جايلار بولۇشى مۇمكىن، كىتاپخانلارنىڭ تەنقىت ۋە تولۇقلاش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ پارتلىشى ۋە ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى قوراللىق كۆرەشنىڭ غەلىبىسى

شىنجاڭ — ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى شالاڭ، ئۇنىڭدا كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان. كونا جەمئىيەتتە، فېئودال كۈچلەرنىڭ ۋە قارا نىيەت مىلىتارىستلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ۋە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى، تالان-تاراج قىلىشى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە ھايات كەچۈرەتتى.

1933-يىلدىكى شىنجاڭ «12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، قارا نىيەت مىلىتارىست شېڭ شىسەي



«شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇبەن، قوشۇمچە رەئىس» لىك تەختىگە يامىشىپ چىقىۋالدى. ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلغان فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىق ۋە مىلىتارىستلارنىڭ يېغىلىقى ئاقىۋىتىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ھەددىدىن زىيادە نامراتلىشىپ كەتكەن، تېچلىقنى، دېموكراتىيىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى تەلەپ قىلىش — خەلقنىڭ ئورتاق ساداسى بولۇپ قالغان ئىدى. شېڭ شىسەي بۇ چاغدا، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولماسلىقتەك رېئاللىققا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كېنەزلىكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، ئۆزىگە ياتلارنى زور كۈچ بىلەن چەتكە قېقىپ، خائىن-ئىشپىيونلارنى توپلاپ، گۇرۇھ ئۇيۇشتۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلغارلىق نىقاۋى ئاستىدا ئۆزىنى كوممۇنىزىمغا قەتئىي ئېتىقات قىلغۇچى دەۋالدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق ستالىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىشەنچىسىگە ۋە ماددىي كۈچ، ئادەم كۈچى، تېخنىكا جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېرىشمەكچى بولدى. ئۇ كوممۇنىستلار ئوتتۇرىغا قويغان بىرمۇنچە دېموكراتىك ئىلغار تەشەببۇسلارنى، يەنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، تېچلىقنى ساقلاش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش، ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت 6 بۈيۈك سىياسەتنى قوبۇل قىلدى. ئۇ يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى كەڭ كۆلەملىك مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇپ، ياپون باسقۇنـ
چىلىرىغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەپ خىزمەتلەرنى قانات
يايدۇرۇش ئۈچۈن 1937 - يىلى «7 - ئىيۇن» ۋەقەسىنىڭ ئالدىـ
كـەينىدە ئارقا - ئارقىدىن كوممۇنىستلارنى ئەۋەتتى. بۇ كوممۇـ
نىستلارنىڭ ئاكتىپ كۈرەش قىلىشى ۋە ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا
خىزمـەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، پـارتىيىمىزنىڭ ھـەر مىللـەت
خەلقى ئارىسىدىكى تەسىرى كۈندىن - كۈنگە كېڭەيدى.

ئەمما، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىۋاتقانلىقىنى،
ئىناۋىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈۋاتقانلىقىنى، ھەر مىللەت
خەلقى ئىچىدە بىر قۇدرەتلىك دېموكراتىك ئىلغار كۈچلەرنىڭ
شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ خىل كۈچنىڭ ئـۇلغـىيىپ
ئـۆزىنىڭ ئىستىبدات ھـۆكـۈمـرانلىقىـا بىۋاسىتە تـەھدىت
سېلىشىدىن، ئۆزىنىڭ ئـەكسىلئىنقىلابىي ئىككى يـۈزلىمىلىك
ھـەقىقىي قىياپىتىنىڭ بـارا - بارا ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن
قاتتىق چۆچىدى. 1941 - يىلى 6 - ئايدا، گېرمانىيە فاشىستـ
لىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تـاجاۋۇزچىلىق ئـۇرۇشى قـوزغـاپ،
9 - ، 10 - ئايلاردا لېنىنگرادنى قورشىۋالدى ھەمدە موسكۋاغا
قىستاپ كـەلدى. يـاپون جـاھـانگىرلىكى جـۇڭگوغا قىلغان
تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ جۇڭگو كومپارتىيىسى
رەھبەرلىكىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئازات رايونلارغا
قارىتا «تازىلاش» ۋە «پىلە قۇرۇتىدەك يېيىش» نى جىددىيـ
لەشتۈرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ياپـون بـاسقۇنچىلىرىغا قـارشى
ئۇرۇش جىددىي ۋە قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شېڭ شىسەي
بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ۋەزىيەتنى خـاتـا مـۆلچەرلەپ فاشىزم



كۈچلىرى غەلىبە قىلىدىغان بولدى دەپ قاراپ دەرھال ئۆزىنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بـولـۇش، كـومپارتىيە بىلەن
بىرلىشىش دېگەن چـۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئـۆزىنى
جياڭجيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى. ئۇ ئىچكى - تاشقى فاشىست
كۈچلەر بىلەن شېرىكلىشىپ، كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قارشى دولقۇن قوزغاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ قۇرۇلـ
ـۇشىغا ياردەم بېرىۋاتقان مۇتەخەسسىسلىرىنى ھەيدەپ چىقاردى،
شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاـ
لىرىنى ۋە ھـەر مىللەت ئىلغار كىشىلىرىنى ھـەدەپ قـولـغا
ئالدى ۋە ئۆلتۈردى، ئاق تېرورلۇق پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاپ
كەتتى. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ جياڭجيېشىغا بـولغان ساداقەتـ
لىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ قـۇرۇلـۇش ئىشلىرى
بىلـەن شـۇغـۇللىنىۋاتقان چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن ۋە لىن جىلۇ
قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى،
ئارقىدىنلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى، شىنجاڭدا گومىنداڭ
پىرقە بۆلۈملىرىنى قۇرۇپ كۆپلەپ ئەسكەر كىرگۈزۈپ شىنجاڭـ
نى كونترول قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. گومىنداڭ خادىملىرى
شىنجاڭدا ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقىنى
چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا،
ئـەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كـۈچلىرىمۇ شىنجاڭغا ئـۇسـۇپ
كىرىپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئايرىم - ئـايرىم ھـالدا
كونسۇلخانا قۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھـۆكـۈمرانلىـ
قىنى يۆلىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭدىكى ھـۆكۈمرانلىق
ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئـۈچـۈن، 1943 - يىلىدىن

1944 - يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە، شىنجاڭدىكى ئەسكەرلەرنى 20 مىڭ كىشىدىن بىرلا بىر ھەسسە كۆپەيتتى. 1943 - يىلى 3 - ئايدا، شېڭ شىسەي ئاتلىق قىسىملىرىنى زورايتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ بويىچە 10 مىڭ ئات ئىئانە قىلىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئېتى يوقلارنىڭ شىنجاڭ پۇلىدىن 700 يۈەن تاپشۇرۇشىنى بەلگىلىدى. بۇ ئېغىر سېلىق ئاساسىي جەھەتتىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتتىكى نامرات دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت باج، ئالۋاڭ - ياساقلارنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، خەلقنى تالان - تاراج قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى. مەسىلەن: 1944 - يىلىلا بىۋاستە ئېلىنغان ئالۋاڭ - ياساقلارنىڭ تۈرى 22 خىلدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ خىل باج، ئالۋاڭ - ياساقلار ھەر يىلى ھەر بىر دېھقان، چارۋىچى بېشىغا 2419 يۈەن شىنجاڭ پۇلىغا توغرا كەلدى. پەقەت دېھقانلارنىڭ تۆلەيدىغان يەر بېجىلا ئۇلارنىڭ يىللىق دارامىتىنىڭ 50% دىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ھەر مىللەت خەلقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا ئېلىپ باردى. ئۇ چاغدا، شىنجاڭنىڭ مالىيەسى قۇرۇغدىنىپ قالغان، پۇل ھەددىدىن زىيادە پاخاللىشىپ كەتكەن ئىدى. ئىلىنى ئالىدىغان بولساق، مال باھاسى 1943 - يىلىغا قارىغاندا 7.5 ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى، خەلق تۇرمۇش كۆچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، جەمئىيەت ئىنتايىن پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قالدى. سىياسىي جەھەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يۈرگۈزگەن چوڭ خەنزۇچىلىقتىن



ئىبارەت خاتا مىللىي سىياسەت نەتىجىسىدە مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش چېكىگە يەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەتتا ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇلار يەنە ئىشپىيونلۇق ۋە ساقچى ئورگانلىرىغا تايىنىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەچچە ئونمىڭلىغان ئىلغار كىشىلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى ۋە زىيانكەشلىك بىلەن ئۆلتۈردى. خۇددى ماۋزېدۇڭ 1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھى جۇڭگودا كۆپ مىللەت بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، خەنزۇلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى "نەسىلداش ئۇرۇق" دەپ ئاتىماقتا. ئۇلار پۈتۈنلەي چىڭ خاندانلىقى، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا قىلمىغىنى قالمىدى. 1943 - يىلى ئىكىجاۋ ئايمىقىدىكى موڭغۇل خەلقىگە يۈرگۈزۈلگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەسى، 1944 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان قوراللىق بېسىقتۇرۇش ۋەقەسى ۋە يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان گەنسۇ خۇيزۇلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەسى مانا بۇنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر. بۇ — چوڭ خەنزۇچىلىققا ئاساسلانغان خاتا مىللىي ئىدىيە ۋە مىللىي سىياسەتتۇر» ①. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك سىياسىي زۇلمى ۋە فېئوداللىق ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە، ھەر مىللەت

① ماۋزېدۇڭ: «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە»

خەلقىنى ئېغىربالايى - ئاپەتكە دۇچار قىلىپ، سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتنى يەنىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى، بۇ ئەھۋال ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى ھەر ساھە زىيالىيلىرى ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭمۇ زور نارازىلىقىنى قوزغىدى.

1944 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. خەلقارادا، گېرمانىيە، ئىتالىيە فاشىستلىرى ئەڭ ئاخىرقى ھالاكەتكە يۈزلەندى. مەملىكەت ئىچىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلى- كىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش 7 يىللىق جاپا - مۇشەققەتلىك كۈرەش ئارقىلىق، تىركىشىش باسقۇچى- دىن قىسمەن قايتارما ھۇجۇم باسقۇچىغا قەدەم قويدى. دىمەك غەلىبە كۆز ئالدىمىزغىلا كېلىپ قالغان ئىدى. مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇنداق ئىچكى - تاشقى چوڭ ياخشى ۋەزىيەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەك- سىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشىغا ئىنتايىن زور ئىلھام بولدى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا ماركسىزىم - لېنىنىزىم نەزىرىيىسى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ھەر مىللەت زىيالىيلىرىغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. بۇ زىيالىيلار ھەر قايسى تەبىقىلەردىكى ئىلغار زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى.



بولۇپمۇ 1944 - يىلى 9 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەينى سىياسىي سەھنىدىن چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇشياۋلياڭنى شىنجاڭ- غا ۋاقىتلىق ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تەيىنلىگەن چاغلاردا مىللىي زۇلۇم چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ئىلىدا پارتلاپ چىقتى.

نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۆلاستاي تاغ رايونىدىكى ھەر مىللەت دېخان ۋە چارۋىچىلىرى ئىلى يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتىنىڭ بىۋاستە تەسىرى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ئەكبەر، غېنى، پاتىخلارنىڭ باشچىلىقىدا، گومىنداڭ ئەك- سىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قوزغىلىپ چىقىپ، پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇردى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئىلىنىڭ ھەر قايسى ناھىيى- لىرىدىكى خەلقلەر قاتتىق ئىلھاملىنىپ، قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇپ، ئارقا - ئارقىدىن پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشتى، ئىنقىلاۋىي كۈچ تېزدىن زورايدى، كۈرەش يالقۇنى تېخىمۇ ئۇلغايدى.

ئىلى خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇلار قوراللىق قوزغىلاڭنى تۇسۇش ۋە باستۇرۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئالدامچىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ۋولقاندەك پارتلاپ چىققان ئىلى ئىنقىلاۋىنى «ئالتە ئوغرىنىڭ غەۋغاسى» دەپ قارىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئالدىراپ - تېنەپ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىندىنى

ئىلىغا ئەۋەتتى. ئۇ ئىلىغا بىرىپلا ھەدەپ كەڭ تۈردە ئاق
تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ، شۇ جايدىكى ساقچى ئورگىنى ۋە جاسۇس-
ئىشپىيونلارغا تايىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى باستۇردى،
ئىلقا پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقىسى بار دەپ قارالغان خەلق-
لەرنى كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى، ئۇ كۈن-
لەردە، ئىلى ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭ شەھەر رايونىدىكى ساقچى ئىدا-
رىلىرىنىڭ تۈرمىلىرى بىگۇناھ يەرلىك خەلقلەر بىلەن تولۇپ كەتتى.
ئۇلار ھەتتا تۈرلۈك فاشىستىك ۋەھشى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ،
نۇرغۇنلىغان خەلقنى ئۆلتۈردى، بەزى كىشىلەرنى ساقچى
ئىدارىسىنىڭ چوڭقۇر كولانغان ھاجەتخانىسىغا قولىنى كەينىگە
قىلىپ باغلاپ، تىرىك تاشلىدى، بەزىلىرىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ
تاشلىدى، بەزىلىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. غۇلجا شەھىرى
ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىنلا
پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن 70 نەچچە كىشىنىڭ جەسىدى
تېپىلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى پارتىزانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن،
زاپاس 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى دۇ دېفۇنى «مۇداپىئە-
نى ئورۇنلاشتۇرۇش» ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن دەرھال غۇلجىغا
ئەۋەتتى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئۇ ئىلى ۋىلايەتلىك گومىنداڭ
ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى جاڭ چۈمىڭ باشلىق
بىر قانچە ساقچى ئەمەلدارىنى ۋە غۇلجىدا تۇرۇۋاتقان
128 - دىۋىزىيىنىڭ 3 - باتالىيونى، ئامانلىق ساقلاش 4 -
پولكىنىڭ 3 - لىيەنىنى ئىلقىغا يۆتكىدى. گومىنداڭ قوشۇنى
ئولاستاينىڭ تاغلىق رايونىغا كىرىش بىلەنلا پارتىزانلىرى-
مىزنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچرىدى، پارتىزانلار بۇ
ئۇرۇشتا نۇرغۇن قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى ئولجا ئالدى.



دۈشمەن ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، يەنە ئامانلىق
ساقلاش 4 - پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى باشچىلىقىدىكى
300 ئادىمىنى ئىلقىغا يۆتكەپ، پارتىزانلىرىمىزنى ئولاستاي
رايونىدا يوقاتماقچى بولدى. پارتىزانلىرىمىز دۈشمەننىڭ
سۇيىقەستىنى بىلىۋېلىپ، دەرھال ئىلقىغا كىرىش ئېغىزى
بولغان مازارغا قوراللىق كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۈشمەنگە
توسۇپ زەربە بەردى. جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولدى، ئىككى
سوتكا داۋام قىلدى، دۈشمەن كۆپ چىقىمغا ئۇچرىدى،
ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم پارتىزانلار مازاردا دۈشمەننى
ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇردى، قالغان پارتىزانلار 3 ئەترەتكە
بۆلۈنۈپ، 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سەھەردە ئىلقا ناھىيىسىگە
بىرلا ۋاقىتتا 3 تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا
ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، باج ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى
ئىشغال قىلدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قامالغان 300 گە
يېقىن گۇناھسىز ئامما قويۇپ بېرىلدى. بۇ چاغدا ناھىيىدىكى
گومىنداڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا
كىرىۋېلىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، 10 - ئاينىڭ
6 - كۈنى، پارتىزانلار كۈچنى توپلاپ، بىر ھۇجۇم بىلەن
ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلقا
ناھىيىسى تولۇق ئازات قىلىندى. پارتىزانلىرىمىزنىڭ ئىلقا
ناھىيىسىنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان دۇ دېفۇ، 10 -
ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ، جۇ شياۋلياڭدىن ياردەم
تەلەپ قىلدى، 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جۇ شياۋلياڭ پارتىزان-
لار ئەترىتىنى قورشاش ئۈچۈن، ئىلقىغا يىڭ لۇيى كاتتىۋاش-
لىقىدىكى زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ كۈچەيتىلگەن 19 - پولكىنى

ئەۋەتتى. ئەتىسى، جۇ شياۋلياڭ يەنە زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ ئىشتاب باشلىقى ساۋ رىلىڭنى ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، ساۋ رىلىڭغا يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئىشلار نازىرى دېڭ شاڭخەيىنى قوشۇپ ئەۋەتتى. ساۋ رىلىڭ ئىلقا پارتىزانلىرىنى قورشاپ يوقىتىش پىلانىنى تۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرەپ تەرەپتىن ئەسكەر ۋە قوماندان يۆتكەپ، ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىدىن تەخمىنەن 1600 دىن ئارتۇق كىشىنى ئىلگىرى - كېيىن ئىلقىغا يۆتكىدى. ئىلقا پارتىزانلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى مۇداپىئەسىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاتلىق پارتىزانلارنى تاغ ئارىسىدىكى يېقىن يول بىلەن غۇلجا شەھىرىگە مەخپىي يۆتكىدى. 7 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 دە، بىر قانچە پارتىزان ئەترەتلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىن بىرلا ۋاقىتتا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ چاغدا ئىلىدا گومىنداڭنىڭ 128 - دىۋىزىيە 382 - پولكىنىڭ ئىككى باتالىيونى، ئامانلىق ساقلاش 4 - پولكىنىڭ 2 - باتالىيونى، ئاۋىئاتسىيە تەلىم - تەربىيە ئەترىدىنىڭ كۇرسانتلىرى بولۇپ جەمئىي 1500 دىن ئارتۇق ئادىمى بار ئىدى، ئۇلار ۋالى مەھكىمىسى، ساقچى ئىدارىسى، ئېلېكتىر ئىستانسىسى، لياڭشاڭ بۇتخانىسى، ھەرەمباغ ۋە ئايرۇدۇرۇم قاتارلىق جايلارنى ساقلايتتى. پارتىزان ئەترىدىمىز باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى ھەمدە شەھەر ئاممىسىنى قولىغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. پارتىزانلار



ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پائال مەدەت بېرىشى ۋە ئاكتىپ قاتنىشىشى ئارقىسىدا، 4 - 5 كۈن جىددىي جەڭ قىلىپ، گومىنداڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق زور بىر قىسىم ئەسكىرى كۈچىنى يوقاتتى. پارتىزانلىرىمىز غۇلجا شەھىرىگە يوشۇرۇنچە يۆتكىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئىلقىغا بارغان دۈشمەنلەر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، ئالدىراپ - تېنەپ غۇلجا شەھىرىگە قايتتى، بىراق يېرىم يولدا پارتىزان ئەترەتلىرىمىزنىڭ توساپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. نەتىجىدە دۈشمەن غۇلجا شەھەر رايونىغا كىرەلمەي، ھەرەمباغ، ئايرۇدۇرۇم ۋە لياڭشاڭ بۇتخانىسى قاتارلىق جايلارغا قېچىپ بېرىپ قالدۇق قىسىملىرىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى، كېيىن پارتىزان ئەترەتلىرىمىز ئۇلارنىمۇ قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلىرىمىز پۈتۈن شەھەرنى كونترول قىلدى. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قوزغىلاڭچىلار غۇلجىدا ئىنقىلاۋىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى پۈتۈن ۋىلايەتكە تەسىر كۆرسەتتى ۋە كېڭەيدى. ھەر قايسى ناھىيىدىكى خەلقلەر تەرەپ - تەرەپتىن قوزغىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پارتىزان ئەترەتلىرى قۇرۇپ، قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قورغاس ناھىيىسى ئازات قىلىندى، 25 - كۈنى سۈيدۈڭ ناھىيىسى ئازات قىلىندى. 31 - كۈنى كۈرەنى ئازات قىلىش ئۇرۇشىدا، كۈرەدىكى دۈشمەنلەرنىڭ بىر قىسمى پارتىزانلىرىمىز تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ تەرەپ ناھايىتى تېزلا تەسلىم بولدى. قورال تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن بىر لىيەن گومىنداڭ ئەسكىرى كۈرەدىن چاپچالغا قېچىپ

بارغاندا، پارتىزانلىرىمىز تەرىپىدىن دەرھال قورشىۋېلىندى ھەممە ئۇلارمۇ تەسلىم بولدى. ئۇزۇنغا بارمايلا، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى باشقا ناھىيىلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئازات قىلىندى. كۈرەشنىڭ جىددى ئېھتىياجىغا ئاساسەن، خەلقنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، تارقاق پارتىزان ئەترەتلىرى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇلدى.

ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇلار ئىلى پارتىزانلىرىنى يوقىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرەمباغ، ئايرودۇرۇمدا مۇھاسىرىدە قالغان قىسىملىرىغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن مۇھاسىرىدە قالغان دۈشمەنلەرگە ئايروپىلان ئارقىلىق تەمىنات ۋە ئوق ـ دورا يەتكۈزۈپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شىخو، جىڭ قاتارلىق جايلاردا تۇرغان قىسىملىرىدىن ئەسكەر يۆتكەپ تەلكە، ئاچال، كۆگەرچىن قاتارلىق تاغ ـ داۋانلاردىن ئۆتۈپ، غۇلجا شەھرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇندى. دۈشمەنلەرنىڭ ياردەمگە كەلگەن قىسىملىرىنى توساپ، غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، پارتىزانلار قوماندانلىق ئىشتابى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، تەلكە، كۆگەرچىن ۋە ئاچال داۋىنىغا كۈچ يۆتكەپ گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن جىددى جەڭ قىلدى.

تەلكە داۋىنى ئۈرۈمچى ـ ئىلى تاشيولىنىڭ بوغۇزى ئىدى، داۋاننىڭ ئىككى تەرىپى بۈك قارىغايلار بىلەن تولغان ئېگىز تاغ، يولى تار بولۇپ، ئۇ جايغا قىشتا ناھايىتى قېلىن قار ياغىدۇ، شۇڭا ئۇ جاي مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەپلىك،



دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ئەپسىز بولغان تەبىئى توسالغۇ ئىدى. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىر بۆلىكى تەلكە داۋىنىغا يېتىپ كەلدى، پارتىزان ئەترەتلىرىمىز دۈشمەنگە توساپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، مۇشۇ جايدىكى بىر قانچە كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتتى ھەممە مۇھىم ئېغىزلارغا شاخ ـ شۇمبىلارنى دۆگىلەپ، ئۇنىڭغا سۇ چېچىپ مۇز تۇڭلىتىپ، مۇز توساق ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن تانكىلىرى مۇز توساق ئالدىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى، ماشىنىلىرى قېلىن قارغا پېتىپ قېلىپ، ھەركەت قىلىش ئىقتىداردىن قالدى، ئەسكەرلىرى ئوزۇق-تۈلۈگى تۈگەپ ئاچ قالدى، كىيىمى يېنىك بولغانلىقتىن توڭلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا مۆكۈپ تۇرغان پارتىزان ئەترەتلىرىمىزنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تەلكە داۋىنىدىن ئۆتۈپ، غۇلجىدا مۇھاسىرىدە قالغان قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش پىلانى بىت ـ چىت بولدى. ئاخىرى دۈشمەنلەر ئاپتوموبىللىرىنى تاشلاپ چېكىندى، بۇ دۈشمەننىڭ بىر قىسمى چۆل ـ ئېدىرلاردا يوقىتىلدى، قالغانلىرى داخىيەنزىگە قاراپ قاچتى.

دۈشمەننىڭ تەلكە داۋىنى مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش پىلانى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، جىڭ ناھىيىسىدىكى ئاچال داۋىنى ئۇلار ئۈچۈن ھەرەمباغ قاتارلىق جايلاردىكى مۇھاسىرىدە قالغان قالدۇق دۈشمەنلەرگە ياردەم بېرىشتىكى بىردىن بىر يول بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە

قوماندانلىرىنى خىللاپ، ئۇلارنى ئىككى پولك (تەخمىنەن 3 ـ 4 مىڭ ئادەم) گە باش قىلىپ، ئىلى قوراللىق پارتىزانلىرىنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى. دۈشمەن ئاچال داۋىنىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم دىگەن يېرىگە يېقىنلاپ قالدى، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئىلى قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسىنى ساقلاپ قالغىلى بولامدۇ ـ يوق، دىگەن ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدۇق. بۇ جىددى پەيىتتە، غۇلجا پارتىزانلىرى قوماندانلىق ئىشتاۋى غۇلجا شەھرى ۋە ئىلى ناھىيىسىدىكى خەلق ئاممىسىنى يەنە بىر قېتىم ئومۇمى يۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، يېڭى پارتىزان ئەترەتلىرىنى قۇردى ھەمدە ئاچال بىلەن پەنجىم ئارىلىغىدا، دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش، ئۇرۇش سېپىنى ئۇزارتىش، پارچىلاش، دۈشمەننىڭ ئالاقىلىشىشىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، قوماندانلىغىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش، يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىش، دۈشمەن ئارقا سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قاتارلىق پارتىزان ئۇرۇشى تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، 10 نەچچە كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىپ، ئاخىرى ئاچال بىلەن پەنجىم ئارىلىغىغا بېسىپ كىرگەن دۈشمەننىڭ كۆپ قىسمىنى يوقىتىپ، ئاچال داۋىنىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ مىۋىسىنى قوغداپ قالدى.

بۇ چاغدا، پارتىزانلىرىمىزنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرۇۋاتقىنىغا 2 ئاي بولغان ھەرەمباغدىكى دۈشمەن يىتىم ھالەتتە ياردەمسىز قېلىپ، قايتا ـ قايتا قىيىنچىلىقلارغا بوغۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىشنىڭ شەرت ـ شارايىتى پىشىپ يېتىلدى. شۇڭا، پارتىزان ئەترىتىمىز دۈشمەنگە قارىتا ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قوزغىدى.



ھەرەمباغنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان كۆپ قېتىملىق جەڭدە، نۇرغۇنلىغان ھەر مىللەت باتۇر ئوغۇل ـ قىزلىرى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلدى. بولۇپمۇ پارتىزان ئەترىتىدىكى ئۇيغۇر ھەمشىرە رىزۋانگۈل مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى. 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى رىزۋانگۈل پارتىزان ئەترىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن بىر نەچچە قېتىملىق جەڭدە ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا قارىماي ياردارلارنى قۇتقازدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەھەردە، ھاۋا قاتتىق سوغاق ئىدى. ئىلى پارتىزانلىرى ھەرەمباغ ۋە لياڭشاڭ بۇتخانىسىدىكى مۇھاسىرىدە تۇرغان دۈشمەنگە قارىتا يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. دۈشمەن گازارمىسىنىڭ تام تۆشۈكلىرى ۋە يەر ئۈستى پوتەيلىرىدىن پايدىلىنىپ پارتىزانلارغا قارىتا مىلتىق، پىلىموتلاردىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى، ھەرەمباغ مەھەللىسىنىڭ شىمالى شاھاجىنىڭ بېغىدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن پارتىزانلاردىن بىر قانچە جەڭچى ئوق تېگىپ يىقىلدى. مانا مۇشۇنداق ھايات ـ ماماتلىق پەيىتتە رىزۋانگۈل يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان ئوققا قارىماي، باغنىڭ تام شورىسىدىن سەكرەپ چىقىپ، يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ياردىلانغان جەڭچىنى يۆدۈپ كېلىۋاتقاندا دۈشمەننىڭ ئوقى تېگىپ مەرتلەرچە قۇربان بولدى. رىزۋانگۈلنىڭ بۇ قەھرىمانلىق ئىش ئىزى پۈتۈن پارتىزانلار ئىچىگە كەڭ تارقالدى. جەڭچىلەر رىزۋانگۈلنىڭ قەھرىمانلىغىنى تىللاردا داستان قىلىشتى. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، پارتىزانلىرىمىز

ھەرەمباغ قاتارلىق جايلارنى ئازات قىلدى. 1945 ـ يىلى 2 ـ
ئايغا كەلگەندە، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەر ۋە
ئارشاڭ، بۆرتالا قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئازات قى-
لىندى. تارباغاتاي، ئالتايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئىلى
قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى ۋە تەسىرى ئاستىدا،
ئارقا ـ ئارقىدىن پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ ۋە كېڭەي-
تىپ، دۈشمەنگە تەرەپ ـ تەرەپتىن زەربە بېرىپ، زور غەلىبى-
لەرنى قولغا كەلتۈردى.

گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ
يالقۇنىنى ئۆچۈرمەكچى بولغان خام خىيالىنىڭ بىت ـ چىت بول-
غانلىقى جىڭ، شىخودا تۇرۇۋاتقان ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر-
جەڭچىلىرى ئىچىدە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. بەزى ئا-
ساسىي قاتلام كوماندىرلىرى ۋە ئەسكەرلىرىدە تەۋرىنىش بولدى،
ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بار-
غانسىرى تونۇپ يەتتى ھەمدە گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن يوشۇ-
رۇن چېكىنىپ چىقىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قوشۇلدى. گو-
مىنداڭنىڭ مايتاغدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە خىزمەت 3 ـ باتالىيونى-
نىڭ 8 ـ، 9 ـ لىيەنى (ئاتلىق لىيەن) دىكى 97 ئادەم 1945 ـ يىلى
4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يولداش سوپاخۇن باشچىلىقىدا قوراللىق
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىگە قوشۇ-
لىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئۇلار مايتاغدىن چىقىپ، نەنسەن تې-
غى ئىچىگە كىرىپ، گومىنداڭنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ زەربە بې-
رىشىگە قارشى نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ، شىخونىڭ شىمالىدى-
كى 5 خورجا ئارقىلىق چىپپەيزىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، بۆرتالا
موڭغۇل ئاتلىق باتالىيونىغا قوشۇلدى، كېيىن 1945 ـ يىلى 5 ـ



ئاينىڭ بېشىدا غۇلجىغا كېلىپ، ئىلى 4 ـ پولك 3 ـ ئاتلىق
باتالىيونىغا قوشۇلدى. يولداش سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى بۇ ئات-
لىق لىيەنىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركىتى پۈتۈن 3 ۋىلا-
يەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە ماختىشىغا سازا-
ۋەر بولدى ۋە گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىمۇ چوڭ تەۋرىنىش
پەيدا قىلدى.

ئىلى رايونىنىڭ ئازات قىلىنغانلىقى تېخى دەسلەپكى
قەدەمدىكى غەلىبە ئىدى. ئۇ چاغدا، پارتىزانلار ئىلى رايو-
نىنى مۇستەھكەم تايانچ بازا قىلىپ گومىنداڭنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي
قوزغىغان ھۇجۇملىرىنى قاخشاتقۇچ زەربە بىلەن چېكىندۈرۈپ،
قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن
ئىبارەت جىددىي ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتاتتى. بۇ مۈشكۈل ۋەزىپىنى
ئورۇنلاش ئۈچۈن، تارقاق ھەركەت قىلىۋاتقان پارتىزان ئەترەت-
لىرىنىڭ كۈچىگىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايتتى. بىرلىككە كەل-
گەن مۇنتىزىم قوراللىق كۈچ تەشكىل قىلىپ، مۇنتىزىم قى-
سىملار بىلەن پارتىزان ئەترەتلىرىنى زىچ ماسلاشتۇرغاندىلا ئا-
دەم سانى ۋە قوراللىنىش جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان
گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 3 ۋىلايەتكە قىلغان ھۇجۇملىرىنى
چېكىندۈرگىلى بولاتتى. ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇي-
غۇنلىشىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى مۇنتىزىم
مىللىي ئارمىيە قۇرۇشنى قارار قىلدى. مەسىلەن، ۋاقىتلىق ھۆ-
كۈمەتنىڭ 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاچقان 4 ـ سانلىق
يىغىن قارارىنىڭ 7 ـ ماددىسىدا مۇنتىزىم قوشۇن تەشكىل قى-
لىشتىن ئاۋۋال ھەربىي ئىدارە قۇرۇش بەلگىلەندى. شۇنىڭ
بىلەن ئىلگىرىدىكى پارتىزانلار ئىشتاۋى ھەربىي ئىدارىغا ئۆز-

گىرىپ مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە كىرىشتى. يەنە شۇ يىلى 1-ئاينىڭ 12-كۈنى ئېچىلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 6-سانلىق يىغىنىدا يېڭى قۇرۇلىدىغان مۇنتىزىم قوشۇنلارنىڭ ھەربىي ئۇنۋان، پاگون تۈرلىرى بەلگىلەندى. كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 2-ئاينىڭ 2-كۈنى ئېچىلغان 19-سانلىق يىغىنىدا ھەربىي سەپكە چاقىرىش قانۇنى ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا: ناھىيە، شەھەرلەردە ھەربىي خىزمەت ئىدارىلىرى قۇرۇلىدۇ، يېشى 18 دىن 22 گىچە بولغان گۈكمىنلار مىللەت ئايرىماي ھەربىي سەپكە چاقىرىلىدۇ. ھەربىي خىزمەت مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى. يەنە شۇ يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى ئېچىلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 25-سانلىق يىغىنىدا ئۇرۇش سەپلىرىدە ۋە ئارقا سەپ خىزمەتلىرىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ئوردېن-مېدال بىلەن مۇكاپاتلاش تۈزۈمى قارار قىلىندى. مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ بولغاندىن كېيىن 1945-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى غۇلجا شەھىرىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ ئارمىيە بايرىقى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە ھەربىي پارات بولدى. شۇنىڭ بىلەن 4-ئاينىڭ 8-كۈنى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ خاتىرە كۈنى قىلىپ بەلگىلەندى، بۇ مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدىلا ئۇنىڭدا قوماندانلىق ئىشتاپ، سىياسىي بۆلۈم، ئارقا سەپ ئىشلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ تارمىقىدا 6 پولك، 3 مۇستەقىل باتالىيونى بار ئىدى. يەنى ھەرەمباغ، ئاچال ئۇرۇشىغا قاتناشقان پارتىزانلار ئىلى 2-پولكى، تەلىم-تەربىيە 4-پولكى، تېكەس



1-ئاتلىق پولكى قىلىپ تەشكىللەندى، سۈيدۈڭ ئۇرۇشىغا قاتناشقان پارتىزانلار سۈيدۈڭ 1-پولكى قىلىپ تەشكىللەندى، قورغاس، كەڭساي ئۇرۇشىغا قاتناشقان پارتىزانلار كەڭساي 3-ئاتلىق پولكى، خۇيزۇ مۇستەقىل باتالىيونى قىلىپ تەشكىللەندى؛ چاپچال ناھىيىسىدىكى پارتىزانلار شىۋە مۇستەقىل باتالىيونى قىلىپ تەشكىللەندى، ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى پارتىزانلار موڭغۇل ئاتلىق مۇستەقىل باتالىيونى قىلىپ تەشكىللەندى. بۇلاردىن باشقا يەنە توققۇزتارا ئاتلىق پولكى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. ئىلى قوراللىق كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقى — 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي كۈرىشىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتەردى.

ئىلى ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدىمۇ ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى ياندى. مەسىلەن، تاشقورغان خەلقى 1945-يىلى 8-ئاينىڭ باشلىرىدا پارتىزانلارنى تەشكىللەپ گومىنداڭنىڭ تاشقورغاندىكى ساقچى ئورگىنىنى ئىشغال قىلىپ تاشقورغاننى ئازات قىلدى. كېيىن پارتىزانلار ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ قاغىلىقنى ئازات قىلىپ، يەكەن، يېڭىسار ناھىيىلىرىگە بىۋاستە تەھدىت سېلىپ گومىنداڭنىڭ قەشقەر رايونىدا تۇرۇشلۇق كۈچلىرىگە زەربە بەردى. قۇمۇل قاتارلىق رايونلاردىمۇ ئىلگىرى-كېيىن پارتىزانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق رايونلاردىكى بىر قىسىم ئىلغار ياش زىيالىيلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلار يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، ئىنقىلاۋىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ئاكتىپ قوللاپ

ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سۇيىقەست ۋە جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى، بولۇپمۇ ئىلغار زىيالىلار ۋە دېموكراتىك زاتلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئۈرۈمچى يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلدى.

گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى ئىلى ئىنقىلاۋىي كۈچلىرىنىڭ باشقا رايونلارغا كېڭىيىپ كېتىشىنى توساش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ، شىخو، جىڭ رايونلىرىدىكى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇ شياۋلياڭدىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان ۋۇ جۇڭشىن ماچىڭشياڭنىڭ ئاتلىق 5-كورپۇسىنى چىڭخەيدىن يۆتكەپ كېلىپ، ئىلى رايونىدىكى ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى باستۇرۇپ مىللىي ئارمىيىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توساپ، 7 ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلاۋىي كۆرەش يالقۇنىنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولدى. ئەمما، ئاتلىق 5-كورپۇس جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز سېپىدىكى قىسىم بولماستىن، بەلكى يەرلىك گېجۇيلىك مىلىتارىستلار گۇرۇھىغا تەئەللۇق «قۇراشما» ئارمىيە ئىدى. شۇڭا ئۇلار شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، نامدا شىنجاڭنىڭ گارنىزون قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ باشقۇرۇشىدا دېيىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن تارتىپ ئەمەلدارلىرىغىچە ھەممىسى ما بۇفاڭنى ئۆزلىرىنىڭ قوماندانى دەپ ھېسابلايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرالمايدىغانلىقى، 3 ۋىلايەت قوزغىلىڭىنىمۇ باستۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاچقا 3 ۋىلايەت ئارمىيىسى بىلەن بىۋاستە ئۇرۇش قىلمىدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق ئىشتاۋى گومىنداڭ



ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ تاشلاپ، قوراللىق كۈرەشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئازات رايونلارنى كېڭەيتىش ئۈچۈن دۈشمەن ۋە ئۆزىمىزدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، جەنۇبىي يۆنىلىش، شىمالىي يۆنىلىش، ئوتتۇرا يۆنىلىشتىن ئىبارەت 3 يۆنىلىش بويىچە جەڭ قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. شىمالىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازات قىلىش، ئوتتۇرا يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى جىڭ، شىخودىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىنى ئازات قىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلەش؛ جەنۇبىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى باي ناھىيىسى بىلەن ئاقسۇ ناھىيىسىنى ئازات قىلىپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىملىرىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا قىسىم يۆتكەپ كېلىشىنى توساش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەڭ رايونلاردا پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللەپ، گومىنداڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شىمالىي يۆنىلىش ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىشتە بولۇۋاتقان جەڭنىڭ غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

3 يۆنىلىشتىكى جەڭدە، ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەڭ مۇھىم ئىدى، چۈنكى شىخو، جىڭ بولسا ئىلى بىلەن تارباغاتاي، ئالتايلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى ھەمدە ئۈرۈمچىگە بېرىشتا چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان يول بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

بۇ چاغدا، گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىمۇ مىللىي ئارمىيە بىلەن شىخودا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش مەقسىتىدە ئۈزلۈكسىز رىنىڭ شىخودىكى ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتكەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، بىز ئىگەللىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، 1945 - يىل 7 - ئايغا كەلگەندە، گومىنداڭنىڭ شىخودىكى ئەسكىرىي كۈچى: ئىككىنچى كورپۇسنىڭ ئىشتابى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى بىر پولك، ئالاھىدە خىزمەت پولكىنىڭ بىر باتالىيونى، ئۇرۇش ئاپتوموبىل لىيەنى، ئېغىر پىلىموت لىيەنى، ئاپتوموبىل پولكىنىڭ بىر قىسمى؛ شىخونى ساقلاش ئۈچۈن چېپەيزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر پولكى، نەنسەن بۇرتۇڭگودا ئاتلىق 3 - پولكى، مايتاغ كان رايونىدا تۇرۇۋاتقان ئىككى لىيەن، تۈت ئاغاچ دىگەن يەردە تۇرۇۋاتقان پىلىموت باتالىيونى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ رايوندىكى ئەسكىرىي كۈچى 5 مىڭدىن ئاشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار زىچ پوتەي قۇرۇپ، چوڭقۇر خەندەك قېزىپ ئۇنىڭ ئىچىگە سۇ توشقۇزۇپ، قاتمۇ - قات مۇداپىئە كۆرگەن. مۇھىم كېچىكلەرنى ۋە ئېغىزلارنى مىنالاشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، شىخونى «خەتەرسىز رايون» ۋە «مۇستەھكەم قورغان» دەپ پو ئاتقان ئىدى.

شىخو ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە تولۇق تەييارلىق كۆردى: بىرىنچىدىن، ئەسكىرىي كۈچىنى تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈلدى، ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى بېكىتىلدى. بىز تەرەپنىڭ شىخوغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئەسكىرىي كۈچى سۇيدۇڭ 1 - پولك، تارباغاتاي 6 - پولك، موڭغۇل ئاتلىق باتالىيونى ۋە مۇھاپىزەت باتالىيونى بولۇپ، جەمى 4 مىڭدىن ئارتۇقراق ئادەم-



گە يەتكۈزۈلدى؛ ئىككىنچىدىن، دۈشمەن ئەھۋالى رازۋېتكا قىلىنىپ، دۈشمەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ۋە ئاجىز نۇقتىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئىگەللەپ تۇرۇلدى؛ ئۈچىنچىدىن، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە پارتىزان ئۇرۇشى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. پارتىزانلار ئەترىتى چىڭگىشۇر چوڭ كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شىخونىڭ جىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ كەينىدىنلا، يەنە داۋاملىق تۈردە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ، يەنسىخەي - ماناس كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۈشمەننىڭ ماشىنا قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، دۈشمەننى ئۈرۈمچى، ماناسلاردىن شىخوغا ياردەم بېرىشتە چارىسىز قىلىپ قويدى. پارتىزان ئەترىتى ئېرەنقابىرغا، بۆرتۇڭگو، يەنسىخەي، ساۋمىن، ماناس قاتارلىق جايلاردىكى دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ دۈشمەنگە غەرىپتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، شەرقتىن زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ قاتناش لىنىيىلىرىنى بۇزۇپ، تېلېفون سىملىرىنى كېسىپ، قاتناش ئىشلىرىنى ۋە خەۋەر ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. پارتىزان ئەترىتىمىز يەنە دۈشمەننىڭ 4 ئاپتوموبىلدا ئۈرۈمچىدىن شىخوغا ئېلىپ كېتىۋاتقان قورال - ياراق، ئوق - دورىسىنى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى قولغا چۈشۈردى ھەمدە ئاپتوموبىللاردىكى دۈشمەننى تولۇق يوقىتىپ، ئاپتوموبىللىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئارقىدىنلا موڭغۇل ئاتلىق باتالىيونى بىلەن مايىلى پارتىزانلىرى ئۇلانبۇلاقتىكى دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، 3 كېچە - كۈندۈز جىددىي جەڭ قىلىپ ئۇلانبۇلاقنى ئازات قىلدى. مەغلۇپ بولغان دۈشمەن چېپەيزىگە قېچىپ كېلىۋالدى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى موڭغۇل ئاتلىق باتالىيونى بىلەن تارباغاتاي 6 -

پولكى دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا قارى-
ماي، ئۇلانبۇلاقتىن چېپەيزىگە قاراپ جىددى يۈرۈش قىلدى.
9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چېپەيزىنى شىمال، شەرق، غەرب بولۇپ
3 تەرەپتىن قورشىدى ۋە جىددى جەڭ قىلدى. دۈشمەن ئۆز-
نىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە ئاكوپلىرىدىن پايدىلىنىپ جاھىللىق
بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، بىز ناھايىتى زور چىقىم تارتتۇق.
9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سۈيدۈڭ 1 - پولكىمىز يېتىپ كەلدى،
مۇشۇ پولكىنىڭ ئاتلىق باتالىيونى چېپەيزىنىڭ غەربىدىن ئاي-
لىنىپ دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ شىخو
بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن
دۈشمەنگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنى باشلاپ، جىددى
جەڭ قىلدۇق، كېچىدە دۈشمەنلەر بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى
توپلاپ جەنۇپ تەرەپتىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ شىخوغا
قېچىپ كەتتى.

چېپەيزىنى ئازات قىلغاندىن كېيىن، ئارمىيىمىز دەرھال
شىخوغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، شىخونى ساقلاپ ياتقان دۈشمەننى
قورشىۋالدى. 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئارمىيىمىز
شىخوغا ئومۇمى ھۇجۇم باشلىدى. سۈيدۈڭ 1 - پولكىنىڭ 1 -،
2 - باتالىيونى جىددى جەڭ قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ 1 -
مۇداپىئە لىنىيىسى — شىخو بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قارا دۆڭنى
ئىشغال قىلدى. دۈشمەن قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋې-
لىش ئۈچۈن، ئىككى تانكىنىڭ ھىمايىسىدا قايتارما ھۇجۇمغا
ئۆتتى. ئارمىيىمىز قەيسەرلىك بىلەن تۇسۇپ زەربە بەردى.
دۈشمەننىڭ بىر تانكىسى پاچاقلاپ تاشلاندى، يەنە بىر تانكى-
سى كەينىگە قايرىلىپ قېچىپ كېتىۋېتىپ ئۆزى قازغان چوڭقۇر



خەندەككە چۈشۈپ پېتىپ قالدى، ئارمىيىمىز بۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ قوغلاپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ قايتارما ھۇجۇ-
مىنى چېكىندۈردى. بۇ چاغدا، دۈشمەن يەنە شىخونىڭ جەنۇبى،
شىمالىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىن كۈچ يۆتكەپ كېلىپ، بىزنىڭ
سۈيدۈڭ 1 - پولكىمىزغا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق
قايتارما ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنى زەربە
بېرىپ چېكىندۈردۇق. مۇشۇنداق كۆپ قېتىملىق ئېلىشىشلار
ئارقىلىق، دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى.
ئارمىيىمىز 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۈشمەننىڭ ئۈچىنچى مۇداپىئە
لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شىخو ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم
قىلدى، بىر قىسىم دۈشمەن بىز تەرەپتىن ئەسىر ئېلىندى،
قالدۇق دۈشمەن ئۈرۈمچىگە قاراپ تىكىۋەتتى. مىللى ئارمىيە
ئاتلىق قىسىملىرى ۋە سۈيدۈڭ 1 - پىيادە ئەسكەرلەر پولكى
شىددەت بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىپ، كۈيتۇڭ، شىخو ئايرودرومى
ۋە مايتاغ قاتارلىق جايلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشغال قىلىپ،
يەنسىخەيگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. موڭغۇل ئاتلىق باتالىيونى ۋە
تارباغاتاي ئاتلىق 6 - پولكىنىڭ بىر قىسمى شىخونىڭ غەر-
بىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتا مۇداپىئە كۆرۈپ،
دۈشمەننىڭ جىڭ ئارقىلىق شەرققە قاراپ قېچىش يولىنى
توسىدى. ساۋەن پارتىزانلىرى شياۋگەي، داگەي ۋە ئالاۋۇسۇن
قاتارلىق جايلارنى كونترول قىلدى. شۇنداق قىلىپ گومىنداڭ
«مۇستەھكەم قورغان» دەپ ئاتىۋالغان شىخو 9 - ئاينىڭ 8 -
كۈنى ئارمىيىمىز تەرىپىدىن تامامەن ئىشغال قىلىندى، پۈتۈن
شىخو ناھىيىسى ئازات بولدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە جەمى 560
دۈشمەن يوقىتىلدى، مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسىر ئېلىندى.

جىڭ ئۇرۇشى شىخو ئۇرۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا باشلاندى. جىڭ ناھىيىسى — شىخونىڭ غەربىدىن 160 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاشيول بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى چۆل، جەنۇبىي تەرىپى تاغلىق، شىنجاڭدىكى ئاتاغلىق تۇز چىقىدىغان رايونلارنىڭ بىرى. بىزنىڭ ئىگەللىشىمىزچە، ئۇ چاغدا جىڭدا تۇرۇشلۇق دۈشمەن ئارمىيىسىدە گومىنداڭ 45 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئىككى پولكى، زاپاس 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ 24 - پولكى، تاغ زەمبىرەكى قىسىملىرى بولۇپ جەمئى 7 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بار ئىدى. ئۇلار جىڭنى مەركەز قىلىپ، يۈگجىخۇ، باجاخۇلارنى تايانچ قىلىپ، قارا تۇمشۇق، قۇمبۇلاق، كۆل ئۆتەڭ، توغراق چازا قاتارلىق مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىنى ساقلايتتى. دۈشمەن 45 - دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى گېنېرال گوچى ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى ئىدى. دۈشمەن جىڭدىكى ئاممىنى كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىپ، ئاھالىلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، دەل - دەرەخلىرىنى كېسىپ، ناھايىتى كۆپ پوتەيلەرنى قۇرغان. ھەمدە كۆپلىگەن مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ياسىغان، شۇنداقلا نۇرغۇن خەندەكلەرنى قېزىپ، ئۇنىڭغا لىقمۇ - لىق سۇ توشقازغان ئىدى.

ئۇ چاغدا مىللىي ئارمىيىنىڭ جىڭ ناھىيىسى ئەتراپىدا تەخمىنەن 4 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىلى 2 - پولك، مۇستەقىل زەمبىرەك باتاليونى داخېيەنزىدە تۇراتتى، تېكەس 1 - پولكى ئاچال داۋانىدا تۇراتتى. ئىلى 4 - پولكىنىڭ 2 -، 3 - باتاليونى زاپاس ئەترەت قىلىنىپ، سەنتەي ۋە ۋۇتەيلەردە تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە خۇيزۇ باتاليونى ۋە شىۋە روتىلىرى بار ئىدى.



خېلى بۇرۇنلا، 1945 - يىلى 7 - ئايدىلا، ئارمىيىمىزنىڭ 65 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر پارتىزان ئەترىتى شىخو بىلەن جىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سارغازار دېگەن جايغا يېتىپ كېلىپ، ئالدى بىلەن شىخو، سارغازار ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىدا تۇرۇشلۇق دۈشمەنگە ۋە سارغازار بىلەن نىلقا ئوتتۇرىسىدىكى چاغاراي داۋىنىدىكى دۈشمەنگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى داۋاننى تېزلىكتە ئىشغال قىلىپ، جىڭدىن شىخوغىچە بولغان تېلېفون سىمىنى كېسىپ تاشلاپ، كۆۋرۈكلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، قاتناش قوراللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ جىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن شەرت ھازىرلىغان ئىدى.

جىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا، ئارمىيىمىز ئالدى بىلەن يۈجىڭخۇ ۋە باجاخۇنى ئىشغال قىلىشنى قارار قىلدى. چۈنكى بۇ ئىككى جايدا گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئەسكىرىي كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەمدە نۇرغۇنلىغان پوتەيلەر ياسالغان ۋە كۈچلۈك ئوت كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ يەر جىڭ ناھىيىسىنى ئازات قىلىشتىكى غايەت زور توسالغۇ ھېساپلىناتتى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 تە، ئارمىيىمىز يۈجىڭخۇدىكى دۈشمەننىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىگە ھۇجۇم باشلىدى ۋە كەسكىن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ تاشلىدى. دۈشمەن ئارمىيىسى ئىستىھكامىنى تاشلاپ، ئەس - ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا باجاخۇغا قاراپ قاچتى. ئارمىيىمىز يۈجىڭخۇنى ئىشغال قىلدى. بۇ جەڭدە شىۋە باتاليونى دۈشمەن بىلەن قۇچاغلاشما جەڭ قىلدى، نۇرغۇن شىۋە جەڭچىلىرى شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ باتۇرانە ئىش - ئىزلىرى مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر، جەڭچىلەرگە ئىلھام بولدى. ئۇنىڭدىن

كېيىنلا، باجاخۇنى ئىشغال قىلىشتا، بىزنىڭ ئەلىي 2 - پولكىمىز غەرپتىن، خۇيزۇ باتالىيونى غەربىي شىمالدىن، شىۋە باتالىيونى شىمالدىن كېلىپ باجاخۇنى تېزلىكتە قورشىۋالدى، تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى ئالدى بىلەن شەرقتىن ھۇجۇم باشلىدى، زەمبىرەك باتالىيونى باجاخۇنى توپقا تۇتتى. جەڭ باشلانغان چاغدا، دۈشمەن تاشيولنىڭ جەنۇبىغا قۇرۇلغان ئاكوپلاردىن پايدىلىنىپ، زىچ ئوت كۈچى ئارقىلىق ئارمىيىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توساپ، خېلى زور چىقىمغا ئۇچراتتى، ئەلىي 4 - پولكىمىزنىڭ 1 - باتالىيونى پارتلاتقۇچىلار گۇرۇپپىسىنى چىقىرىپ، دۈشمەننىڭ يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان ئوقلىرىغا قارىماي، دۈشمەن ئاكوپىغا قاراپ باتۇرلۇق بىلەن ئېتىلدى. كۈرەش قەھرىمانى نادىروپ زىخرۇللا (ئازاتلىقتىن كېيىن مەملىكەتلىك كۈرەش قەھرىمانلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان، كېيىن كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.) باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، 5 جەڭچى بىلەن بىرلىكتە پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ 1 - پوتەيگە 20 مېتىردەك ئارىلىق قالغان جايغا يېتىپ بارغاندا، دۈشمەن ئۇنى سېزىۋېلىپ، پىلىموتتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى، چاڭ - توزاڭ ئۇنى كۆمۈپ تاشلىدى. بۇ چاغدا، ئۇ دۈشمەننىڭ كۆرۈش دائىرىسى چاڭ - توزاڭ بىلەن توسۇلۇپ قالغان قىسقىغىنە ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، دەرھال ئورنىدىن سەكرەپ تۇردىدە دۈشمەن پوتەيى ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، مىلتىق چىقىرىدىغان تۆشۈكتىن بىر باغلام گىراناتنى كىرگۈزۈۋېتىپ، بىرىنچى پوتەينى پارتلىتىۋەتتى، ئارقىدىنلا ئىككىنچى، ئۈچىنچى پوتەيلەرنى پارتلىتىپ، دۈشمەننىڭ ئوت



كۈچىنى بېسىقتۇرۇپ، قىسىملىرىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. ئاندىن ئارمىيىمىز دۈشمەنگە قارىتا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، ئاخىرى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى باجاخۇنى ئىگەللىدى.

باجاخۇ، يۇگجىخۇ مۇداپىئە لىنىيىسى بۇسۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، جىڭدىكى دۈشمەنلەر دەككە - دۈككىدە ئىچىدە قالدى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتاۋى بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جىڭغا ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇردى: خۇيزۇ باتالىيونى بىلەن شىۋە باتالىيونى جىڭنىڭ غەربىي شىمالىدىن ھۇجۇم قىلىش؛ ئەلىي 2 - پولكى بىلەن زەمبىرەك باتالىيونى ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش؛ تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى جىڭنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ قېچىش يولىنى كېسىپ تاشلاش. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەتىگەندە، مىللىي ئارمىيىمىز جىڭغا ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەن جىڭنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى 8 پوتەيگە تايىنىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، تېكەس ئاتلىق 1 - پولكىمىز پارتلاتقۇچىلار گۇرۇپپىسىنى چىقىرىپ، دۈشمەننىڭ ئوت تۆشۈكلىرىنى پارتلىتىۋەتتى، دۈشمەن ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم پوتەيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئارقىمۇ - ئارقا چېكىندى. قالدۇق دۈشمەن جىڭ كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇۋېتىپ، شەرققە قاراپ قاچتى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق ئەترەتلىرى غەلىبە بىلەن قوغلاپ زەربە بەردى، دۈشمەن قارا تۇمشۇق، قۇمبۇلاققا قېچىپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال مۇداپىئە ئۇيۇشتۇردى، بىراق ئاتلىق قىسىم-

لىرىمىزنىڭ ھۇجۇمى شىددەتلىك بولغاچقا، دۈشمەنلەر ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بەرداشلىق بەرگىدەك ھالى قالماي، ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پىتىراپ كەتتى، بىر قىسىم دۈشمەن تەسلىم بولدى، قالدۇق دۈشمەن تاش يولنى بويلاپ شىخوغا قاراپ قاچتى. مىلتىق ھەتتا كىيىم - كېچەكلىرىنى يول ئۈستىدە تاشلىۋېتىشتى. ئۇلار قېچىپ بۇرتاجىغا بارغاندا، ئارمىيىمىزنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىسىملىرى تەرىپىدىن تولۇق يوقىتىلدى. دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى گېنېرال گوچى قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن 200 دىن كۆپرەك ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قاچقاندا، بىزنىڭ قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىملىرىمىز كونا شىخو، يەنسىخەي، كۈيتۈڭ ئەترابلىرىدا توسۇپ زەربە بېرىپ يوقاتتى، گېنېرال گوچى تىرىك ئەسىرگە چۈشتى. جىڭ ئۇرۇشىدا، بىز جەمئى 3 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى ئەسىرگە ئالدۇق. ئەسىرلەر ئىچىدە بىر نەپەر گېنېرال، ئىككى نەپەر شاڭشياۋ، 4 نەپەر جۇڭشياۋ، 15 نەپەر مايور، 198 دىن ئارتۇق باشقا ئوفىتسېرلەر بار ئىدى. ئېغىر قوراللاردىن 12 دانە مىناميوت، 9 دانە چوڭ زەمبىرەك، 38 دانە پىلىموت ۋە زور مىقداردا ھەربى ئەشيالار غەنىمەت ئېلىندى.

مىللى ئارمىيە قوشۇنلىرى پائال تۈردە جىڭ، شىخولارغا ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان چاغدىلا، شىمالىي يۆنىلىش قىسىملار كەڭساي 3 - ئاتلىق پولكىنى ئاساس قىلىپ، دۆربىلجىن، چۆچەككە ھۇجۇم قوزغاپ، ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قازاندى، شۇنداق قىلىپ 1945 -



يىلى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۆربىلجىن ئازات قىلىندى. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازات قىلىندى. بۇ جايدىكى دۈشمەننىڭ بىر قىسمى بىزگە ئەسىر چۈشتى، بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى (46 - يىلى تىنچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلارنى قايتۇرۇپ بەردى، 3 ۋىلايەت تەرەپ ئۇلارنى ئەسىر قاتارىدا گومىنداڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى). تارباغاتاي، دۆربىلجىن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، مىللى ئارمىيە تېزلىكتە ئالتايغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. كەڭساي ئاتلىق 3 - پولكىنىڭ ئاساسلىق كۈچى 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قوبۇقسارنى ئازات قىلدى، 24 - كۈنى قوبۇقساردىن بۇرچىنغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئالتايدىكى دەلىلقان (ئۇ چاغدا دەلىلقان ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى ئىدى، كېيىن مىللى ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى بولدى) پارتىزانلىرىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بۇرچىننى ئازات قىلدى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بىزنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىمىز سارسۇمبا يېنىدىكى ئاۋېتەندە دەلىلقان پارتىزانلىرى بىلەن قوشۇلدى. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سارسۇمبىگە بېرىپ قادالدى، ئالتاي ناھىيىسىنى ئازات قىلدى. ئالتايدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى جەنۇبىي يول ئارقىلىق گۈچۈڭگە قېچىپ كېتىش غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقتىن، 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاشقى موڭغۇلغا قېچىپ كېتىش مەقسىدى بىلەن ئالتاينىڭ شىمالى ئارقىلىق ئورمىڭاتى داۋىنىغا قاراپ قاچتى. ئارمىيىمىز بۇ ئىشتىن خەۋەر

تاپقاندىن كېيىن قىسىملارنى ئالدىنلا ئورمىگاتى داۋىنىغا مۆكتۈرۈپ قويدى. دۈشمەن ئورمىگاتى داۋىنىغا يېتىپ كەلگەن چاغدا داۋان ئۈستىدە توسۇپ ياتقان قىسىملىرىمىز دۈشمەنگە ئوق ياغدۇردى. دۈشمەن كۆپ قېتىم قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ باققان بولسىمۇ ئاخىرى يەنىلا مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەرنىڭ ئىككى قاسنىقى ئېگىز تاغ بولغانلىقتىن، دۈشمەن قېچىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئاخىرى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تەسلىم بولۇش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭ ئالتاي قورچاق ۋالىيسى گاۋ بەييۈ بىلەن گومىنداڭ ئالتاي قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى گېنېرال ۋەن لىنيۈڭ تەسلىم بولۇش توختامىغا قول قويدى. قورچاق ۋالى گاۋ بەييۈ، گېنېرال ۋەن لىنيۈڭ ۋە 8 - پولكنىڭ كوماندىرى پەن جىيۈەن قاتارلىق 152 نەپەر ئوفىتسېر، 1684 نەپەر جەڭچى ئەسىرگە ئېلىندى. 1486 تال مىلتىق، 52 دانە ئېغىر - يېنىك پىلىمۇت، 8 دانە مىنامىيوت، 600 دانە ئات ۋە نۇرغۇن ئوق، گىراناتلار غەنىمەت ئېلىندى. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئالتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازات قىلىندى.

1945 - يىلى يازدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئابدۇكېرىم ئاببا سوپ، قاسىمجان قەمبىرى ۋە سوپاخۇنلارنىڭ باشلامچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا پارتىزان ئەترىتى ئەۋەتىپ باي بىلەن ئاقسۇغا چۈشۈرۈپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىن ئامىمنى قوزغاپ پارتىزانلىق ھەركىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇتۇپ تۇرۇشنى قارار قىلدى.

150 دىن ئارتۇق قاۋۇل كىشىلەردىن تەشكىل قىلىنغان



بۇ ئەترەت 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدىن يولغا چىقتى.

جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشتا، ھۇجۇم قىلىش يۆنىلىشىنى توغرا تاللاش ئەڭ قىيىن بىر مەسىلە ئىدى. ئەسلىدە موڭغۇلكۈرەنىڭ جەنۇبىدىن يولغا چىقىپ شىپالىق داۋىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قورغانغا ئۇدۇل يول ئېلىپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش پىلانلانغان ئىدى. يولداش ئابدۇكېرىم ئاببا سوپ ۋە يولداش سوپاخۇنلار ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشلاش ئۈچۈن، پارتىزانلار ئەتىسى غۇلجا شەھىرىدىن يولغا چىقىش بىلەنلا ، مۇز داۋاننىڭ يەر شارائىتى ۋە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق دۈشمەن ئەھۋالىنى تېزدىن ئىگەللەپ كېلىشكە تەجرىبىلىك رازۋېتچىك ئەۋەتتى. رازۋېتچىكلار ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ مۇز داۋاندا چازا قۇرۇپ قاراۋۇل ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن، داۋاننى يىل بويى قاپلاپ تۇرغان قار ۋە مۇزلار ئۇزۇندىن بېرى چېقىلمىغانلىقتىن، ھەر كۈنى دېگىدەك ئېگىزلەپ، ئىنسى - جىن ئۆتەلمىگىدەك بولۇپ كەتكەنلىگىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كەسكىن ھالدا تېكەسنىڭ شەرقىدىكى ئاقبۇلاق ئارقىلىق تىيانشاندىن ئۆتۈش قارارىغا كەلدى. پارتىزانلار ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھ بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تاغ باغرىنى بويلاپ ئىلگىرىلىدى. بۇ يول ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، بىر قانچە قارلىق داۋاندىن ئۆتمەي تۇرۇپ، ئاقبۇلاقتىن ئۆتۈش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ۋە يۈزدىن ئارتۇق ئات - ئۇلاق بىلەن قارلىق تاغدا ئۇدا بىر نەچچە كۈن يۈرگەچكە، ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى، يوللارمۇ بارغانسېرى

تارلىشىپ قالدى. ئۇ ئاق داۋاندىن ئۆتۈۋاتقاندا، بەزىلەرنىڭ ئاتلىرى ھاڭغا غۇلاپ كەتتى. بىھۇدە چىقىمنى ئازايتىش ۋە قىسىملارنىڭ جەڭگىۋار كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يۆنۈلۈشنى ئۆزگەرتىپ، تېكەسنىڭ كۆكسۇ بېشىدىكى چوڭ قوشتاي ئارقىلىق باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قىيىر دىگەن جايغا قاراپ يۈرۈش قىلىش قارار قىلىندى. ئۇلار تاغ - ئىدىرلىقلاردىن ئۆتۈپ، ئەزەلدىن ئىنسان ئىزى باسمىغان يوللارنى بېسىپ، ھېچقاچان ئادەم چىقىپ باقمىغان چوققىلارغا چىقىپ، 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كىشىنى ھەيران قىلارلىق جاسارەت بىلەن قىيىر دىگەن جايدا ئۆزىنى كۆرسەتتى.

پارتىزانلار ھېرىپ - چارچىغانلىقىغا قارىماي، چاقماق تېزلىكىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قىيىردىكى دۈشمەنلەرنى ئەس - ھوشىنى تېپىپ بولغىچە يوقاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن، پارتىزانلار غەرپكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى باينى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئەتىسى مەزكۇر ناھىيىنى ساقلاپ ياتقان بىر لىيەن دۈشمەنگە 3 تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ھايات - ماماتلىق جېڭى باشلىنىپ كەتتى. جەڭ 4 سائەت كەسكىن داۋام قىلىپ، دۈشمەننىڭ بىر پەي ئەسكىرى ھەقىقەتكە قايتقاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى.

باينىڭ ئازات قىلىنغانلىقى ئاقسۇدىكى دۈشمەنلەرنى ئالاقزادە قىلىپ ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى پارتىزانلارنى باشلاپ داۋاملىق غەرپكە يۈرۈش قىلىپ، ئىلى بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى قورغان ئېغىزىنى قولغا كەلتۈرۈپ،



ئاقسۇ ناھىيىسىگە يۈرۈش قىلدى.

پارتىزانلار ئەترىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى يانتۇ تاغ باغرىلىرىنى بويلاپ غەرپكە يۈرۈش قىلىۋاتقان چاغدا، قىرىشقاندەك شاقىراپ يامغۇر ياغقىلى باشلىدى. ساي - سايلاردىن چىققان كەلكۈن ھەيۋەتلىك سەل ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىزانلارنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسيالمىدى. ئۇلار سۇ كېچىپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قورغانغا يېتىپ بېرىپ، شۇ كېچىسىلا قورغاننى ساقلاۋاتقان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. پارتىزانلارنى سېپىل تۈۋىگە يېقىن كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن، دۈشمەن سېپىل ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنى بۇزۇپ، نۇرغۇن ھاشالارنى سېلىپ، قورغان ئەتراپىدا مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇۋالغان بولغاچقا، گەرچە جەڭ 6 سائەت داۋام قىلغان بولسىمۇ، پارتىزانلار ئانچە ئىلگىرىلىيەلمىدى. دەل مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، دۈشمەننىڭ ئاقسۇ ۋە ئاقسۇ كونىشەھەردىن ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇنى قورغانغا قاراپ يولغا چىقتى دىگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىش بىلەنلا، دەرھال يىغىن ئېچىپ، ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، قورغانغا ھۇجۇم قىلىشنى ۋاقتىنچە توختۇتۇپ، دۈشمەننى داۋاملىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇشقا بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ قالدۇرۇشنى، كۆپ قىسىم ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىشنى قارار قىلدى. پارتىزانلار كېچە سائەت 12 بىلەن يولغا چىقىپ، ئاقسۇ كونىشەھەردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆز ئاۋات دىگەن جايغا بېرىپ يوشۇرۇندى. دۈشمەننىڭ

يارده‌مگه كه‌لگه‌ن قىسىملىرى بۇ جايغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا، پارتىزانلىرىمىزنىڭ تويۇقسىز زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، بىرمۇنچىسى يارىدارلاندى ۋە ئۆلدى. قالغانلىرى ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، ئۆلە تىرىلىشىگە قارىماي، كەلگەن جايى ئاقسۇغا قاراپ تىكىۋەتتى.

دۈشمەننىڭ ئاقسۇدىن ياردەم بەرمەكچى بولغان غەرىزى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي قورغاندا مۇھاسىرىگە ئېلىنغان ئەسكىرىي كۈچىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، يەنە كۇچار، ئاقسۇ تەرەپتىن داۋاملىق ئەسكەر يۆتكىدى. گومىنداڭنىڭ كۇچاردا تۇرۇشلۇق 4-پولكىنىڭ كوماندىرى ما × × باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچى باي ناھىيىسىنى قايتىدىن بېسىۋېلىپ، قاتناش تۈگۈنلىرىنى قامال قىلىۋالدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پارتىزانلار دەرھال قورغاننى ئېلىپ، ئىلى بىلەن مۇز داۋان ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنى ئېچىپ، ئىلىدىن كېلىدىغان ياردەم كۈچىگە ئىگە بولۇش قارارىغا كەلدى.

8-ئاينىڭ 24-كۈنى تاڭ سەھەردە، پارتىزانلار قورغاننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئاقچوقىدىن قورغاننى ساقلاپ ياتقان دۈشمەنگە قارشى 2-قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتتى.

8-ئاينىڭ 25-كۈنى سەھەردە، كۇچار، ئاقسۇ تەرەپتىكى دۈشمەننىڭ ياردەمچى قىسىملىرى قورغانغا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. ۋەزىيەت شۇنداق جىددىي ئىدى. بارلىق پارتىزانلار قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆزىنى پىدا قىلىشتىن قورقماي،



يامغۇردەك تۆكۈلىۋاتقان ئوققا پىسەن قىلماي، دۈشمەنگە قارشى باتۇرانە جەڭ قىلىپ، قورغاندىكى ئىگىزلىكنى تېز ئىگەللىۋالدى. بىراق قورغان سېپىلىدىكى دۈشمەنلەر پىلىموت بىلەن غالجىرانە ئوق ياغدۇرۇپ، ئۆتەر يولنى قاتتىق قامال قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، پارتىزانلارنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى قىيىنغا چۈشتى. پارتىزانلار ئەترىتىدىكى مىجىت، مەھەممەت ھاپىز، مۆمىن تالىپ قاتارلىقلار بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن؛ كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئوت كۈچىمىزنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، دۈشمەن پوتەيلىرىگە يېقىنلاپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى تۈگۈنلىرىنى بىر-بىرلەپ ئۈجۈقتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار ئومۇمىي يۈزلۈك ئاتاكىغا ئۆتۈپ، پوتەيلەرنى ئىگەللىۋالدى. قورغاندىكى جاھىل دۈشمەنلەرنىڭ بىر قىسمى يەر چىشلىگەن بولسا، كۆپ قىسمى ئەسىرگە چۈشتى. دۈشمەن لىيەنجاڭى لى شىجۈن قاتارلىقلار ئۈمىت ئۈزۈپ، ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. شۇ قېتىمقى جەڭدە 17 دانە ئېغىر-يېنىك پىلىموت، 170 تال مىلتىق، 20 دانە تاپانچا، 100 مىڭ تالدىن ئارتۇق ئوق غەنىمەت ئېلىندى. بۇنىڭدىن كېيىن، پارتىزانلار ئەترىتى بىر پەي ئەسكەر كۈچى ئەۋەتىپ، شىپالىق مۇز داۋاندىكى چازىدا تۇرۇشلۇق دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، توسالغۇلارنى تازىلاپ، ئىلى بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنى ئاچتى.

قورغاندىكى جەڭنىڭ غەلىبىسى پارتىزانلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە چىڭىتتى. دۈشمەننىڭ كۇچار، ئاقسۇدىكى ياردەمچى قىسىملىرى قورغاننىڭ قولدىن

كەتكەنلىگىنى ئاڭلاپ، جان - پېنى چىقىپ، ئۈگىسىغا قاراپ بەدەر قاچتى.

پارتىزانلار پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئاقسۇنى ئازات قىلىش ئۈچۈن، ئومۇمى يۈزلۈك تەييارلىق قىلىپ، تۆغ بەلچى دىگەن جايدا قوشۇننى تولۇق بىر ھەپتە تەرتىپكە سالدى ۋە دەم ئالدۇردى. ھەر مىللەت ياشلىرى قوشۇنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى كەينى - كەينىدىن تىزىمغا ئالدۇردى، بۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار ئەترىتى تېزلىكتە تەرەققى قىلىپ 250 نەچچە ئادەمگە يەتتى. پارتىزانلار ئەترىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن مىللى ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتاۋى يەنە بىر مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر روتىسىنى ئەۋەتتى، ئۇلار تېكەس ئارقىلىق تىيانشاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ بايغا بېرىپ، دۈشمەن ئىشغال قىلىۋالغان باينى بىر ھۇجۇم بىلەن يەنە قايتۇرۇۋالدى. مەزكۇر ئاتلىق ليەننىڭ بىر قىسمى بايدا قالدۇرۇلۇپ، قالغانلىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ۋە سوپاخۇن باشچىلىغىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلدى. ئاقسۇنى ئازات قىلىشقا ماسلىشىش ۋە ئاقسۇدىكى جەڭنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مىللى ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتاۋى يەنە تېكەس 2 - ئاتلىق پولكىنىڭ بىر قىسمىنى كۇچار، قاراشەھەر چېگراسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كوي كۆز، تەلمەت داۋانلىرىغا كۈچلۈك زاستاپ قۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئاقسۇغا ئەسكەر يۆتكىشىگە تەھلىكە سېلىشقا ئەۋەتتى.

مۇشۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەتتە، پارتىزانلار ئۇدۇل ئاقسۇ كونىشەرگە قاراپ يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە، گومىنداڭنىڭ



ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىر تەرەپتىن پارتىزانلارنىڭ كۈچىنى سىناش، يەنە بىر تەرەپتىن رەزىل مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋالىسىغا ئىككى نەپەر مۆتىۋەر بەگنى قوشۇپ ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، پارتىزانلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ دۈشمەن ئەۋەتكەن ئەلچىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە، ئوچۇق ۋە كەسكىن ھالدا: «بىزنى قورال - ياراقلارنى تاشلاپ تەسلىم بولىدۇ دەپ ئويلىشىڭلار پۈتۈنلەي خام خىيال، سىلەر زاۋاللىققا يۈز تۇتقان كۈچ، سىلەر تېچلىق بىلەن تەسلىم بولساڭلار بىز قارشى ئالىمىز، بۇ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان كۈتۈلگەن سەمىمى ئۈمىدى. ۋالى جاناپلىرى بىز خېلى ئوبدان تونۇشقۇ دەيمەن، ئۆزىڭىز ئىلىدىن ئاقسۇغا يۆتكەلگەن بولسىڭىزمۇ، لېكىن بالا - چاقىلىرىڭىز ئىلىدىن تېخى يۆتكىلىپ كەتكىنى يوق. بالا - چاقىلىرىڭىز ساق - سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋالنى يېنىڭىزدىكىلەرگە ۋە ئۆز يېقىنلىرىڭىزغا تەشۋىق قىلىڭ!» دىدى. ئەلچىلەر ئابدۇكېرىم ئابباسوپلارنىڭ قەتئى مەيدانى، پارتىزانلارنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سەھەردە، پارتىزانلار ئاقسۇ كونىشەرگە يېتىپ بېرىش بىلەنلا، مەزكۇر ناھىيىدە تۇرۇشلۇق دۈشمەنگە ھۇجۇم باشلىدى. جەڭ تۇيۇقسىز باشلىنىپ، تېز ئاياقلاشتى. جەڭدە دۈشمەننىڭ كۆپچىلىگى ئەسىرگە چۈشتى، بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ كونىشەر ئازات قىلىندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئاقسۇ كونىشەر خەلقىغە نۇتۇق سۆزلەپ، گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىنقىلاپ داۋلىلىرىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە دۈشمەندىن غەنىمەت ئېلىنغان ئاشلىقلارنى پۈتۈنلەي خەلققە تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئاشلىققا ئېرىشكەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى خۇشاللىقتىن دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ، پارتىزانلار ئەترىتىگە بارىكاللا ئوقۇدى، پارتىزانلارنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاتلىققا ئېرىشىش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئەمەلىي ھەرىكىتى، خەلق ئاممىسىنى پارتىزانلار ئەترىتىگە تېخىمۇ ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان قىلدى. نۇرغۇنلىغان خەلق ئاممىسى ئۆزلىگىدىن ئات، ئۇلاق، ئوزۇق - تۈلۈك ياردەم قىلدى، بەزى كەمبەغەل دېھقان ۋە چارۋىچىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى قوشۇنغا بەردى، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 100 دىن ئارتۇق دېھقان ئەزىمەتلىرى قولىغا قورال ئېلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى.

ئاقسۇنى ئازات قىلىش ئىنتايىن جاپالىق ۋەزىپە ئىدى. قورغان ۋە ئاقسۇ كونىشەھەردىكى جەڭلەردە قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىققان گومىنداڭنىڭ ئاقسۇ يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ 5 - پولكى، بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى شەھەر ئىچىگە توپلىدى ھەمدە ئۈچتۇرپاندىكى مۇداپىئە ئەترىتىدىن 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ قوغدىنىشنى كۈچەيتتى، ئۇلار سېپىل ئەتراپىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆي - ۋاقلىرىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، چوڭقۇر خەندەك كولاپ، ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇپ، تۇسالغۇ ئورناتتى ھەمدە ئىستىھكاملارنى



قۇرۇپ، كېچە - كۈندۈزلەپ ساقلىدى، ئۇلار پارتىزانلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربە بېرىشىدىن قورقۇپ، كەچلىرى سېپىلگە نۇرغۇن چىراق يېقىپ قوياتتى.

پارتىزانلار ئەترىتى سېپىلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرىنى پۇختا ئىشلەپ، 50 نەچچە شوتا تەييارلىدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شەرقتىن سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە، ھۇجۇم باشلاندى، پارتىزانلار ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن زەربە بېرىپ ئالدى بىلەن بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچى بىلەن سېپىلگە شىمالدىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئوت توچكىسىنى يۇردى؛ جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، سېپىل ئىچىدىكى دۈشمەنلەر پاي - پېتەك بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچىمىز سېپىلنىڭ غەربىي تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. 3 نەپەر پارتىزانىمىز ئالدى بىلەن سېپىل يېنىغا بېرىپ، شوتا قويۇپ باتۇرلۇق بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقتى، ئۇلارنى دۈشمەن سېزىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئوق تېگىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. ۋەھشى دۈشمەنلەر بۇ 3 نەپەر پارتىزاننىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، سېپىلنىڭ بۇرجەكلىرىگە ئېسىپ قويدى. بۇ پاجىئەلىك ۋەقە بارلىق پارتىزانلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىۋەتتى. ئۇلارنىڭ قىساس ئېلىش ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئاشتى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ دەرغەزەپكە كېلىپ، پارتىزانلارغا قاراپ: «يولداشلار، جاللاتلار مۇشۇ يول بىلەن بىزنى تىز پۈكتۈرمەكچى بولىۋاتىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ خام خىيالى، بىز دۈشمەننى ئۆزۈل - كېسىل يوقىتىپ، قۇربانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىمىز كېرەك» دەپ توۋلىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ

جەڭ مەيدانىدىكى سەپەرۋەرلىكى، پارتىزانلارنى تېخىمۇ باتۇر ۋە قەيسەر قىلدى، ئۇلار دۈشمەنگە قارشى قايتا - قايتا ئاتاكىغا ئۆتتى، ئاتاكىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان پارتىزان جەڭچى قولىدىكى پىلىموت ئارقىلىق سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنگە قارىتىپ غەزەپ ئوقلىرىنى ياغدۇردى، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەن پىلىموتىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. دۈشمەننىڭ بىر نەچچە ئەسكىرى سېپىلدىن موللاق ئېتىپ چۈشتى...... بىر نەچچە كۈنلۈك جەڭدە، دۈشمەن جەسەتلىرى ھەممىلا يەرنى قاپلىدى. بەزى پارتىزانلىرىمىز گەرچە يارىلانغان بولسىمۇ، جەڭ مەيدانىدىن قايتماي، يارىلىرىنى تېڭىۋېلىپ، جەڭنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار پەقەت دۈشمەننى كۆپلەپ يوقىتىشنىلا ئويلايتتى......

شۇ كۈنلەردە، سېپىلدىكى دۈشمەنلەر تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ئۇلار ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشتى، پارتىزانلار بىلەن ئالاقىسى بار دېگەننى بانا قىلىپ، ئىنقىلاۋىي ياش، ئىلغار زات ۋە بىگۇناھ ئاممىنى ئۆز مەيلىچە تۇتتى ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسى ساقچى ئىدارىسى ئېتىش، چېپىش ۋە تىرىك كۆمۈشتەك قەبىھ ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەر بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياخشى ئوغلانى، مۇنەۋۋەر ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ 28 نەپەر ئەزاسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

پارتىزانلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق قايغۇردى ھەمدە ئاقسۇنى ئىشغال قىلىپ، قۇربان بولغانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئىرادىسىنى چىڭىتتى. پارتىزانلار بەزىدە تۇيۇقسىز



ھۇجۇم قىلىش، بەزىدە جەڭنى توختىتىپ قويۇشتەك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دۈشمەننى دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدۇرۇپ، مۇھاسىرىگە ئېلىش جېڭىنى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە داۋام قىلدى.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان ۋە سوپاخۇنلار مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇقتۇرۇشتا: «3 ۋىلايەت گومىنداڭ مەركىزىي ۋەكىللىرى بىلەن ئۈرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ باردى، ئىككى تەرەپ ئۇرۇشنى توختىتىدۇ، شۇڭا سىلەر قىسىملارنى ئېلىپ ئىلىغا قايتىپ كېلىڭلار» دېيىلگەن. بۇ ئىش نۇرغۇنلىغان جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ ئىشتاپ رەھبەرلىكى نۇرغۇن تەربىيە خىزمىتى ئىشلەپ، ئۇلاردىن بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، پارتىزانلار ئەترىتى ئىلىغا قايتىپ كەلدى. پارتىزانلار قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قوشۇنى ئۇرۇشنى توختىتىش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، پارتىزانلار چېكىنىپ چىققان جايلارنى يېڭىۋاشتىن ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمايدىغان رەزىل ئەپتى بەشىرىسى يەنە بىر قېتىم خەلق ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاندى.

گومىنداڭ ئارمىيىسى 3 ۋىلايەت ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇدا پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىنىڭ روھى ئىنتايىن چۈشكۈنلىشىپ كەتتى، ھەتتا ماناسنى ساقلاۋاتقان دۈشمەنلەرمۇ ئۈرۈمچىگە

قېچىشقا باشلىدى. ئىچكى قىسىمدا ئىدىيە جەھەتتە تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بىر قىسمى ئائىلە تەۋەلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئىچكىرىگە ماڭغۇزدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىملىرىنىڭ ئاۋانگارتى — ئاتلىق قىسىم باتۇرلۇق بىلەن شىددەتلىك يۈرۈش قىلىپ، ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ مەركىزى — ئۈرۈمچىگە بىۋاستە تەھدىت سالدى. بۇ چاغدا، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقتىن، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى تەرىپىدىن ئالدىدىكى قىسىملارغا قايتا شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەشنى توختىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ماناسقا ھەدەپ ئەسكەر يۆتكىدى، ئىككى تەرەپ ماناس لىنىيىسىدە ئىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئۇ چاغدا، ماناستا گومىنداڭ ئىككىنچى كورپۇسىنىڭ ئىشتابى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق پەۋقۇلئاددە خىزمەت باتالىيونى، 11 - دىۋىزىيىسىنىڭ 31 - 32 - پولكلىرى، زاپاس دىۋىزىيىسىنىڭ 3 باتاليونى قاتارلىق قىسىملىرى بار ئىدى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىستىراتېگىيىلىك ھۇجۇمدىن ئىستىراتېگىيىلىك مۇداپىئەگە ئۆتتى. بۇ ۋاقىتتا، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىن: سۈيدۈڭ 1 - پولكى، ئىلى 2 - پولكى، مۇستەقىل ئاتلىق بىرىگادا (بۇرۇنقى كەڭساي 3 - ئاتلىق پولك كېيىن بىرىگادا قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ئىدى)، تارباغاتاي ئاتلىق 5 - پولكى، توققۇزتارا ئاتلىق پولكى، ئىلى زاپاس 4 - پولكى،



مۇستەقىل زەمبىرەك باتالىيونى، موڭغۇل باتالىيونى، خۇيزۇ باتاليونى، شىۋە باتالىيونى، مۇھاپىزەت باتالىيونى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئارمىيىمىز ماناس دەرياسىنى بويلاپ 55 كىلومېتىر كەڭلىكتە، 60 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا (ساۋەن، يەنسىخەيلەرگىچە) ئۇرۇش تەييارلىقى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. گومىنداڭ قىسىملىرى ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىغە توپلىنىپ، بىز بىلەن ئىركىشىش ۋەزىيىتىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. ماناس دەرياسى ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا سىزىقى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ 3 ۋىلايەتتىكى قوراللىق كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى مۇستەھكەملەندى.

## 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ۋەكىلى بىلەن تېچلىق بىتىمى ئىمزالىشى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىتىمنى بۇزۇشى

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، دۇنيا ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. فاشىزىمغا قارشى كۈرەش ھەل قىلغۇچ غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. مەملىكىتىمىز ئىچىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتى. ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش، مەملىكەت ئىچىدە تېچلىق - دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، رەئىس ماۋزېدۇڭ شەخسەن ئۆزى چۇڭچىڭغا بېرىپ جياڭجيېشى بىلەن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، مۇستەقىل، ئەركىن، باي ھەم قۇدرەت-

لىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش توغرىسىدا «10 – ئۆكتەبىر كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قارىتا داۋاملىق قوراللىق باستۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈلسە، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىنىڭ يالقۇنىنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلىپ، 3 ۋىلايەت مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىچكى – تاشقى يېڭى ۋەزىيەتكە ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەت ئىچىدە تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدىكى سىياسى تەشەببۇسىغا ئاساسەن، گومىنداڭ بىلەن مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا قوشۇلدى. 1945 – يىلى 10 – ئاينىڭ 10 – كۈنى ئىككى تەرەپ قوراللىق كۈرەشنى توختىتىپ، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىنىڭ ۋەكىلى ئۈرۈمچىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى. 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش داۋامىدا، ئەينى چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋە ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئىككى تەرەپنىڭ ئۇچرىشىشىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

1945 – يىلى 10 – ئاينىڭ 12 – كۈنى، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى رەخىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. گومىنداڭ مەركىزى ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى 10 – ئاينىڭ 14 –



كۈنى چۇڭچىڭدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئۈرۈمچىدە رەسمى سۆھبەت باشلىدى.

سۆھبەت باشلانغان چاغدا، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئەڭ ئالدى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن ئېلىپ كەلگەن 12 ماددا، 5 تارماقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش، خەلقنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكى، مال – مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، سۆز – ھەركەت، ئولتۇراقلىشىش، نەشر قىلىش، يىغىلىش، نامايىش قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر ئاي ئىچىدە ۋەقە يۈز بەرگەن رايون (3 ۋىلايەتنى دېمەكچى) نىڭ تەرتىۋىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يېزا – بازارلاردا باۋجيا (نوپۇس) تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ناھىيىلىك كېڭەشلەرنى قۇرۇش، ۋەقەگە قاتناشقان قوراللىق قىسىملارنى (3 ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسىنى دېمەكچى) تارقىتىۋېتىش، 3 ۋىلايەتنىڭ قانۇنسىز ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى.

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى 2 ماددا، 12 تارماقلىق بىر لايىھەنى تۈزۈپ چىقىپ، 10 – ئاينىڭ 16 – كۈنىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىككى لايىھەدە تۈپلۈك ئىختىلاپلار بولدى، بۇ ئىختىلاپلار ئاساسەن، يەرلىك مۇختارىيەت، سايلام ئۆتكۈزۈش، مىللى قىسىم قۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىپادىلەندى، بۇنىڭغا قارىتا

گومىنداڭ تەرەپ تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

مىللى ئارمىيە ھەققىدە: مىللى ئارمىيە قۇرۇشتا مىللى شەكىلنى ساقلاش؛ ئارمىيىنىڭ سانىنى كۆپەيتمەسلىك؛ ئامانلىق ساقلاش پولكى تەشكىللەشنى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش؛ بۇ قىسىملارنىڭ كەم سانىنى يەرلىك مىللەتلەردىن تولۇقلاش؛ تەلىم-تەربىيە ۋە بۇيرۇق، كوماندىلار شۇ جايدىكى مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىدا بولۇشنى پىرىنسىپ قىلىش؛ ئوفىتسېرلار مەكتىۋىدە ئوفىتسېرلار ئەۋەتىپ تەربىيىلەش؛ بۇ قىسىملار ھۆكۈمەتنىڭ ھەربى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياردەملىشىپ تەلىم ئېلىپ بېرىشىنى قوبۇل قىلىش؛ دۆلەت ئارمىيىسى (گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، بۇيرۇققا ھەر ۋاقىت بويسۇنۇش، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان مىللى ئارمىيىنىڭ ئادەم، ئات، قورال-ياراق سانى، مىللەت تەركىۋى، قىسىملارنىڭ شتاتى، يىغىلىش ۋاقتى، تۇرىدىغان ئورنى، كېيىنكى تەمىناتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى كونكرېت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ دېگەنلەردىن ئىبارەت بولدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىشى توغرىسىدا:

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرى 25 نەپەر بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 10 نەپىرى مەركەزدىن تەيىنلىنىدۇ، بۇ ئۆلكە رەئىسى، نازىر، باشقارما باشلىقلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قالغان ھەيئەتلەردىن 6 نەپىرىنى 3 ۋىلايەت كۆرسىتىدۇ، قالغان 7 ۋىلايەت 9 نەپىرىنى كۆرسىتىدۇ، بولارنىڭ ھەممىسى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، مەركەز تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا نازىر، باشقارما باشلىقى قاتارلىق



ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىدۇ دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى 11-ئاينىڭ 27-كۈنى غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ، بۇ لايىھىنى 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇندى. 12-ئاينىڭ 25-كۈنى 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ، 14 ماددىلىق لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئۆلكە رەئىسى يەرلىك مىللەتلەردىن سايلىنىشى، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مىللى قىسىم تەسىس قىلىنىشى؛ گومىنداڭنىڭ سىياسى ساقچىلىرى بىكار قىلىنىشى؛ 1944-يىلىدىن بۇيان شىنجاڭغا كىرگەن گومىنداڭ قىسىملىرى شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشى لازىم، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ قېتىمدا ئىختىلاپ ناھايىتى زور بولدى. تالاش-تارتىشنىڭ گىرەلەشكەن نۇقتىسى، «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە» ۋە «تىنچلىق»، «بىرلىك» مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولدى. گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى ئالدى بىلەن «تىنچلىق بىلەن بىرلىككە كېلىش»، ئاندىن كېيىن «ئەركىنلىك، دېموكراتىيە» ئۈستىدە سۆزلىشىش كېرەكلىكىدە چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ مەقسىدى ئالدى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش، قوزغىلاڭچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇش، مىللى ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىش، 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، «ئەركىنلىك، دېموكراتىيە» ئۈستىدە مۇشۇ شەرتلەر ئاستىدا سۆزلىشىشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت ئىدى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سۆھبەت جەريانىدا گومىنداڭنىڭ بۇ سۇيىقەستىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئېچىپ تاشلىدى، ئەمما شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تىنچلىقنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسى

نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 3 ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭغا يەنىلا بىر مۇنچە مەسىلىلەردە يول قويدى، شۇنىڭ بىلەن كېلىشىم ئاخىر ئىمزالاندى ھەمدە 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قوراللىق كۈرەشنى توختىتىپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەزمۇن قىلىنغان 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسىنىڭ 1 - سى ئىمزالاندى، ئەمما قوشۇمچىنىڭ 2 - سىدە ئارمىيە مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپ ناھايىتى زور بولۇپ بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكتىن، 11 ماددىلىق بىتىم ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسىنىڭ 1 - سىمۇ ۋاقىتىنچە ئېلان قىلىنمىدى.

1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، جاڭ جىجوڭ ئەپەندى چۆچەككە قايتىپ كەتتى. 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىمۇ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ سۆھبەت بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى.

شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى 4 - قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلدى، جاڭ جىجوڭ ئەپەندىمۇ بىرلا ۋاقىتتا يېتىپ كەلدى. 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سۆھبەت داۋاملىق ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىم 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى مىللىي ئارمىيە توغرىسىدا تۆۋەندىكى لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. مىللىي قىسىملارنى 13 پولك قىلىپ تەشكىللەش، ئۇلار 3 ۋىلايەتتە تۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۈرۈمچى، كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە تۇرۇشى، ئۈرۈمچىدە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى تەسىس قىلىنىشى، ئۇنىڭ قوماندانى 3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلىنىشى، بۇ قوماندان شىنجاڭدا تۇرۇش-



لۇق دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم،

2. 1944 - يىلىدىن بۇيان شىنجاڭغا كىرگەن گومىنداڭ ئارمىيىسى قايتۇرۇپ كېتىلىشى شەرت ھەمدە ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى بىكار قىلىنىشى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسى شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرىكى سانغا چۈشۈرۈلۈشى (ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى، 3 ئاتلىق پولك) يەنى 22 مىڭغا قىسقارتىلىشى لازىم،

ئىككى تەرەپ كەسكىن كۈرەشلەر ئارقىلىق ئاخىرى 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بىتىمنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىنىڭ 2 - سىنى ئىمزالىدى.

11 ماددىلىق بىتىم تۆۋەندىكىچە:

1. ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۇلارنىڭ ئىشەنگەن يولى ئارقىلىق خەلقتىن مەمۇرىيەت خادىملىرى سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ.

بۇ ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەرتىپ بەلگىلىنىدۇ: ۋەقە ھەل بولغاندىن كېيىن، 3 ئاي ئىچىدە ھەر بىر ناھىيىلەردىكى خەلقلەر ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرى تەشكىل قىلىدۇ، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرى ھاكىم (ناھىيە باشلىقى) ۋە ھاكىم مۇئاۋىنلىرىنى سايلايدۇ، قالغان ناھىيە ئىدارىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرىدىن يۇقۇرى خىزمەتچىلىرى ھاكىم تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ، سايلام ئۆتكۈزۈلگەن دەۋرگە قەدەر ۋەقە رايونى، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە ئۇ يەردىكى بار بولغان مەمۇرىيەتلەر ساقلىنىدۇ،

ۋىلايەتلىك ۋەكىللەر (ۋالىلار) ۋە ئۇلارنىڭ مۇئاۋىنلىرى يەرلىك خەلق تەرىپىدىن كۆتىرىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلىنىدۇ، ۋىلايەت دائىرىدىكى ۋەزىپىلەرگە خىزمەتچىلەر ۋىلايەتلىك ۋەكىل (ۋالى) تامانىدىن تەيىنلىنىدۇ، ھەر بىر ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتى تەشكىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلار قانۇنغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى سايلايدۇ، ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى خەلقنىڭ رايىنى تەلەپپۇز ئېتىش بىلەن بىللە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەركىتىنى تەكشۈرىدۇ، ياردەملىشىدۇ، ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىپ ئومۇمى دائىمى سايلام ئۆتكۈزۈلگەنگە قەدەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش چارىلىرى 9-ماددا بويىچە بەلگىلىنىدۇ.

2. ھۆكۈمەت دىنى سىقىشلارغا يول قويماي، خەلققە دىنغا تولۇق ئازاتلىق بېرىدۇ.

3. دۆلەت ئىدارىلىرىنىڭ، مەمۇرى ئىدارىلارنىڭ ۋە سوت ئىدارىلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى دۆلەت تىلى ۋە مۇسۇلمان تىللىرىدا تۈزۈلىدۇ.

ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىگە مۇراجەت قىلىدىغان خەلق ھۆججەتلىرى شۇ خەلقنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا تۈزۈلۈشكە ئىجازەت بېرىلىدۇ.

4. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا بولىدۇ، لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپتە دۆلەت تىلى مەجبۇرى دەرس بولۇپ كىرىدۇ، ئالى مەكتەپلەردە دەرس ئېھتىياجغا قاراپ دۆلەت ياكى مۇسۇلمان تىلىدا يۈرگۈزۈلىدۇ.

5. ھۆكۈمەت مىللى مەدەنىيەت ۋە مىللى سەنئەتنىڭ



ھۆرلۈك بىلەن تەرەققى ئېتىشىنى تەمىن قىلىدۇ.

6. ھۆكۈمەت مەتبۇئاتتا، مەجلىسلەردە، نۇتۇق - سۆزلەردە ھۆرلۈكنى تەمىن قىلىدۇ.

7. ھۆكۈمەت ھەقىقى ئىشلەپچىقىرىش ئوبيېكتلىرىنى ۋە خەلقنىڭ قۇۋۋىتىنى ھىساپقا ئېلىپ، كۈچ-قۇۋۋەتكە قاراپ خىراج بەلگىلەيدۇ، خەلقلەر ھۆكۈمەتكە ئىقتىسادىي ياردەم قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى چۈشەنگىنى ئۈچۈن، بۇ ياردەمنى بېرىشى لازىم دەپ ھىساپلايدۇ ۋە لېكىن ياردەمنىڭ مىقتارى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ئىقتىسادى يۈكسىلىشىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك دەرىجىدە بولۇشنى شەرت قىلىدۇ.

8. ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە داخىلى، خارجى ۋە سودا ھۆرلىگى بېرىدۇ، لېكىن، مەركىزىي ھۆكۈمەتنى خارجى دۆلەتلەر بىلەن تۈزۈلگەن سىرتقى سودا قائىدىلىرىگە سودىگەرلەر رىئايە قىلىشى كېرەك بولىدۇ.

9. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىۋى مەركىزىي ھۆكۈمەت تامانىدىن 25 ئەزاغا قەدەر كۆپەيتىلىدۇ، 25 ھۆكۈمەت ئەزاسى ئىچىدىن مەركىزىي ھۆكۈمەت 10 ئەزا تەيىنلەيدۇ، قالغان 15 ھۆكۈمەت ئەزاسى ھەر بىر ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى تامانىدىن كۆتىرىلىپ مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلىنىدۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىن قىلىنغان 10 ئەزا ئىچىگە ھۆكۈمەت رەئىسى، باش كاتىپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ باشلىغى، مالىيە نازارىتىنىڭ باشلىغى، جەمىيەت ئىدارە باشلىغى، مائارىپ نازارەت باشلىغىنىڭ مۇئاۋىنى، تەمىرات نازارەت باشلىغىنىڭ مۇئاۋىنى، سەھىيە ئىدارە باشلىغى مۇئاۋىنى، ئىككى ھۆكۈمەت ئەزاسى كىرىدۇ. ھەر بىر

ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى تامانىدىن كۆتىرىلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلىنىدىغان 15 ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە: ئىككى ھۆكۈمەت رەئىسى مۇئاۋىنى، ئىككى باش كاتىپ مۇئاۋىنى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىنى، مائارىپ نازىرى، تەمىرات ئىشلار نازىرى، سەھىيە ئىشلار باشلىغى، مالىيە نازارىنىڭ مۇئاۋىنى، جەمىيەت ئىشلار باشلىغىنىڭ مۇئاۋىنى ۋە 5 ھۆكۈمەت ئەزاسى كىرىدۇ. (قالغىنى قوشۇمچىنىڭ 1 ـ سىدە كۆرسىتىلدى).

10. مىللى ھەربىي قىسىملار تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ قىسىملارنىڭ تولدۇرۇلۇشى دائىرىۋى بەلگە بىلەن مۇسۇلمان خەلقلىرىدىن بولىشى شەرت. بۇ مىللى قىسىملار ئىختىلالچى ھەربى قىسىملارنى قايتىدىن دۆلەت ئەسكىرى تەرتىۋىگە مۇۋاپىق قۇرۇش يولى بىلەن تەشكىل قىلىنىدۇ. ئەسكەرلەرنى ئوقۇتۇش ۋە قوماندا بېرىش ئىشلىرى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا بولىدۇ.

بۇ قىسىمنىڭ قوماندانلىرى ئۆز ۋەزىپە ۋە ئۇنۋانلىرىنى ساقلايدۇ ھەم ئۆز دەرىجىسى بىلەن ۋەزىپىنى ساقلاپ تۇرۇپ، بەلگىلىك مۇددەتلەردە ھەربى مەكتەپكە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدۇ.

بۇ قىسىملارغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەلىم ـ تەربىيە بېرىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتىپ، تەلىم بېرىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ.

مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرغۇچى ئەسكىرى مىللى ھەربىي تۇرغان رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ. مەركەزنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە مىللى ھەربى قىسىملىرى ئۆز ئارا دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ساقلاشلىرى ھەمدە ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە قارشى ھىچقانداق دۈشمەنلىك ھەركەتلەر قىلماسلىقلىرى شەرت.



بۇ ئەسكىرى قىسىملارنىڭ سانى، مىقدارى توغرىلىق تۈزىدىغان ئورۇنلىرى ھەققىدە ئايرىم مۇزاكىرە قىلىپ ئايرىم قوشۇمچە تۈزۈلۈپ، ئىمزا قىلىنغاندىن كېيىن كۆچكە ئىگە بولىدۇ. قالغىنى قوشۇمچىنىڭ 2 ـ سىدە كۆرسىتىلدى.

11. ھازىرقى ۋەقەگە ئالاقىدار ھەر ئىككى تەرەپتىن ھەپسىگە ئېلىنغانلار مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن، 10 كۈن ئىچىدە ئىككى تەرەپ باراۋەر ھەپسىدىن بوشىتىدۇ ۋە كېلەچەكتە ئۇلارنىڭ ھىچقانداق سەۋەپلەر بىلەن سىقىلماسلىقىنى ئىككىلا تەرەپ (گىرانت) كېپىللەندۈرىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى:

جاڭ جىجوڭ

خەلق ۋەكىللىرى:

رەخىمجان سابىرھاجى

ئوبۇلخەيرى تۆرە رابات

ئەخمەتجان قاسىمى

جوڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ (1946) يىلى 2 ـ يانۋار كۈنى شەھرى ئۈرۈمچى.

**قوشۇمچە بىرىنچى:**

مەركىزىي جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەم شىنجاڭدىكى ئىختىلال قىلغان جايلارنى ئىشغال قىلغان خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قورالىق جاڭجال مەسىلىسىنى تېچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش توغرىلىق تۈزۈلگەن بىتىمنىڭ 9 ـ ماددىسىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىۋى ھەققىدە ھەر ئىككى تەرەپ را-

زىلىق بىلدۈرگەن قوشۇمچە توختاملىرى تۆۋەندىكىچە:

ھەر ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى تامانىدىن كۆتىرىلىپ مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلىنىدىغان 15 ھۆكۈمەت ئەزاسى ئىچىدىن ۋەقە رايونى، يەنى 3 رايوندىن 6 ھۆكۈمەت ئەزاسى كۆرسىتىلىپ بىرىلىدۇ.

2. يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن 6 ھۆكۈمەت ئەزالار ئىچىگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى مۇئاۋىنى، مائارىپ نازىرى ياكى تەمىرات (ئىسلاھات) ئىشلار نازىرى، ئىچكى ئىشلار نازىرىنىڭ مۇئاۋىنى، باش كاتىپ مۇئاۋىنى، مالىيە نازىرىنىڭ مۇئاۋىنى، سەھىيە ئىدارە باشلىغى ياكى جەمىيەت ئىشلار ئىدارە باشلىغىنىڭ مۇئاۋىنى، بىر ھۆكۈمەت ئەزا كىرىدۇ.

3. باشقا 7 ۋىلايەتتىن جەمى كۆتىرىلىپ بىرىدىغان 9 ھۆكۈمەت ئەزالار ئىچىگە: ھۆكۈمەت رەئىس مۇئاۋىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىۋاستە بەلگىلىنىدىغان ۋە يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن 3 رايوندىن كۆتىرىپ بىرىشتىن تاشقىرى باشقا قالغان ئىگىچاڭ (نازىر)، باشلىق (ئىدارە باشلىغى) ۋە مۇئاۋىن نازىر، مۇئاۋىن باشلىق ھەمدە باش كاتىپ مۇئاۋىنى، 4 ھۆكۈمەت ئەزالار كىرىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى:

جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى:

رەخىمجان سابىرھاجى

ئوبۇلخەيرى تۆرە رابات

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ (1946) يىلى

ئۈرۈمچى شەھرى



## قوشۇمچىنىڭ ئىككىنچىسى:

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى ۋە شىنجاڭنىڭ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن رايونلارنى ئىشغال قىلغان خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا بۇ يىل 2 ـ غىنۋار كۈنى «تىنچلىق يول بىلەن قوراللىق توقۇنۇشنى ھەل قىلىش» توغرىلىق تۈزۈلگەن بىتىمنىڭ 10 ـ ماددىسىغا بىنائەن ۋەقە رايونى ئىچىدىكى قوزغىلاڭغا قاتناشقان قىسىملارنى قايتا قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسى ھەققىدە ئىككىلا تەرەپ رازىلىق بىلەن تۆۋەندىكى توختامىغا كەلدۇق:

1. قوزغىلاڭ ھەركىتى بىلەن ئىشغال قىلغان رايونلاردىكى مىللى ھەربى قىسىملار دۆلەت ئەسكىرى تەرتىۋى بىلەن ئومۇمى 11 ـ 12 مىڭ كىشىدىن ئىبارەت 3 ئاتلىق پولك ۋە پىيادە پولك قىلىنىپ قايتىدىن قۇرۇلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆرسىتىلگەن 6 پولكتىن 2 ئاتلىق ۋە 1 پىيادە پولك دۆلەت ئەسكىرى ۋە يەنە 2 پىيادە ۋە بىر ئاتلىق پولك ئۆلكىلىك تىنچلىقنى قوغداش ئەسكىرى بولىدۇ.

2. قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىگىنىڭ كۆرسىتىشى (تەۋسىيەسى) بىلەن ھۆكۈمەت يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلىرىدىن ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي 3 ۋىلايەت ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربى قوماندانىنى تەيىنلەيدۇ. بۇ قوماندان يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن 6 پولكنى ئىدارە قىلىدۇ ۋە غەربىي شىمال ئىشتاب تامانىدا تەستىقلىنىپ قۇرۇلۇشى تۈزۈمىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىشتاۋىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ قوماندان شىنجاڭ ئەسكەرلەر باش قوماندانى ۋە پۈتۈن ئۆلكىلىك تىنچلىقنى قوغداش ئەسكەرلەر قوماندانىغا ئىتائەت قىلىدۇ ۋە ھەم ئەينى بىر ۋاقىت ئىچىدە بۇ قوماندانىنى ھۆكۈمەت پۈتۈن ئۆلكىلىك تىنچلىقنى قوغداش ئەسكەرلەر قوماندانىنىڭ مۇئاۋىنى قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

3. يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن 6 مىللى پولك ئەسكەرلەر ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي 3 ۋىلايەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھۆكۈمەت شۇ 3 ۋىلايەتنىڭ تىنچلىقىنى ۋە تەرتىۋىنى تەمىن ئېتىش ئىشلىرىنى پەقەتلا يۇقۇرىدىكى قوماندانىنىڭ قول ئاستىدىكى 6 پولك ئەسكەرلەرگە تاپشۇرىدۇ. دۆلەت چېگرىسىنى ساقلاش ئىشلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ چېگرا ساقلاش ئەسكەرلىرى تامانىدىن ۋەقەدىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن بېجىرىلىدۇ.

4. ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلەر ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بىللە تېزدىن ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىكى تىنچلىقنى قوغداش قىسىملىرىنى تولۇق قايتىدىن قۇرۇپ چىقىدۇ.

بۇ ئىككى ۋىلايەتتىكى تىنچلىقنى قوغداش قىسىملىرىنىڭ تولدۇرۇلۇشى يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلىرىدىن بولىدۇ.

5. يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن مىللى ھەربى قىسىملارنىڭ بېقىلىشى، تەمىناتى ۋە كەلگۈسىدىكى قوراللاندۇرۇلۇش ئىشلىرى 3 پولك دۆلەت ئەسكەرلىرىنىڭكى شىنجاڭدا تۇرغۇچى دۆلەت ئەسكەرلەر نىزامى ۋە نورمىسىغا ئاساسەن مەركەز ھېساۋىدىن بولىدۇ. 3 پولك تىنچلىقنى قوغداش ئەسكەرلىرىنىڭكى ئۆلكىمىزدىكى تىنچلىقنى قوغداش ئەسكەرلەر نىزامى ۋە نورمىسىغا ئاساسەن باۋئەن سىلىڭبۇ (تىنچلىقنى قوغداش ئەسكەرلەر ئىش-



تاۋى) ئارقىلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن بېرىلىدۇ.

6. قوزغىلاڭغا قاتناشقان مىللى ھەربى قىسىملارنى قايتىدىن قۇرۇش ئىشلىرىغا يۇقۇرىدىكى قوماندان ھۆكۈمەت ئالدىدا مەسئۇلدۇر. بۇ قىسىملارنى 6 پولك قىلىپ قۇرغاندىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايلارنى شىنجاڭ ئەسكەرلىرى باش قوماندانى ۋە پۈتۈن ئۆلكىلىك تىنچلىقنى ساقلاش ئەسكەرلەر قوماندانىغا تەستىق ئۈچۈن مەلۇم قىلىدۇ. يۇقۇرىدىكى 6 پولكنىڭ ئەسكەرلەر سانى، ئات ۋە قوراللارنىڭ ھەقىقى سانى توغرىلىق مەلۇماتلارنى شىنجاڭ ئەسكەرلەر باش قوماندانى ۋە پۈتۈن ئۆلكىلىك تىنچلىقنى قوغداش ئەسكەرلەر قوماندانىغا بېرىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى:

جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى:

رەخىمجان سابىرھاجى

ئوبۇلخەيرى تۆرە رابات

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 (1946) - يىلى 6 - ئىيۇن كۈنى

شەھرى ئۈرۈمچى

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى 1003 - سانىدىن ئېلىندى)

11 ماددىلىق بىتىم بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قوشۇمچىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمى قۇرۇلدى. بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىگىگە

جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا سەيپىدىن ئەزىزى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا رەخىمجان سابىرھاجىيوپ، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا دەلىلقانلار تەيىنلەندى.

11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىمزالىنىشى — 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسى. ئۇ گومىنداڭ دائىرىلىرىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، دېموكراتىيە، باراۋەرلىكتىن ئىبارەت تۈرلۈك ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، خەلق ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى؛ بىتىمنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھەر قايسى ناھىيىلەردىمۇ يېڭى سايلام قانۇنىغا بىنائەن ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلدى، مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلدى، 3 ۋىلايەت خەلقى بىلەن 7 ۋىلايەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي بېرىش - كېلىشلەر راۋاجلىنىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئىچىدىكى تەسىرى كېڭىيىپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرىشىگە ئىنتايىن زور ئىلھام بەردى.

## 1. 3 ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان تىنچلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

3 ۋىلايەت تەرەپ بىتىمگە ئەمەل قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۆز قىسىملىرىنى ماناس دەرياسى بويىدىكى تىركىشىپ تۇر-



غان جايدىن بىر قانچە كىلومېتىر چېكىندۈردى. كېيىن، مىللىي ئارمىيە بىتىم بويىچە قىسىملىرىنى تەدرىجىي ھالدا ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي رايونلىرىغا قايتۇرۇپ كەتتى ھەمدە ئۇ جايلاردا تەرتىپكە سېلىش ۋە زور تۈركۈمدە ھەربىي سەپتىن بوشىتىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، قىسىملارنى ئەسلىدىكى 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمدىن كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن 13 مىڭغا قىسقارتتى. 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ھەر قايسى قىسىملار بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. مىللىي ئارمىيە يەنە كېلىشىمنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە 3 پولكنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىشتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى.

كېلىشىم بويىچە 3 ۋىلايەت تەرەپ ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭنىڭ بارلىق ئوفىتسېر، جەڭچىلىرى (3 نەپەر گېنېرال، 1 نەپەر ۋالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە يېڭى كىيىم - كېچەك تارقىتىپ، گومىنداڭغا قايتۇرۇپ بەردى. لېكىن مىللىي ئارمىيىدىن گومىنداڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان خادىملارنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بىرىمۇ تىرىك قايتۇرۇلمىدى. 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى سۆھبەت داۋامىدا سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىشنى، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قامالغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تەلىۋى ئارقىسىدا، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، رەئىس ماۋزېدۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس جۇئېنلەي، دېڭ يىڭچاۋ قاتارلىق يولداشلارنىڭ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ تاپشۇرۇشى ئارقىسىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 134 نەپەر

ئەزاسى ۋە ئائىلە تاۋابات، باللار 6 ـ ئايدا تولۇق قويۇپ بېرىلدى ھەممە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئادەم قوشۇپ ئۇلارنى يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويدى.

بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى قالغان 7 ۋىلايەت خەلقىمۇ بىتىمنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 7 ۋىلايەت خەلقىغە بىتىمدە بەلگىلەنگەن ھەر قانداق دېموكراتىك ھوقۇقنى بەرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇلارنى تېخىمۇ دەھشەتلىك باستۇردى. شۇڭا 7 ۋىلايەت خەلقى بىتىمدە بەلگىلەنگەن ھەر قانداق مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولالمىدى.

## 2. گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان تىنچلىق بىتىمنى بۇزغانلىقىغا دائىر ئاساسىي پاكىتلار

1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، گومىنداڭ جياڭ جيېشى «10 ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمىسى» نى ئوچۇقتىن ئوچۇق يىرتىپ تاشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئازات رايونلىرىدىكى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئازات رايونلارغا ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇشنى يەنە قوزغىدى. گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى جياڭ جيېشىنىڭ ئازات رايونلارغا ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاشتىن ئىبارەت سۈيىقەستىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، 3 ۋىلايەت بىلەن ئىمزالىغان «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» نى ئاشكارە ياكى خۇپىيانە يىرتىپ تاشلاپ، 3 ۋىلايەتكە قارىتا بۇزغۇنچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرى ـ



نى ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ ۋاستىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولدى:

بىرىنچى، باندىت ئوسماننى سېتىۋېلىپ، 3 ۋىلايەتكە قارىتا قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق ھەركىتى ئېلىپ باردى. گومىنداڭنىڭ باندىت ئوسماننى سېتىۋېلىپ، 3 ۋىلايەتكە قارىتا پائال تۈردە ئاغدۇرمىچىلىق ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىشى شۇ جايدىكى گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ماكىنانمۇ شۇ چاغدىكى بۇ جىنايى ھەركەتنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلىرىدىن ۋە بىۋاستە ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى ئىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوسماننى زور كۈچ بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇنى بىرىنچى سەپكە ئىتتىرىپ، 3 ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى بىر ـ بىرىگە دەھشەتلىك قىرىشقا قۇترۇتۇپ، ئۆزلىرى تاغ تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ يولۋاسنىڭ ئېلىشىشىنى تاماشا قىلدى.

1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئىككى تەرەپ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدىلا، گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتىنىڭ مەسئۇللىرى ئۆز يېقىنلىرى ئارقىلىق ئوسمانغا ئەۋەتكەن خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر سىز 3 ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇشقا بەل باغلىغان بولسىڭىز، ئىمكان قەدەر ۋەكىل ئەۋەتكەيسىز، مەن سىلەرگە خىزمەت قىلىمەن». شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئوسمان 3 ۋىلايەتكە ئاسىيلىق قىلىپ گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، فۇكاڭنىڭ جۇلۇڭگەي ئەتراپىدا سۇنجاڭ (كەنت باشلىقى) داشىر ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ـ

نىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئالاقە باغلىدى. كېيىن ئوسمان داشىرنى كۆكتوقايغا چاقىرتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۇلارنى بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ مەسئۇلى بىلەن ئۇچراشتۇردى. شۇ قېتىمدا ئۇلار ئوسمانغا نۇرغۇن سوغا تەقدىم قىلىپ، ئوسمانغا بولغان ئىقتىسادىي ۋە ھەربى ياردىمىنى كۈچەيتتى. 1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، باندىت باشلىقى ئوسمان سارسۇمبىدىن (ھازىرقى ئالتاي ناھىيىسىنىڭ ئورنى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى) كۆكتوقاي تاغلىرى ئىچىگە كىرىۋېلىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قارشى توپىلاڭ قوزغىدى. 1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئوسماننىڭ ۋەكىللىرى گومىنداڭ گارنىزون قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشتى، مەزكۇر ۋەكىللەر ئۇنىڭغا ئوسماننىڭ خېتىنى تاپشۇردى، خەتتە ئوسمان قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، باندىت باشلىقى ئوسمان ئالتايدا بىر قىسىم ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، مىللى ئارمىيە ئاتلىق 3 ـ پولكىنىڭ تارقاق تۇرۇۋاتقان 2 لىيەنىگە رەسمى ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، باندىتلار يەنە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي قاتارلىق ناھىيىلىرىدە مىللى ئارمىيىمىزگە ھۇجۇم قوزغىدى. ئەمما ئوسماننىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمى ئالتايدىكى ئاتلىق 3 ـ پولك بىلەن كۆكتوقايدىكى ئاتلىق 2 ـ پولكنىڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، باندىتلارنىڭ ۋەتۋەرىگى چىقىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ مۇھىم باشلىقلىرىنى



ئۆز ئىچىگە ئالغان 127 ئادىمى قولغا چۈشتى، ئۇلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن 30 مىڭ تۇياقتا يېقىن ئاممىنىڭ مېلى قايتۇرۇۋېلىندى. ئۇرۇشتا بىزدىن 17 نەپەر جەڭچى قۇربان بولدى، 20 نەپەر جەڭچى يارىدار بولدى. دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇقان دۈشمەننىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرىغا پىسەن قىلماي، باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ گارنىزون قوماندانى سۇڭ شىلىيەن ئوسمانغا لىيەنجاڭ ماتىيەنفۇ ئارقىلىق 200 دانە مىلتىق، 40 مىڭ پاي ئوق ۋە يېتەرلىك ئاشلىق، يەم ـ خەشەك يەتكۈزۈپ بەردى. 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئوسماننىڭ يەنە كۆكتوقاي رايونىدا بۇلاڭچىلىق قىلىشىنى قوللىدى. مىللى ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق ئىشتابى ئالتايدىكى ئاتلىق 3 ـ پولكقا ئوسمان باندىتلىرىغا يەنە بىر قېتىم قايتۇرما زەربە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. مەزكۇر قىسىم 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە باندىتلار بىلەن بىر ئايدىن كۆپرەك جىددى جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تارمار قىلىپ، باندىتلاردىن 800 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىر ئالدى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىنى قۇتقۇزۇۋالدى، ئۇلار بۇلاپ كەتكەن 40 مىڭدىن ئارتۇق قوي، 9 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق باشقا چارۋىنى قايتۇرۇۋالدى. 3 ـ پولكنىڭ سىياسى كومىسسارى يۈسۈپجان مايور قاتارلىق 18 نەپەر كوماندىر ـ جەڭچىمىز دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالدى، يۈسۈپجان مايور دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. كېيىن ئوسمان باندىتلىرى

چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بۇرۇنغا دېگەن جايىغا ھۇجۇم قىلغاندا دەلىلقان رەھبەرلىكىدىكى مىللىي قىسىملارنىڭ قاتتىق زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. بۇ ۋاقىتتا ئوسماننىڭ باندىتلىق ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان گومىنداڭ دائىرىلىرى ئەھۋالنىڭ ياماغلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوسمانغا ئالدىراپ - تېنەپ تېلېگىرامما يوللاپ، «دەرھال بەيتىككە چېكىنىڭلار» دېدى. ئوسمان بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ بەيتىككە چېكىنىدى ھەمدە ئوسمان پۇرسەت كۈتۈپ 3 ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ، يەنە بىر قېتىم قورال - ياراق، ئوق - دورا بىلەن تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئىككىنچى، 7 ۋىلايەتتە بىتىم بويىچە دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

بىتىم بويىچە بولغاندا 3 ئاي ئىچىدە پۈتۈن ئۆلكە بويىچە دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىپ، سايلام ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭدا دېموكراتىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش كېرەك ئىدى. بىراق گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىت بىيۇروكرات ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بارلىق بۇزغۇنچىلىق ۋاستىلىرىدىن پايدىلاندى، ھەتتا ئارمىيىنى ئىشقا سېلىپ سايلامنى باستۇردى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى سايلامغا نازارەت قىلىش بانىسى بىلەن، 3 ۋىلايەتكە ئادەم ئەۋەتىپ ئوچۇقتىن ئوچۇق تەتۈر تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، سايلامنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. مەسىلەن: ئالتايغا سايلامنى نازارەت قىلىشقا بارغان گومىنداڭ ۋەكىلى تۈركىستان قاتارلىق



كىشىلەر دۆربىلجىنگە بارغىچە يول بويى ئاممىغا بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ بارغان، تېلېفون سىملىرىنى كەسكەن، قاتناشقا بۇزغۇنچىلىق سالغان. دۆربىلجىندە يەنە كىنو كۆرۈۋاتقان مىڭدىن ئوشۇق ئاممىغا مۇشۇ خىلدىكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقاتقان، شۇنىڭ بىلەن غەزەپلەنگەن ئامما ئۆز ۋاقتىدىلا ئۇلارنىڭ ئوبدان جاجىسىنى بەرگەن.

سايلام داۋامىدا خوتەندىن نۇربەك (خې دېڭباڭ) قاتارلىقلار ئوچۇقتىن ئوچۇق: «سىلەر قىزىل پاچاقلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماڭلار (ئۇلار 3 ۋىلايەتنى كوممۇنىستلار، قىزىل پاچاقلار دەپ ئاتايتتى)، ئۇلارنىڭ كۈنى ئۇزۇنغا بارمايدۇ، سىلەر يەنە بىز بىلەن قالىسىلەر» دەپ ئاممىغا بېسىم ئىشلەتتى. گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە بىتىمنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىكى ئادەم بولسا، «قىزىل پاچاق»، «ئىلىنى ھىمايە قىلغۇچى» دېگەن يوقىلاڭ جىنايەتلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلدى، قامالدى، ھەتتا سايلامغا قاتناشقان ئاممىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئوققا تۇتتى. كۇچاردىكى ھورۇنباغدا ئۆتكۈزۈلگەن سايلام يىغىنىدا، گومىنداڭ دائىرىلىرى 4 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، ئۈچ ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، 4 كىشىنى يارىلاندۇردى، 17 كىشىنى قولغا ئالدى. خوتەننىڭ چىرىيە ناھىيىسىدىمۇ سايلام ئاھالىسى ئوققا تۇتۇلۇپ، 4 ئادەم ئۆلۈپ، 7 ئادەم يارىدار بولدى. گومىنداڭ ئاممىنى قورال بىلەن باستۇرۇپ، ئاقسۇدىكى توختامىش، قەشقەردىكى سوپىبەك، خوتەندىكى نۇربەك، كۇچاردىكى سىيىت ئەخمەت، قۇمۇلدىكى يولۋاس،

ئۈرۈمچىدىكى خادىۋاڭ، جانىمقان قاتارلىقلارنى يۆلەپ، ئۇلارغا ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تۇتقازدى. 7 ۋىلايەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى پۈتۈنلەي گومىنداڭچى فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، 7 ۋىلايەتنى پۈتۈنلەي ئاق تېرورلۇق قاپلاپ كەتتى.

1947 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بىر قانچە كۈن ئۇدا ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭنىڭ 11 ماددىلىق بىتىمنى خالىغانچە بۇزغان قىلمىشلىرىغا قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردى.

1947 - يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئامما نامايىش ئۆتكۈزۈپ، تىنچلىق بىتىمىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بىر قانچە تەلەپ قويدى ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن 72 سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ قېتىمقى نامايىشنىڭ كۆلىمى ناھايىتى زور بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە نىسبەتەن قاتتىق زەربە بولدى ۋە ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

ئەمما، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇلار ئۆچ ئېلىش ۋە 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىققا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، بىر قىسىم ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 22 - كۈنىدىكىگە قارىمۇ - قارشى بىر نامايىش ئۇيۇشتۇردى. نامايىشچىلار ھەر خىل رەڭدىكى 3 بۇرجەك بايراقچىنى كۆتىرىۋېلىپ: «يوقالسۇن ئەخمەتجان» دېگەندەك شۇئارلارنى توۋلىدى ھەمدە



ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى قازاق ئىلغار زىيالىيلىرىمۇ قازاق ئۇيۇشمىسىدا يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىندا «جانىمقان قاتارلىقلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەكىلى، ئۇلار قازاق خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» دەپ جاكالىدى. شۇنىڭ بىلەن نامايىش كۆزلەنگەن مەقسىدىگە يېتەلمىدى.

ئۈچىنچى، «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى»نى پەيدا قىلدى. گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى ئۆزلىرى ئۇيۇشتۇرغان نامايىشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دەرغەزەپكە كېلىپ، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە داۋاملىق بېسىم ئىشلەتتى ھەمدە غەرەزلىك ھالدا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلىش يېغىلىق ۋەقەسىنى پىلانلىدى، 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، گومىنداڭ گارنىزون قوماندانلىق ئىشتاۋى بارلىق ئىشپىيون ۋە بەزى ھەربىي خادىملىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى پۇقراچە كىيىندۇرۇپ ھەمدە نۇرغۇن لۆكچەكلەرنى ياللىۋېلىپ، ئۇلار يېنىغا قورال، قول بومبىسى يوشۇرغان، قوللىرىدا كالتەك كۆتەرگەن ھالدا كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، ۋاقىراپ - جاقىراپ داۋراڭ سالدى. ئاتالمىش «نامايىشچى» لار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدە مەجلىس ئېچىۋاتقان 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى چىقىپ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە قىستىدى ھەمدە ئوق چىقىرىپ 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە تەھدىت سالدى. مۇشۇ ۋاقىتتا بۇرھان ئەپەندىنىڭ شوپىرى مۇنۇپ ئاخۇن ۋە ئىككى نەپەر ئۇيغۇر مۇھاپىزەتچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. «نامايىشچى» لار چۇقان سېلىپ ھويلىغا بۆسۈپ كىرىپ، ھەدەپ شوئار توۋلاشتى. بۇ

چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى يىغىنى تىركىشىش ۋەزىيىتىگە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار كەسكىنلىك بىلەن: تىپچىلىق بىتىم ماددىلىرى ئىجرا قىلىنسا بولىدۇ، ئەگەر ئىجرا قىلىنمايدىكەن، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن دەرھال چېكىنىپ چىقىدۇ دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە نامايىشچى ئاممىنىڭ ۋەكىللىرىگە: «سىلەر ھەقىقىي نامايىشچىلار ئەمەس، بەلكى ئىغۋاگەرچىلەر، بىز سىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەيمىز، دەرھال قايتىپ كېتىڭلار» دېدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، گارنىزون قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ بىر مەسئۇلى ئەخمەتجان قاسىمىغا: «ئۆينىڭ كەينىدە شوتا بار، سىز تېزلىكتە دەرىزىدىن قېچىپ كېتىڭ، بولمىسا ئۇلار سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئەخمەتجان قاسىمنى ئاللىقاچان قۇرۇپ قويغان قىلتاققا چۈشۈرمەكچى بولغان ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۇلارنىڭ ھىلە-مىكرىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن بولۇپ، قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «ھازىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئىككى يول بار: بىرى ئەسكەرلىرىڭىزنى چاقىرىپ كىرىپ، مەن ئەخمەتجاننى ئۆلتۈرگۈزۈش؛ يەنە بىرى ئۆزەڭ تەشكىللىگەن بۇ ئەسكەرلىرىڭگە قايتىپ كېتىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىش. بۇ ئىككى يولدىن بىرىنى ئۆزەڭ تاللا.» ئەخمەتجاننىڭ بەرگەن بۇ قەتئىي جاۋابى بىلەن ئۇلارنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، ھېچنىمە دېيەلمەي قالدى.

گومىنداڭنىڭ بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ۋە كالتەكچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ قاتىللىق قىلغانلىقى ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزىپىنى يېڭىۋاشتىن قوزغىدى.



شەھەر سىرتىدىكى ئامما بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال نەنگۇەن سېپىل ئەتراپىغا توپلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلدى ھەمدە مۇنۇلارنى جاكارلىدى: «ئەگەر 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان بولسا، بىز قوزغىلاڭ كۆتۈرىمىز!» ماناس ئالدىنقى سېپىدىكى مىللىي ئارمىيىمۇ سەپ تارتىپ تەييار تۇرغان ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، گومىنداڭ خەلقنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلدى. شۇ ئاخشىمى سائەت 9 ئەتراپىدا، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى شەھەردىن چىقىپ، شەھەر سىرتىغا توپلانغان نەچچە مىڭ ئاممىغا: «بىز ھەممىمىز ساق-سالامەت. بىز غەلىبە قىلدۇق. سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، سىلەر ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قانلىق ۋەقە پەيدا قىلىشىنى توسۇشۇڭلار ۋە پاش قىلىشىڭلار لازىم، بىز 11 ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش، تىپچلىقنى قوغداش ئۈچۈن، داۋاملىق كۈرەش قىلىمىز» دېگەنلەرنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامما تارقىلىپ كەتتى. «25-فېۋرال» قانلىق ۋەقەسى تېزلىك بىلەن يىغىن ئەتراپىدىكى ھەر قايسى ناھىيەلەرگە تارقىلىپ، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان غەزەپ دولقۇنىنى قوزغىدى. 11 ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى 2-ئاينىڭ 27-كۈنى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىغە مۇراجەتنامە ئېلان قىلىپ، خەلقنى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۇرۇش بوھرانى پەيدا قىلىش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان قۇترىتقۇلۇقلىرىنى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش سۇيىقەستلىرىنى پاش قىلىشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇ ئىلغار-

زىيالىيلىرىمۇ گومىنداڭنىڭ 11 ماددىلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش يولىدىكى سۈيىقەستى، ھىيلە-مىكىرلىرىنى پاش قىلىپ، ئاممىغا مۇراجەتنامە ئېلان قىلدى. مۇراجەتنامىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇرۇشخۇمار ئەكسىيەتچىلەر پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا سىياسىي مەقسەتنى كۆزلەپ، 25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. بۇ، ھەرگىزمۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ ئارزۇسى ئەمەس. خەلق ئاممىسىنىڭ خۇنى بەدىلىگە شەخسىي مەنپەئەتنى قاندۇرىدىغان ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ 24-كۈندىكى خۇيزۇ، قازاقلار نامايىشى ۋە 25-كۈندىكى نامايىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى غەرەزلىك ھالدا ئۇيۇشتۇرۇلغان. نامايىشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك كىيىمىنى ئۆزگەرتكەن ھەربىيلەر، ئۇلار خەلقنى ئەخمەتجاننى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلدى. خەلق بولسا، بۇ قاتىللىقنىڭ تېگىگە تېخى يېتەلمەيۋاتىدۇ. شىنجاڭ خەلقىنى بىر نەچچە قېتىم بالايى-ئاپەتكە گىرىپتار قىلغان زادى كىم؟ بۇ، ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار ئەمەس، شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرمۇ ئەمەس، بەلكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىغان، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى قاندۇرماقچى بولغان بىر ئوچۇم ئۇرۇشخۇمارلاردۇر. بىز ئاشۇ ئاز سانلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشىمىز كېرەكمۇ ياكى ھەر مىللەتنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشى ئۈچۈن، تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ ........ سۆيۈملۈك خەنزۇ قېرىنداشلار، بىز سىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۇلار ئۈچۈن توپ يېمى بولۇپ بەرمەسلىكىڭلارنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز،



سىلەرنىڭ قوزغىلىپ مۇنداق مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە قىرغىنچىلىقنى توسۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇپ، تىنچلىق كېلىشىمىنى ۋە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پىروگراممىسىنى ھىمايە قىلايلى!»

خەلققە چىقىرىلغان بۇ مۇراجەتنامە لو جۇ، لى تەيىۋ قاتارلىق يولداشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەييارلانغان ۋە تارقىتىلغان ئىدى. بۇ يولداشلار ھەققانىيەت، ئىنقىلاپ تەرىپىدە تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭ خەلقى ئالدىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالغان مىللىي ئۆچمەنلىك، قىرغىنچىلىقنى قوزغىتىش جىنايى قىلمىشىنى تولۇق ئېچىپ تاشلىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، كېيىن يەنە «قورال تىنتىش» دېگەن باھانە بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقان رايوندا ھەممە نەرسىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، بۇلاڭچىلىق قىلدى ھەمدە بىر نەچچە ئادەمنى تۇتۇپ كەتتى، ھەتتا 3-ئاينىڭ 10-كۈنى «تىنتىش» نامى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابباسوپلارنىڭ قورۇسىغا باستۇرۇپ كىردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى (ھازىرقى مەدەنىيەت كۇلۇبخانىسى) دا كىنو كۆرۈۋاتقان ئاممىنى ئوققا تۇتتى.

«25-فېۋرال» قانلىق ۋەقەسى — گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆز قولى بىلەن پىلانلىغان پاجىئەلىك قانلىق ۋەقە بولۇپ، ئۇنىڭدا 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ، 11 ماد-

دىلىق كېلىشىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارغا زىيانكەشلىك قىلىش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ بىتىمنى بۇزۇش جەھەتتىكى سۈيىقەستلىك ھەركەتلىرى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى جىددىيچىلىكنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۆلۈنۈش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى، ھەتتا ئىككى تەرەپتە يەنە بىر قېتىم قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

تۆتىنچى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، مەسئۇتنى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى.

مەسئۇت — ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ، خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولۇپ، گومىنداڭ بىرەر ئىشلىتىدىغان پۇرسەت چىقىپ قالار دېگەن نىيەت بىلەن ئىزچىل ئۇردا ئۇنى بېقىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ دائىرىلىرى ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، بىر تەرەپتىن مەسئۇت بولسا ئۇيغۇر، ئۇنى رەئىس قىلساق شىنجاڭ خەلقى يۇۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭ گېپىگە كىرىدۇ - دە نەتىجىدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتە ئىش گومىنداڭ دائىرىلىرى ئويلىغاندەك بولمىدى، چۈنكى مەسئۇت ئاللىقاچان شىنجاڭ خەلقىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان ئىدى.

1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مەسئۇتنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئىككىنچى كۈنى،



ئۈرۈمچىدە مەسئۇتقا قارشى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى قاپلاپ كەتتى، بۇ ئىش كېيىن پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتتى. ئەمما گومىنداڭ دائىرىلىرى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى زومۇ - زو خىزمەت ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، نەتىجىدە مەسئۇتنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تېخىمۇ بۆلۈنۈپ كەتتى، ئەكسىيەتچىلەر تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ئۇلار بىگۇناھ خەلق ئاممىسىنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى جايلاردىكى خەلقنىڭ گومىنداڭغا ۋە ئۇنىڭ يالاقچىسى مەسئۇتقا قارشى كۈرىشى شىددەتلىك كۆتۈرۈلۈپ، نامايىشلار زادىلا ئۈزۈلمىدى.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، چىدىغۇچىلىكى قالمىغان تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىكى خەلق قوللىرىغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىر نەچچە مىڭ كىشىگە يەتتى، ئۇلار لەمجىن، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىكى قورچاق ساقچى ئىدارىسىنى ئىگىلەپ، نۇرغۇن قورالنى غەنىمەت ئالدى، ئارقىدىنلا سىڭگىمدىكى دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ كەسكىن قوراللىق قوزغىلاڭ دۈشمەنلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى، دۈشمەن ئىنتايىن تەمتىرەپ قالدى. ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىپ تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت 3 ناھىيىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇردى. ئۇلار ئۈرۈمچىدىكى ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ بىر

پولكنى يۆتكەپ تۇرپاندىكى ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتتى (ئەسلىدە تۇرپاندا ئىككى لېيەنى بار ئىدى)، ئۇلار بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ ئارقىلىق سىڭگىم ئېغىزىغا ياردەم بەردى. قوزغىلاڭچىلار سىڭگىم ئېغىزىدىن دەرھال چېكىنىپ چىقتى. ئاندىن يەنە ئىككى ناھىيە پارتىزانلىرى بىرلىكتە غەرپكە قاراپ چېكىنىپ توخسۇننىڭ كۆجەي دېگەن يېرىدە توخسۇن پارتىزانلىرى بىلەن بىرلەشتى. ئۈچ ناھىيە پارتىزانلىرى بىرلىكتە بۇرجاي دېگەن يەردە گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىر مەيدان ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن ۋەزىيەتكە قاراپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئابدۇراخمان مۇھىتى (ئازاتلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان، 56 - يىلى ۋاپات بولدى) باشچىلىقىدىكى 200 دىن ئارتۇق تۇرپان پارتىزانلىرى دۈشمەننىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە قارىماي، قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى 1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈنەس ناھىيىسىگە يېتىپ باردى. قۇمۇل پارتىزانلىرىنىڭ بىر قىسىم خادىملىرىمۇ بىر ۋاقىتتا 3 ۋىلايەتكە يېتىپ باردى. پارتىزانلار تۇرپان، پىچان، توخسۇندىن كەتكەندىن كېيىن، دۈشمەن مۇشۇ 3 ناھىيىدە 300 دىن ئارتۇق بىگۇناھ پۇقرانى تۇتقۇن قىلدى ۋە ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈردى.

كۆرەشنىڭ جىددىي ئەمەلىيىتى 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ساختا تېچلىق، راست ئەكسىيەتچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رەزىل ماھىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇتتى. ئەخمەتجان قاسىمى بىر قېتىملىق نۇتقىدا



مۇنداق دېگەن ئىدى: «دەسلەپتە، بىز گومىنداڭنى بىتىمنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلمايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدۇق. ئەپسۇسكى 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1947 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ۋاقىتىنچە ئىستراتېگىيىلىك چېكىنىشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ بىزگە بەرگەن ۋەدىلىرىگە ۋە 11 ماددىلىق كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆلكىمىزنىڭ تېچلىقىنى بۇزدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ھىلىگەرلىك قىياپىتىنى يەنە ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى.»

گومىنداڭنىڭ 11 ماددىلىق كېلىشىمنى ئۇچۇقتىن ئوچۇق يىرتىپ تاشلىشى ۋە مەسئۇتنىڭ تەختكە چىقىشى ئارقىسىدا، 3 ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ۋەزىپىسى بار خادىملار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە داۋاملىق خىزمەت ئىشلەشكە چارىسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار 1947 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ 3 ۋىلايەتكە قايتىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، مىڭ تەسلىكتە بىر يىل ساقلىنىپ تۇرغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتمۇ پارچىلاندى.

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى مەسئۇتنى يۆلەپ تەختكە چىقارغانلىقىنىڭ خاتا بولغانلىقىنىمۇ كېيىن ئېتىراپ قىلدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات قىلىنغان دەسلەپكى ۋاقىتتا، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى پېڭ دېخۇەي قوماندان بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، غەربىي بىنادا قىلغان سۆزىدە: «مەن شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلىگەن بىر نەچچە يىلدا بىر

خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، مەن شىنجاڭ خەلقىغە يۈز كېلەلمەيمەن، ئۇ بولسىمۇ، مەسئۇتنى يۆلەپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتتىكى مىللىي ئىنقىلاۋىي ھەركەت بىلەن بولغان بىرلىشىش ۋەزىيىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى» دېگەن ئىدى.

## گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تىنچلىق كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاپ، 3 ۋىلايەتكە قارىتا ئىككىنچى قېتىم ئېلىپ بارغان قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىقىنىڭ شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولۇشى

بىرلىشىش ۋەزىيىتى گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتىپ كەتتى. 3 ۋىلايەت تەرەپ ئالدى بىلەن 3 ۋىلايەت ئارمىيىسىنى تەرتىپكە سالدى ۋە كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، قايتىدىن نۇرغۇنلىغان يېڭى جەڭچىلەر قوبۇل قىلىندى. شۇ قاتاردا بىر قىسىم خەنزۇ ياشلارمۇ مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ، باشقا ھەر مىللەت جەڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ قوراللىق كۈچ سان جەھەتتىن ئۇلغىيىپ، گومىنداڭ تەرەپتىن كېلىدىغان ھەر قانداق قوراللىق تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىگە تاقابىل تۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولدى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش سۈيىقەستىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش



ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئىشپىيون، جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ بۇزغۇنچىلىق ھەركىتى ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىمالدا ئوسمان باندىتقا ئالتايغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغاش توغرىسىدا يەل بەردى. ساۋەن ئەتراپىدا قالىبەك، تاكىمان باندىتلىرىنى قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا قۇتراتتى. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئالدى بىلەن ئوسماننى بەيتىكتىن ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ كېلىپ، شىخوگا ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئوسمان باندىتىنىڭ شەرىپىگە بىر قانچە قېتىم زىياپەت بەردى، زىياپەتنىڭ بىر قېتىمىلىقىغا سۇڭ شىلىيەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. شۇ قېتىمدا سۇڭشىلىيەن ئوسمان بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى. مەسىلەن: ئوسماننىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تولۇقلاپ مىڭغا يەتكۈزۈش؛ ئۇلارنىڭ ھەربىي تەمىناتىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە تارمىقى ھۆددىگە ئېلىش؛ گومىنداڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئوسماننىڭ ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەشكە ياردەملىشىش؛ ئەسكەرلەرنى جىمىسار ناھىيىسىنىڭ سەنتەي دېگەن يېرىدە تۇرغۇزۇش، سۇڭشىلىيەن بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم بېكىتىش ۋە باشقىلار. شۇ قېتىم ئوسمانغا بىر ئاپانچا، بىر دۇربۇن، بىر قىلىچ ۋە 600 تاختا چاي، نۇرغۇنلىغان رەخ قاتارلىق زور مىقداردىكى سوغاتلارنى بەردى. ئوسمان قايتقاندىن كېيىن ئالتايدىكى چارۋىچىلارغا تەتۈر تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، «3 ۋىلايەتتە دېموكراتىيە يوق، گومىنداڭ ئەڭ دېموكراتچىل، ئامېرىكا بىزنىڭ دوستىمىز، ئۇنىڭ ئاتوم بومبىسى بار، يېقىندا 3 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلايدۇ، سىلەر گومىنداڭغا يېقىنلاشمىساڭلار ھەممىڭلارنى قىرىپ تاشلايدۇ» دەپ پىتنە - پاسات تارقاتتى. نە-

تىجىدە، ئالتاينىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى چارۋىچىلار ئىچىدە قورقۇش، تەۋرىنىش كەيپىياتى پەيدا بولدى. ئوسماننىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە مەجبۇر قىلىشى ئارقىسىدا، نۇرغۇنلىغان چارۋىچىلار ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ ئوسمانغا ئەگىشىپ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا ئۆتۈپ كەتتى.

1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، باندىت باشلىقى ئوسمان گومىنداڭنىڭ ھەربى مەسلىھەتچىسى بىلەن بىرلىكتە ئالتايغا يەنە بىر قېتىم ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئوسمان قول ئاستىدىكى قايمۇققان كىشىلەرنى باشلاپ، بىر نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ شىمالدىن ھۇجۇم قىلدى.

ئۇ چاغدا ئالتايدا تۇرۇشلۇق مىللى ئارمىيىدىن ئالتاي ئاتلىق 3 - پولكى ۋە قوبۇق ئاتلىق 2 - پولكنىڭ بىر قىسمىلا بار ئىدى. ئالتاينىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىدىكى چىڭگىل، كۆكتوقاي (گومىنداڭ بىلەن 3 ۋىلايەتنىڭ چېگرىسى) لاردا ئاتلىق 3 - پولكنىڭ 3 ليەنى، قوبۇق ئاتلىق 2 - پولكنىڭ 2 ليەنى بولۇپ، جەمى 5 ليەن ئەسكىرى كۈچ بار ئىدى. بۇ رايوننىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، قىسىملارنىڭ جايلىشىشى تارقاق، قورال - ياراق، ماددى تەمىناتىمۇ بىر قەدەر قىيىن ئىدى.

باندىتلار ئالدى بىلەن چىڭگىلنىڭ شەرقىدىكى بىر پەي مىللى ئارمىيە تۇرغان ئورۇننى ئىشغال قىلىۋالدى، ئاخىرى چىڭگىل قولدىن كەتتى. باندىتلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كۆكتوقاينى قورشىۋالدى. ئۆزىمىز بىلەن دۈشمەننىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى زور پەرقلەر بولغاچقا، جىددى جەڭ



قىلىش ئارقىلىق، مىللى ئارمىيىمىزنىڭ بىر قىسمى كۆكتوقايدىن چېكىنىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، باندىتلار سارتوقاينى ئىشغال قىلىۋالدى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يەنە قوبۇق ئاتلىق 2 - پولكنىڭ قوشتولغاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدا تۇرۇشلۇق بىر ليەننى قورشىۋالدى. مەزكۇر ليەن ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى، بىر قىسىم جەڭچىلەر مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئالتاينىڭ جەنۇبى قىسمى پۈتۈنلەي باندىتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىندى. ئالتاي ۋىلايىتى ئىنتايىن خەۋپ ئىچىدە قالدى.

بۇ چاغدا، باندىتلار سارسۇمبىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى. قوشتولغايدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 2 - پولكىمىزنىڭ بىر قىسمى بۇيرۇققا بىنائەن، سارسۇمبىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بەردى. ئاتلىق 2 - پولكىمىزنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچى بىر ليەن ئېرتىش دەرياسى بويىغا كەلگەندە باندىتلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. جىددى جەڭ قىلىش ئارقىلىق بۇ ليەندە ئاران 12 جەڭچى قالدى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى قۇربان بولدى. بۇ پولك سارسۇمبىنىڭ جەنۇبىدىكى قىران دەرياسى بويىدىكى بۇتەۋ دىگەن جايغا كەلگەندە دۈشمەننىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئادەملىرىنىڭ كۆپ قىسمى جەڭ داۋامىدا قۇربان بولدى. باندىتلار 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سارسۇمبىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ھۇجۇمنىڭ تىغ ئۇچىنى تارباغاتايغا قاراتتى.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تامامەن قولدىن كەتكەنلىكى 3 ۋىلايەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن زور خەۋپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللى ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى جىددى تەدبىرلەرنى قول-

لىنىپ، ئارمىيە ۋە خەلقنى ئوسمان باندىتنى يوقىتىپ، ئالتاينى قايتۇرۇۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق پىيادە 3 - پولكنى ئاتلىق 3 - پولكقا ئۆزگەرتتى. غۇلجىدا 800 كىشىلىك كۆچەيتىلگەن باتالىيون قۇرۇلدى (مەزكۇر باتالىيون ئاپتوموبىل بىلەن ئالتايغا قاراپ ئىلگىرىلىدى). ئۇرۇش جەريانىدا، ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتى ياشلارغا بولغان ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، زاپاس كۈچلەرنى يېتىشتۈردى. ھەر مىللەت ياشلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، قىسىملارنى تولۇقلىدى، خەلق ئاممىسى نۇرغۇنلىغان ئات ياردەم قىلدى.

قوماندانلىق ئىشتاۋى ئالتايغا يۈرۈش قىلىدىغان قىسىملارنىڭ ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ يۈرۈش قىلىشىنى بېكىتتى: بىرىنچى يۆنۈلۈش تارباغاتاي ئاتلىق 3 - پولكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىن سارسۈمبىگە بېرىدىغان ياردىمىنى توسۇش ھەمدە سارسۈمبىدىن جەنۇپقا قېچىش ئېھتىمالى بولغان دۈشمەننىڭ يولىنى كېسىپ تاشلاش. ئىككىنچى يۆنۈلۈش كۈچەيتىلگەن باتالىيون بولۇپ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سارسۈمبىگە قاراپ يۈرۈش قىلىش.

تارباغاتاي 3 - ئاتلىق پولكى ئۇلۇڭگۇر كۆلى بويىدا دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەندىن كېيىن، باندىتلار بۇرۇلتوقاينى تاشلاپ، ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى بۇرچىنغا چېكىندى. تارباغاتاي 3 - ئاتلىق پولكى كېچە - كۈندۈز جىددىي يۈرۈش قىلىپ، بۇرۇلتوقاينى ئىگەللەپ، بۇرچىندىكى باندىتلارغا بىۋاستە تەھدىت سالدى.



كۈچەيتىلگەن باتالىيون قوبۇقتىن يولغا چىقىپ، شۇ كۈنىلا بۇرچىن يېنىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ باردى. ئەمما ئېرتىش دەرياسىدىكى كېمىنى دۈشمەن كونترول قىلىۋالغان ئىدى. قانداق قىلىپ دۈشمەن پوسىلىرىنى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم ئارقىلىق يوقىتىپ، قىسىملارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈش شۇ چاغدىكى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى. بىر تەرەپ بىر نەچچە كىشىنى ئېرتىش دەرياسىدىن كېچىدە يوشۇرۇن ئۆتكۈزۈپ، دۈشمەننىڭ كېمە ئۈستىدىكى ئىككى پوستىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كېمىنى ئۇلاردىن تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قىسىملارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، بۇرچىننى قورشىۋالدى. باندىتلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى سارسۈمبىگە قېچىپ كەتكەندىن تاشقىرى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قولغا چۈشتى. بىر 20 تال ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 300 تال مىلتىق، 4 مىڭ 300 تۇياقتىن ئارتۇق ئات، كالا، قوي قاتارلىق مالنى غەنىمەت ئالدۇق. تارباغاتاي 3 - ئاتلىق پولكى بىلەن كۈچەيتىلگەن باتالىيوننىڭ تۈنجى جەڭدىلا غەلىبە قىلغانلىقى ئالتايدىكى باندىتلارغا قاتتىق زەربە بولدى. كۈچەيتىلگەن باتالىيوننىڭ ئىككى لىيەنى سارسۈمبىگە يېقىنلاشقان چاغدا، باندىتلار قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، جېنىدىنى تاشلاپ قاچتى. كۈچەيتىلگەن باتالىيون 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئالتاي ناھىيە بازىرىغا كىردى. ئارقىدىنلا تارباغاتاي ئاتلىق 3 - پولك بىلەن بىرلىشىپ باندىتلارنى قوغلاپ يوقىتىپ، كۆكتوقاي، چىڭگىل قاتارلىق ناھىيىلەرنى كەينى - كەينىدىن قايتۇرىۋالدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئالتاي رايونىدىكى باندىتلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپتىن يوقىتىلىپ بولدى. سابىق ئالتاي 3 - ئاتلىق پولكى

بىلەن قوبۇق 2 - ئاتلىق پولكىدىن قېپقالغان ئاز ساندىكى كىشىلەر ۋە كۆچەيتىلگەن باتالىيوننىڭ بىر قىسمى قوشۇلۇپ يېڭىۋاشتىن ئالتاي ئاتلىق پولكى تەشكىل قىلىندى. مەزكۇر قىسىم سارسۇمبىدا تۇردى. كۆچەيتىلگەن باتالىيوننىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا تارباغاتاي 3 - ئاتلىق پولكىغا تولۇقلاپ بېرىلدى. بۇ پولك 1947 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ سارتوقايغا ئورۇنلىشىپ، ئوسمان باندىتلىرى بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلدى.

گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى باندىت ئوسماننى ئالتايغا ھۇجۇم قوزغاشقا كۈشكۈرتۈش ۋە ئۇنى يۆلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە 3 ۋىلايەتنىڭ قارىمىقىدىكى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قالىبەك، ساقچى باشلىقى تاكىمان قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، غەرپتە 3 ۋىلايەتكە قارشى باندىتلار گۇرۇھىنى قۇراشتۇردى. قالىبەك، تاكىمان باندىتلىرى ئاممىنى قايمۇقتۇرۇش، قورقۇتۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە نۇرغۇنلىغان ئەكسىيەتچى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى باستۇرۇپ 3 ۋىلايەتكە كىرگۈزدى ھەمدە ئاممىنى ئالداپ: «ئوسمان باتۇر ئالتاينى ئىگەللىدى، بارلىق مۇسۇلمانلار ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرىمانى دەپ ئېتىراپ قىلدى، بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ 3 ۋىلايەتكە قارشى سەپكە دەرھال قاتنىشىشىمىز لازىم» دېدى ۋە باشقىلار.

باندىت قالىبەك يەنە ساۋەندە قوبۇق 2 - پولك 4 - ليەننىڭ ليەنجاڭىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىمۇ خائىنلىق يولىغا باشلىدى. 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، گومىنداڭ قالىبەكنى تاغ ئىچىگە كىرىشكە ئۈندەپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن قورال - ياراق، ئوق - دورا بەردى. قالىبەك يالغاندىن كېسەل بولدۇم



دەپ ساۋەن ناھىيىسىنىڭ خىزمىتىنى تاشلاپ قويۇپ، ئەنسەن بۇرتۇڭگۇ تاغ ئىچىگە كىرىۋېلىپ پائال تۈردە باندىتلىق ھەركىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 9 - ئاينىڭ بېشىدا، ئوسمان كۆكتوقاي، چىڭگىل قاتارلىق جايلارنى ئىگەللەپ بولۇپ، ئالتايغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا، قالىبەك پۇرسەت كەلدى دەپ ھېساپلاپ، قۇتۇبى، ماناس رايونلىرىدىكى بىر قىسىم ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، باندىتلىق ھەركىتىگە قاتنىشىشقا مەجبۇر قىلدى. گومىنداڭ يەنە 8 - پولكىدىن 124 ئادەم ۋە 227 - بىرىگادىسىنىڭ بىر ئاتلىق ليەننى ئاجرىتىپ، باندىت باشلىقى قالىبەككە ياردەم بەردى. ئۇلار باندىتلارنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن، 2 قېتىم 640 دانە مىلتىق، 6 دانە پىلىموت ۋە نۇرغۇن مىقداردىكى ئوق، قول بومبىسى ئاپىرىپ بەردى، يەنە 2 دانە راتسىيىنىمۇ بەردى. 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جانىمقان قالىبەككە ئۆلكە پۇلىدىن 12 مىليون دوللار ياردەم قىلدى. 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قالىبەك قىزىلدا 600 كىشىلىك قوراللىق باندىت قوشۇنى قۇراشتۇردى.

گومىنداڭ قالىبەككە يەل بېرىش بىلەن بىرلىكتە پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە باندىتلارغا ماسلىشىپ 3 ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە، قىسىملىرىنى ھە دەپ ماناس دەرياسى بويىغا توپلىدى. 1947 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئالدى بىلەن ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنى يۆتكەپ باردى. كېيىن داۋاملىق تۈردە بىر قىسىم ھەربى كۈچلىرىنى يۆتكىدى، ئارقا سەپتىكى ئېغىر قوراللىرىنىمۇ ماناسقا توشىدى.

3 ۋىلايەت تەرەپتىن پەقەت شىخو پىيادە ئەسكەرلەر 1 - پولكى، قوبۇق ئاتلىق 2 - پولكىنىڭ 4 - ليەنى تارقاق

ھالدا شىخو، مايتاغ، يەنسىخەي، ساندىخوزا، ساۋەن قاتارلىق جايلاردا تۇراتتى. قالىبەك باندىتلىرى ئىنتايىن غالجىرلاشقان ۋاقىتتا، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى ئىلى 2 - پىيادە پولكى ۋە مۇستەقىل زەمبىرەك باتالىيونىنى شىخوغا يۆتكەپ كېلىپ، ئىلى 2 - پولكىنى مايتاققا، زەمبىرەك باتالىيونى بىلەن شىخو پىيادە پولكىنىڭ تارقاق قىسىملىرىنى يىغىپ يەنسىخەيگە ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە بىر لىيەن ئەسكەرنى يۆتكەپ ساندىخوزىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئىلى پىيادە 2 - پولكىنىڭ 2 - باتالىيونىنى كېڭەيتىپ، ساۋەن ئاتلىق پولكى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئالاۋۇسۇن، شىخەنزە ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى.

1947 - يىلى 11 - ئايدا، قالىبەك، تاكىمان باندىتلىرى 1000 دىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ساۋەن بىلەن شىخوغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار تاغدىن چىقىپ ئىلگىرىلەپ يولبويى بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلىپ، كۈيتۇڭ بىلەن يەنسىخەيدىكى كۆۋرۈككە ئوت قويىۋېتىپ، قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلىدى ھەمدە تارقاق جايلاشقان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يەنە ساندىخوزىدا تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى. قالىبەك باشچىلىقىدىكى باندىتلار دۆڭدى، يەتتە تام، بۆرتۈڭگۈ، كازۋان، قىزىل قاتارلىق جايلاردا ھەركەتلەندى. تاكىمان يېتەكچىلىكىدىكى باندىتلار مايتاغ، بايىنگۇ ۋە لامىياۋ قاتارلىق جايلاردا ھەركەت ئېلىپ باردى.

مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى قالىبەك باندىتلىرىنى پاك - پاكىزە، تەلتۆكۈس يوقۇتۇش ئۈچۈن، شىخودا ئالدىنقى



سەپ قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇپ، 3 يول بىلەن باندىتلارنى تازىلاشتىن ئىبارەت جەڭ لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى:

بىرىنچى يول — ئالاۋۇسۇن، شىخەنزە، ساۋەندە تۇرۇۋاتقان ئاتلىق پولكىنىڭ 2 - لىيەنى بولۇپ، ئۇلار قىزىبىك، دۆڭدى دېگەن جايلارغا ھۇجۇم قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە باندىتلارنىڭ گومىنداڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئىككىنچى يول — شىخو 1 - پولكىنىڭ يەنسىخەيدە تۇرۇۋاتقان كۈچەيتىلگەن باتالىيون بولۇپ، ئۇلار بۆرتۈڭگۈ ئارقىلىق قورغاس دەرياسى يۆنۈلۈشىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، قالىبەك باندىتلىرىغا غەربتىن زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. يەنە بىر لىيەن بۆرتۈڭگۈ ئارقىلىق قورغۇس دەرياسى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئىككى بۆلەك باندىتلارنىڭ ئۇتتۇرىسىغا قادىلىپ كىرىپ، ئۇلارنى قاپ يەلىدىن بۆلۈپ تاشلاپ، تاكىمان باندىتلىرىغا شەرقتىن زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئۈچىنچى يول — ئىلى پىيادە 2 - پولكىنىڭ بىر باتالىيونى بولۇپ، ئۇلار تاكىمان باندىتلىرىنى مايتاغ، ئارشاڭلاردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، شەرققە قاراپ قوغلاپ، ئۇلارنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ھەمدە ئىككى بۆلەك باندىتنى بىر بىرىدىن بۆلۈپ تاشلاپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قورشاپ يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. قالغان قىسىملار زاپاس كۈچ بولۇپ، يەنسىخەي، ساۋەن، مايتاغ قاتارلىق جايلاردا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى.

چەك قىلىش بۇيرۇغى تاپشۇرۇۋالغان مىللى ئارمىيە قىسىملىرى 1947 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - ۋە 20 - كۈنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ باندىتلارغا ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. قالىبەك قاتتىق زەربىمىزگە ئۇچرىغانلىقتىن ئۇنىڭ بىر قىسىم باندىتلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا قېچىپ كەتتى. يەنە بىر قىسمى شەرققە قاراپ قېچىپ تاكىمان باندىتلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. تاكىمان باندىتلىرىغا غەربتىن ھۇجۇم قىلغان 3 ۋىلايەت قوشۇنلىرى باندىتلارنى مايتاغنى تاشلاپ شەرققە قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ چاغدا، پىيادە پولكىمىزنىڭ ئىككى لىيەنى ياردەمگە كەلدى، ئۇلار تاكىمان باندىتلىرىنى تەكرانتىدا قورشىۋالدى ھەمدە ھۇجۇم قوزغىدى، تاكىمان ۋە ئاز ساندىكى باندىتلار قېچىپ كەتكەندىن تاشقىرى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تىرىك قولغا چۈشتى.

تاغ رايونىدىكى مۇشەققەتلىك مۇھىتتا، مىللى ئارمىيە قىسىملىرى باندىتلار بىلەن 20 كۈن جىددى جەڭ قىلىپ، قالىبەكنىڭ 3 ۋىلايەتكە قاراتقان ئاغدۇرمىچىلىق ھەركىتىنى تارمار قىلدى. جەڭدە، باندىت تازىلىغۇچى قىسىملار باندىتلاردىن 200 نى يوقاتتى، 63 نى تىرىك قولغا چۈشەردى ھەمدە نۇرغۇن مىقداردا قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە ھەربى لاۋازىمەت ئەشيالارنى غەنىمەت ئالدى. باندىتلار مەجبۇر قىلىپ ئېلىپ كەتكەن 900 ئائىلە قۇتقۇزۇپ قېلىندى. بۇلاپ كېتىلگەن 10 مىڭ تۇياققا يېقىن چارۋىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بىز تەرەپتىنمۇ 60 نەچچە ئادەم قۇربان بولدى ۋە ياردار بولدى، شۇنداق



قىلىپ، گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدەت بېرىشىگە ۋە قورال - ئوق ياردىمىگە ئېرىشكەن ئوسمان، قالىبەك قاتارلىق باندىتلارنىڭ 3 ۋىلايەت ئازات رايونلىرىغا قاراتقان 2 - قېتىملىق قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق ھەركىتى يەنە بىر قېتىم شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى.

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا بولغان تەسىرى

3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى گەرچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە پارتلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان ئىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش مەزگىلىدىلا، شىنجاڭدا كوممۇنىستلارنىڭ پائالىيىتى بار ئىدى. 1937 - يىلى 5 - ئايدا، قىزىل ئارمىيە 4 - فاڭمىيەنجۈنى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىدىن 400 دىن ئارتۇق كىشى يولداش لى شيەننيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە شىنجاڭغا كېلىپ «يېڭى غەربى لاگېر» قۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىسى ۋە نەمۇنىلىك ھەركىتى ھەر مىللەت خەلقىدە چوڭقۇر سىياسى تەسىر قالدۇردى. «7 - ئىيۇل» ۋەقەسىنىڭ ئالدى - كەينىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چېن يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى

شىنجاڭدا ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. جۇئېنلەي، لى شيەننيەن، لى فۇچۈن، دېڭ يىڭچياۋ قاتارلىق يولداشلارمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كەلدى، شىنجاڭدا 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇلغان ئىدى. چېن يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ يولداشلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلار ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ماركسىزىم - لېنىنىزىم نەزەرىيىسىنى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىپ، كوممۇنىزىم ئۇرۇقىنى چېچىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە بولغان ئىلغار زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا بىر قاتار تەشۋىقات، تەشكىللەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن: شۇ چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»، «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ» دېگەنگە ئوخشاش گېزىت - ژۇرناللار كوممۇنىستلارنىڭ قولىدا ئىدى، بۇ گېزىت-ژۇرناللاردا پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشەببۇسلىرى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىلغار زاتلار، يەنى ماۋ دۈن، دۇ جۇڭيۈەن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىقلار ئۆلكە بويىچە بىردىن بىر ئالىي مەكتەپ — شىنجاڭ شۆيۈەنگە مۇئەللىملىككە كەلگەن ئىدى، يولداش لىن جىلۇمۇ ئىلگىرى مەزكۇر



مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولغان ئىدى. ئۇلار بۇ مەكتەپنى ئىنقىلاۋىي ئىدىيە ۋە ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەتنى تارقىتىدىغان سورۇن قىلىپ، كەڭ ياش زىيالىيلارنى ئىنقىلاۋىي ئىدىيە ۋە ئىنقىلاۋىي مەدەنىيەتنىڭ چىنىقتۇرۇشىغا ئىگە قىلغان ئىدى. 1934 - ۋە 1936 - يىللىرى بىر تۈركۈم ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ياشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، يەرلىك زىيالىيلارنى تېزدىن ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. گەرچە كېيىنكى كۈنلەردە شېڭ شىسەي شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق كوممۇنىستلارنى، زور تۈركۈمدىكى ئىلغار زاتلارنى ھەپسىگە ئېلىپ، بەزىلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ماركسىزىم - لېنىنىزىم تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ھەر مىللەت ئىچىدىن چىققان ئىلغار زاتلار ۋە كوممۇنىزىمچىلار يەنىلا داۋاملىق تۈردە ھەر مىللەت ئاممىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىگىلمەي - سۇنماي كۈرەش ئېلىپ باردى. مۇشۇ ئىلغار زىيالىيلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بەزى مەخپىي ئىلغار تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بىر قاتار كۈرەش ئېلىپ باردى. ئۇلار 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا مۇھىم رولىنى ئوينىدى. مەسىلەن، يولداش ئابباسوپ ۋە گومىنداڭنىڭ تۈرمىسىدە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەر ياش شائىر ل. مۇتەللىپ قاتارلىقلار ئىنقىلاۋىي ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان مۇنەۋۋەر ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ۋەكىلىدۇر.

3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ بىلەن

ئاساسەن بىردەك ۋە يېقىندىن باغلىنىشلىق ئىدى. گومىنداڭ-
نىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قاراتقان سىياسىتى بىلەن
3 ۋىلايەتكە قاراتقان سىياسىتى، چوڭ جەھەتتە ئوخشاش بولدى.
مەسىلەن: 1945 - يىل 9 - ئايدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇش غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، گومىنداڭ بىلەن
كوممۇنىستىك پارتىيە سوھبەت ئۆتكۈزدى، ماۋزېدۇڭ
جۇشى شەخسەن ئۆزى چۇڭچىڭغا بېرىپ، گومىنداڭنى « 10 -
ئۆكتەبىر كېلىشىمى » گە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.
شۇ چاغدا، 3 ۋىلايەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
« تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق » تەشەببۇسىغا ئاۋاز
قوشۇپ ، شىنجاڭدا گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ،
بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇردى. گومىنداڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى
ئارقا تىرەك قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، گومىنداڭ بىلەن
كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سۆھبىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا
بەل باغلىغان چاغدا، شىنجاڭدا 3 ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭنىڭ
مەركىزىي ۋەكىلى ئىمزالىغان 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى-
مۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلاندى.
گومىنداڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئازات رايونلارغا زور كۆلەملىك
ھۇجۇم قوزغىغان چاغدا، شىنجاڭدىمۇ گومىنداڭ 3 ۋىلايەتنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ
ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قۇترىتىشى
ئارقىسىدا، ئوسمان باندىتنى يۆلەپ، 3 ۋىلايەت-
كە قارىتا قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭدا
تېخى ئازات قىلىنمىغان باشقا رايونلاردا، گومىنداڭنىڭ
3 ۋىلايەتنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا مايىل كىشىلەرنى



« كوممۇنىست »، « قىزىلپاچاق » ۋاھاكازا دەپ زور مىقداردا
قامىغان، ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ ناھايىتى ئېنىق، بۇنىڭ-
دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ
بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئورتاق دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى.

3 ۋىلايەت ۋەكىلىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقان ۋاقتىمۇ 1946 - يىلىدىن باشلان-
دى. 1946 - يىلى 11 - ئاي ئىچىدە، 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلىۋاتقان
مەزگىلدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپلار شىنجاڭ
خەلقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن نەنجىڭگە بېرىپ، گومىنداڭ-
نىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. يىغىن مەزگىلىدە، يولداش
ئابباسوپ ئەخمەتجان بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن خەتەردىن
قورقماي، كۆپ قېتىم كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىش
بېجىرىش باشقارمىسىغا بېرىپ، كومپارتىيە ۋەكىللىرى بىلەن
كۆرۈشكەن. يولداش دۇڭ بىۋۇ ئابباسوپنى سەممىي قوبۇل
قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى سۆزلەپ بەرگەن.
كومپارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ۋە تەشەببۇسلىرىنى، شۇنداقلا
خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش پىرىنسىپىنى
ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيىلىرىنى تونۇشتۇرغان ئىدى. يولداش
دۇڭ بىۋۇ يەنە 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، يولداش
پېڭ گوئەن ( شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايون-
لۇق پوچتا - تېلېگىراف ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
بولغان، كېيىن لياۋنىڭغا يۆتكىلىپ كەتتى ) نى بىر دانە
راتسىيە بىلەن ئابباسوپ قاتارلىقلارغا قوشۇپ شىنجاڭدا ئىش-

لەشكە ئەۋەتكەن ئىدى. شۇندىن كېيىن 3 ۋىلايەتنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ غەلىبىلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئۈزلۈكسىز بېسىلىپ تۇردى ۋە كەڭ تەشۋىق قىلىندى. 3 ۋىلايەت يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك تەرەققى قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ماۋجۇشىنىڭ «خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى ھەققىدە» دىگەن ئەسىرىنى، ليۇشياۋچىنىڭ «ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە مىللەتچىلىك ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، شۇنىڭدەك، باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىپ تارقاتقان ئىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە 1948 - يىلى 2 - ، 3 - ئايلاردا، بىر كۈنىسى ئابباسوپ ماڭا: «بىز ئەخمەتجان، ئىسھاقبەكلەر بىلەن مەسلەھەتلەشتۇق، مەن ئوتتۇرا يۈنۈلۈشتىكى قىسىملارغا بارىدىغان بولدۇم، سىزمۇ مەن بىللە بارىدىغان بولدىڭىز، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە بىر نەچچە كادىر ئېلىۋېلىڭ، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسىنى قىسىمدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرگە تەشۋىق قىلىش، سىز جۇڭگو خەرىتىسىنى ئېلىۋېلىڭ» دىدى. يولداش ئابباسوپنىڭ پىكرى بويىچە مەن مىللى ئارمىيە سىياسى بۆلۈمدە يىغىن چاقىرىپ، مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا ئابباسوپنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدۈم (ئۇ چاغدا مەن مىللى ئارمىيە سىياسى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىدىم) ۋە بىللە بارىدىغان يولداشلارنى ئورۇنلاشتۇردۇم، خەرىتىنى تەييارلاپ قويدۇم. 2 - كۈنى مىللى ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبەك مىنى چاقىرىپ، يولداش ئابباسوپنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمنىڭ لازىملىقىنى تاپىلىدى. بۇ قېتىمقى ئوتتۇرا يۈنۈلۈشكە قىلغان سەپىرىمىزدە، بىز يەنىسخەي (بۇ



جايدا قارىياغاچ بەك كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇ يەرنى جەڭچىلەر ئورمانباغ دەپ ئاتىشاتتى)، ئالاۋۇسۇن، شىخەنزە، مايتاغ ۋە شىخو قاتارلىق جايلاردا تۇرۇۋاتقان مىللى ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاپ چىقتۇق. بارغانلا يېرىمىزدە، يولداش ئابباسوپ ھەربىلەر چوڭ يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو خەرىتىسىنى ئېسىپ قويۇپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئازات قىلىپ بولغان جايلارغا كىچىك قىزىل بايراقچىنى سانجىپ قويۇپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسىنى كەڭ كۆلەمدە سۆزلىدى ھەمدە كۆپچىلىككە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ غەلىبىسى غەربىي شىمالغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاخىرقى ھىساپتا ھەل بولۇشىغا بارماق بىلەن سانىغىدەكلا كۈنلەر قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە كۆپچىلىكنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. بىز كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك» دىدى. شىخودىن قايتىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يولداش ئابباسوپ ماڭا خەنزۇچە بىر كىتاپچىنى بەردى ھەمدە مۇنداق دىدى: «بۇ، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسى قوللانمىسى، سىز ئالدى بىلەن ئۇنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ چىقىڭ. يېقىندا بىز شىخودا مىللى ئارمىيە سىياسى خىزمەت خادىملىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسىنى ئاچماقچىمىز، شۇ چاغدا ئۇنى ئىشلىتىمىز» دىدى. مەن كىتاپچىنى ئېلىپ تەرجىمە قىلدۇردۇم. كېيىن بىز شىخودا سىياسى خىزمەت خادىملىرى كۇرسى ئاچتۇق. مىللى ئارمىيىدىكى سەيدەخمەتوپ تۇرسۇن، سادىروپ قاتارلىق يولداشلار ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالدى.

مەنمۇ يولداش ئاببا سوپ بەرگەن سىياسىي خىزمەت قوللانمىسىنى ئاساسەن، كۇرستا سىياسىي دەرس ئۆتتۈم، بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ 3 چوڭ دېموكراتىيەسى ۋە سىياسىي خىزمەت پىرىنسىپى قاتارلىق مەزمۇنلار بار ئىدى. ئۇ چاغدا يەنە يەرلىكتىن سەيپىدىن، سەيپۇللايوپ، رەخىمجان قاتارلىق يولداشلارنىمۇ كۇرسانتلارغا دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدۇق. ئەخمەتجان قاسىمى، ئاببا سوپ قاتارلىق يولداشلارمۇ كېلىپ دوكلات بەردى، ئۇلار ئۆز دوكلاتىدا جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى كۆپچىلىككە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ كېلىپ: «3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋەتىنىمىزنىڭ بىر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاپ، ئۇ جۇڭگو ئىنقىلاۋى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى بولمىسا، شىنجاڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ خەلقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقى — ئىنقىلاپ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كاپالىتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەخمەتجان قاسىمى يەنە 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مىللىي مەسىلىدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىقلار ۋە بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىشنىڭ زۆرۈرلىكى ئۈستىدە توختالغان ئىدى. يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزى مىللىي مەسىلىدىكى بەزىبىر خاتالىقنىڭ مىللىي قىسىملاردىكى تەسىرىنى تازىلاشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. شۇ قېتىمقى كۇرس مىللىي ئارمىيىدىكى كادىرلارنى مىللىي مەسىلىگە نىسبەتەن بىر قەدەر توغرا تونۇشقا ئىگە قىلدى. مىللىي ئارمىيىدىكى كادىرلارنىڭ جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، شىنجاڭ ناھايىتى تېزلىكتە ئازات بولىدۇ، دەيدىغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.



1948- يىلىنىڭ يىل بېشىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى ئىستىراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇمدا زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. بۇ غايەت زور بۇرۇلۇش 3 ۋىلايەت خەلقىگە ئىنتايىن زور ئىلھام بولدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ھەر مىللەتنىڭ دېموكراتىك ئىلغار زاتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، 3 ۋىلايەت 1948- يىلى 8- ئايدا ئىلىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرۇش يىغىنى چاقىردى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەئىسلىكىدە 35 كىشى ھەيئەتلىككە سايلاندى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرى ئەمەلىيەتتە 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ قالدى. «ئىتتىپاق» — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ھالدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى بىرلىكسەپ تەشكىلاتى بولۇپ، 3 ۋىلايەتتىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا ئېلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەر ساھە ئەرباپلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئورتاق كۈرەشكە ئاتلاندۇردى. ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن كېيىن، غۇلجىدا «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى ۋە «ئالغا گېزىتى» نەشر قىلىندى، ئارباغاتايدا «دېموكراتىيە گېزىتى» نەشر قىلىندى، ئالتايدا «ھەقىقەت يولى گېزىتى» نەشر قىلىندى. ئىتتىپاق نۇرغۇنلىغان تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش،

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن «ئىتتىپاق» نىڭ نامى «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ھەر قايسى جايلاردا پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، 1952 - يىلى ئىتتىپاقنىڭ تارقالغانلىقى جاكالاندى.

3 ۋىلايەت يەنە ياشلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركەت داۋامىدىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن دىققەت قىلدى.

1945 - يىلى 11 - ئايدىلا، ئىلىدا «شىنجاڭ ئىنقىلاۋىي ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ رەئىسلىكىنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئابباسوپ، سەيپۇللايوپ ۋە باشقا يولداشلار ئۆتىگەن ئىدى. كېيىنچە ئالتاي، تارباغاتاي رايونلىرىدا ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەردىمۇ كەينى - كەينىدىن ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلار قۇرۇلدى. ئاساسىي قاتلامدا يەرلىك تەشكىلات قۇرۇلدى، بۇ تەشكىلاتلار ياشلارنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىش توغرىسىدا ئىنقىلاۋىي روھ بىلەن تەربىيىلىدى. قوراللىق كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ياشلارنى چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ ھەربىي سەپكە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى ۋە سەپەرۋەر قىلدى. نۇرغۇنلىغان ياشلار قولىغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى. ياشلار تەشكىلاتى يەنە «كۈرەش» ژورنىلىنى نەشر قىلدى. ئۇنىڭدا دائىم دىگىدەك ماركسىنىڭ بەزى نەزىرىيىۋى ماقالىلىرىنى قىسقارتىپ بېسىپ، سوتسىيالىزمنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ياشلارغا ئىلغار ئىدىيىنى سىڭدۈرۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىتىم ماددىلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان رەزىل قىلمىشلىرىنى



پاش قىلدى. 1948 - يىلى 8 - ئايدا، «شىنجاڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن ياشلار تەشكىلاتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئىتتىپاق ئەزالىقىغا ئۆزگەردى، «كۈرەش» ژورنىلى «ئىتتىپاق» ژورنىلى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياشلار تەشكىلاتى ئۆز پائالىيىتىنى توختاتتى.

## شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىنىشى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

1948 - يىلى 9 - ئايدىن 1949 - يىلى 1 - ئايغىچە جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى دۇنياغا مەشھۇر بولغان لياۋشېن، خۇەيخەي، پىڭجىن ئۇرۇشى ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ 1 مىليون 500 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈردى. غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدا، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى دالا ئۇرۇش ئارمىيىسى يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ قوماندانلىقىدا غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا خەلق ئازاتلىققا تەشنا بولۇپ تۇراتتى. ۋاھالەنكى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى، گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلىرى ئىچىدىكى جاھىللار بولسا باندىتلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىنىشىغا بۇزغۇنچىلىق ۋە توسالغۇلۇق قىلماقچى بولۇپ، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشماقتا ئىدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى غەربىي شىمالدىكى گەنسۇ، نىڭشيا،

چىڭخەيى قاتارلىق جايلاردا تۇرىۋاتقان يەرلىك مىلىتارىست مابۇفاڭ، ماخۇڭكۇي قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى شىنجاڭغا چېكىندۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرىۋاتقان ئەكسىيەتچى كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇپ شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن ئايرىۋېتىش سۇيىقەستىنى پىلانلىغان ئىدى. مۇنداق شارائىتتا مەركىزىي كومىتېت ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ شىنجاڭنى بالدۇرراق ئازات قىلىشتىن ئىبارەت دانا ھەل قىلغۇچ تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنجاڭنىڭ بالدۇرراق ئازات قىلىنىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن 3 ۋىلايەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى دەلمۇ-دەل تاقابىل تۇرۇپ كۈرەش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ۋىلايەت خەلقىگە ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە ئىنتايىن ئېتىۋار بىلەن قاراپ ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ، 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ بېشىدا يولداش دېڭ لىچۈننى ئالاقىچى سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە ئەۋەتتى ھەمدە «لىچۈن» نامىدا بىر راتسىيە ئورنىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن 3 ۋىلايەتنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىۋاستە ئالاقە مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى.

يولداش دېڭ لىچۈن 3 ۋىلايەتكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئاببابسوپ قاتارلىق يولداشلار ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇلار يولداش دېڭ لىچۈنگە مۇنداق دېدى: «بىز ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ ئۆز ئەھۋالىمىزنى دوكلات قىلىشقا، پارتىيە مەركىزىي



كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى ئېلىشقا تەشنا ئىدۇق. بۇ كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى». يولداش دېڭ لىچۈنگە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلى تونۇشتۇردى. مەسىلەن: 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى — ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، كادىرلار ئەھۋالى، گومىنداڭ بىلەن بىتىم تۈزگەندىكى ئەھۋالى، شۇنىڭدەك 3 ۋىلايەتتىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنىڭ ئەھۋالى، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى تەجرىبە - ساۋاقلار ۋە ئۆتكۈزۈلگەن سەۋەنلىك قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى. دېڭ لىچۈن 3 ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاقتى - ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇردى ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقلىرىنى 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە يەتكۈزۈپ تۇردى.

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ لىچۈنگە: «يولداش دېڭ لىچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامىدىن ئىلىنىڭ مەسئۇل دائىرىلىرىنىڭ 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلىشىڭىزنى، ۋەكىل سانىنىڭ 5 نەپەر بولىشى، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن ئادەم كېلىشى ھەمدە خەنزۇلاردىن بىرەيلەن كېلىپ قوشۇمچە تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن تېلېگراممىنى ئەۋەتتى. يولداش دېڭ لىچۈن بۇ خۇشخەۋەرنى 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە يەتكۈزدى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەخمەتجانغا يازغان خېتىنىمۇ يەتكۈزۈپ بەردى.

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق ئىدى:

« شىنجاڭ غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە،

ئەخمەتجان ئەپەندىگە:

ئېلىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە چياڭجيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى پات ئارىدا پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا غەلىبە قىلىدۇ. پۈتۈن جۇڭگودىكى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ دالا ئارمىيىلىرى، ئازات رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەتئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشى ئەستايىدىل تەييارلىقلار ئارقىلىق 9-ئاي ئىچىدە ئومۇمىي يىغىن ئاچىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈش، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن باشقا، يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى سايلاپ چىقىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنىڭ بىر قىسمى. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ شىنجاڭ تولۇق ئازات بولىدىغان ۋاقىتقا ئانچە ئۇزاق قالمىدى، سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ، بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىڭلار سۈپىتىدە 5 كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز، ئەگەر قوشۇلساڭلار 9-ئاينىڭ دەسلەپكى 10 كۈنى ئىچىدە



بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز، تېلېگرامما يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاپ قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى ماۋزېدۇڭ.

1949-يىل 8-ئاينىڭ 18-كۈنى، بېيپىڭ،»

يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆز نامىدىن يولداش ماۋزېدۇڭغا يازغان جاۋاپ خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق ئىدى:

«مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، قەدىرلىك ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، خەتتە ئېيتىلغان مەسىلىلەر ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلقنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى.

بىز جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئۆلكىمىز ۋە دۇنيا خەلقىنىڭمۇ ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ ھېسابلايمىز.

خېتىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز بېيپىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

پەۋقۇلئاددە رايون خەلقىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى.

1949-يىل 8-ئاينىڭ 20-كۈنى»

3 ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇشال بولدى. ھەمدە ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكىنى تېزدىن بېكىتىپ چىقتى، ئۇلار: ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابباسوپ،

دەلىلقان ھەمدە ئۈرۈمچىدىن شىنجاڭ جۇڭگو ـ سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىكى يولداش لو جۇلاردىن ئىبارەت بولدى. بۇ ۋاقىتتا يولداش لو جۇ ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا ماڭدى. سەپەر ئۈستىدە ئايروپىلان ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بەختكە قارشى ھەممەيلەن قۇربان بولدى. رەئىس ماۋزېدۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ «تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»غا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«شىنجاڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا، سۆيۈملۈك يولداشلار: شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بىرىنچى تۈركۈم ۋەكىللىرىدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتتىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىۋى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان سۇگۇرباييوپ ۋە شىنجاڭ جۇڭگو ـ سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىن يولداش لو جۇلار بەختكە قارشى ئايروپىلاندا ھادىسىگە ئۇچراپ، بېيجىڭغا كېلىش سەپىرىدە قازا تاپتى. ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى 5 نەپەر يولداش ھايات چېغىدا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشى ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەشلەر ئېلىپ باردى، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش



يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، بۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ. يولداش ئەخمەتجان، يولداش ئىسھاقبېك، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، يولداش دەلىلقان سۇگۇرباييوپ ۋە يولداش لوجۇلار مەڭگۈ ھايات!» ئارقىدىنلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىككىنچى قېتىم تېلېگرامما ئەۋەتىپ، يەنە ۋەكىل ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ قېتىمدا يولداش سەيپىدىن، شىنجاڭ شۆيۈەندىن پىروفېسسور تۇجۇ، چۆچەكتىن ئالىمجان قاتارلىق يولداشلار شىنجاڭنىڭ ۋەكىلى بولۇپ مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتى.

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى لەنجۇ ئازات بولدى، بۇ غەلىبە ما بۇفاڭ، ما خۇڭكۈي قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭغا چېكىنىپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇش سۈيىقەستىنى تارمار قىلىۋەتتى. 10 ـ ئايدا، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 1 ـ دالا ئارمىيىسىنىڭ 1 ـ بىڭتۇەنى ۋاڭ جېن قوماندانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، چىلىيەنشەن تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، جاڭيېنى ئازات قىلىپ، مابۇفاڭ، ماخۇڭكۈي قىسىملىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى كېسىپ تاشلاپ، خېشى كارىدورىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىدىن 100 مىڭغا يېقىن ئادەمنى تولۇق يوقاتتى.

غەربىي شىمالنىڭ بۇ ۋەزىيىتى شىنجاڭدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئىچىدە غايەت زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە ئىختىلاپ تۇغۇلدى ھەمدە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقلىرى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىش شەرتىنى شەرتسىز

قوبۇل قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئارمىيە ئىچىدىكى ۋەكىلى ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال تاۋسىيۇې قاتارلىقلار، ھۆكۈمەت ئىچىدىكى بۇرھان ئەپەندى قاتارلىقلار ئىدى. ۋاھالەنكى ئۇ چاغدا، تاۋسىيۇې گارنىزون باش قوماندانلىقىدەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئانچە كۆپ قىسىم يوق ئىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تاۋسىيۇېنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشنى قوللايدىغان جاۋ شىگۇاڭ باشچىلىقىدىكى بىر دىۋىزىيىسىدىن باشقا، يەنە خۇزۇڭنەن گورۇھىنىڭ يې چېڭ باشچىلىقىدىكى بىر تولۇقلانغان دىۋىزىيىسى، مابۇفاڭ گورۇھىدىكى ماچىڭشياڭنىڭ ئاتلىق 5 - كورپۇسى بار ئىدى. ئاساسىي ئەسكىرىي كۈچ يې چېڭ، ماچىڭشياڭلارنىڭ قولىدا ئىدى، بۇ ئىككىسى بولسا تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى قەتئىي رەت قىلدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ قىسىملىرىنى شىنجاڭنىڭ بوغۇزى بولغان شىڭشىڭشياغا يۆتكەپ بېرىپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە، مۇئاۋىن رەئىس مەتتىمىن بۇغرا، ئەيسالار يې چېڭ، ماچىڭشياڭنى قوللايتتى. يې چېڭ، ماچىڭشياڭلار ھەقىقەتكە قايتىشقا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشتە، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى مابۇفاڭ، ماخۇڭكۇيلەرنىڭ ئارمىيىسىنى ئارقا تىرەك قىلىشنى ئويلىغان ئىدى، بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، ۋەزىيەتنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ئىدى. مابۇفاڭ، ماخۇڭكۇي-لەرنىڭ ئارمىيىسى غەربىي شىمال دالا ئارمىيىمىز تەرىپىدىن



يوقىتىلغاندىن كېيىن، يې چېڭ، ماچىڭشياڭلارنىڭ خام خىياللىرىمۇ كۆپۈككە ئايلىنىپ قالدى. كېيىن ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال تاۋسىيۇې ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ ئەتراپلىق خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، يې چېڭ، ماچىڭشياڭلار ھەربىي ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق چەتئەلگە قېچىپ كەتتى، مەتتىمىن بۇغرا، ئەيسا قاتارلىقلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن قېچىپ كەتتى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، يولداش دېڭ لىچۈن ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، تاۋسىيۇې، بۇرھانلار بىلەن شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇشىنى كۈتۈۋېلىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گېنېرال تاۋسىيۇې تۆۋەندىكى مەزمۇندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللىدى: «مەن تاۋسىيۇې قاتارلىق كىشىلەر بارلىق كوماندىر ۋە ئەسكەرلىرىمىزنى باشلاپ، بۈگۈندىن ئېتىبارەن گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى ئۈزۈپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ 8 ماددىلىق تىنچلىق باياناتىنى ۋە ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىزنى تەنتەنىلىك بىلەن جاكالايمىز». 25 - كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان ئەپەندىمۇ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكالىدى. 26 - كۈنى 3 ۋىلايەت غۇلجا شەھىرىدە 30 مىڭ كىشىلىك ئاممىۋى چوڭ يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى. يىغىندا «شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوپ 3 ۋىلايەتتىكى ھەر

مىللەت خەلقىغە ۋاكالىتەن رەئىس ماۋزېدۇڭغا تەبرىك تېلېگىراممىا يوللىدى، تېلېگىراممىا تۆۋەندىكىچە:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭغا:

جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى پۈتۈن مەملىكەتتە، بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى غەربىي شىمالدا چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكەن بىر چاغدا، مەن جانابىڭىزنى ھەمدە سىياسى كېڭەشنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى ئېھتىرام بىلەن تەبرىكلەيمەن. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت خەلقى گەرچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك يېڭى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى ئورناتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسى زۇلمى، ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىقى، مىللى كەمسىتىشى، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت جەھەتتە ئاياق ـ ئاستى قىلىشىغا ئۇچراپ كەلمەكتە. بۇ قېتىم، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى تۈپەيلىدىن ئۆلكىمىزدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوقىتىلدى. پۈتۈن ئۆلكە خەلقى چەكسىز خۇشاللىق كەيپىياتى ئىچىدە، مىسلىسىز زور كۆلەمدە ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، بۇ تارىخىي ۋەقەنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 3 ۋىلايەت خەلقى جانابىڭىزغا چىن كۆڭلىدىن رەخمەت ئېيتىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى جانابىڭىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەش، بەختىيار، ئىلغار، مەدەنىيەتلىك ۋە ھەممە مىللەت باراۋەر بولغان يېڭى تۈزۈمنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

شىنجاڭ تىنچلىق، خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ
مۇۋەققەت رەئىسى: ئەسئەت ئىسھاقوپ



10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ۋاڭ جېن قوماندان بۇيرۇققا بىنائەن 1 ـ بىڭتۇەنگە يېتەكچىلىك قىلىپ جۇچۇەندىن بىر قانچە يولغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئالدىدا ماڭغۇچى قىسىملارنىڭ ئاپتوموبىل پولكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. كېيىندىن 1 ـ بىڭتۇەننىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قىسىملىرى ئىككى يولغا بۆلۈندى: ئىككىنچى كورپۇس يولداش گو پىڭ، ۋاڭ ئېنماۋلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى، 6 ـ كورپۇس يولداش لو يۈەنفا، جاڭ شيەنيۈلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە شىمالىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى قۇمۇلدىن، كۇچاردىن ئۆتۈشتە، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ۋە باندىتلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتتى، شۇنداق قىلىپ، ھەر قايسى قىسىملار شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئىستىراتېگىيىلىك مۇھىم جايلارنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ ئورۇنلۇشۇپ، بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە قادىدى.

خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەركىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، مىللى ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا كىردى، يەنە بىر قىسمى بۇيرۇققا بىنائەن 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە كىرىپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەنى بىلەن غەلىبىلىك ھالدا ئۇچراشتى.

جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭنىڭ بۇيرۇغى بويىچە، مىللى ئارمىيە 1949 ـ يىلى

12 - ئايدا رەسمى يوسۇندا جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا 13 -، 14 - دىۋىزىيە قۇرۇلدى، 13 - دىۋىزىيە جەنۇبىي شىنجاڭغا، 14 - دىۋىزىيە شىمالىي شىنجاڭغا، ئۇنىڭ كورپۇس ئىشتاۋى غۇلجا شەھرىگە ئورۇنلاشتى. 5 - كورپۇسنىڭ يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسىمۇ بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭنىڭ بۇيرۇغى بىلەن تەيىنلەندى. لىسكىن 5 - كورپۇس باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى، مەن 5 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولۇپ تەيىنلەندىم. يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 5 - كورپۇسنىڭ كوماندىرلىرى ئىچىدىن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە شەرەپلىك ھالدا ئارقا - ئارقىدىن ئەزا قوبۇل قىلىندى. 5 - كورپۇستا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، سىياسىي كومىسسارلىق تۈزۈمى ئورنىتىلدى، 2 - ۋە 6 - كورپۇسلاردىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر خەنزۇ كادىرلار 5 - كورپۇسقا يۆتكەپ كېلىنىپ، كورپۇس، دىۋىزىيە ۋە پولكلارنىڭ سىياسىي خىزمەت كادىرلىقىغا تەيىنلەندى، مەسىلەن، 2 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى يولداش دۇڭ شىنيۈن 5 - كورپۇسنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولدى، 2 - كورپۇستىن يولداش لى يۈنخې 5 - كورپۇس سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولدى، 5 - كورپۇسقا يۆتكىلىپ سىياسىي خىزمەت ئىشلىگەن خەنزۇ كادىرلار، ھەر خىل قېيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي، ئىدىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، 5 - كورپۇسنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، پارتىيىنىڭ بىۋاستە



رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقى ئاستىدا، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى.

5 - كورپۇس قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ 5 - كورپۇستىكى كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەرگە ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلدى، 1950 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى باش قوماندانلىق ئىشتاۋى 5 - كورپۇسنى بىر ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، بېيجىڭغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1950 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەتىگەندە بولسا كېرەك، بىز غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن شىئەنگە بېرىپ، بىرىنچى دالا ئۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى پېڭ دېخۇەي، شۇنىڭدەك شى جۇڭشۈن، گەن سىچى قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، بىز شىئەندىن ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ، بېيجىڭ مېھمانخانىسىدا تۇردۇق، 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىلەن دۆلەت زىياپىتىگە قاتناشتۇق. زىياپەتتە قەدىرلىك رەئىس ماۋزېدۇڭ، ليۇشاۋچى، جۇدې، جۇئېنلەي قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار بىز 5 - كورپۇسنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى سەممىي قوبۇل قىلدى، بۇ، مېنىڭ رەئىس ماۋزېدۇڭنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم بولۇپ، ئىنتايىن ھاياجانلاندىم، چەكسىز بەخت ھىس قىلدىم ۋە ئىپتىخارلىققا چۆمدۈم. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىز تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ كۆزىتىش مۇنبىرىدە تۇرۇپ، دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشتۇق ۋە پارات

كۆردۇق. كېيىن باش قوماندان جۇ دې 5 - كورپۇس ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرىنى سۆھبەتكە چاقىرىپ، بىزنىڭ دوكلاتىمىزنى ئاڭلىدى، 5 - كورپۇسنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى. كېيىن ئۆمىكىمىز تيەنجىن قىسىملىرىغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئۆگەندى. ئۇ يەردە 20 - بىڭتۇەننىڭ قوماندانى يولداش ياڭ چېڭۋۇ بىزنى قوبۇل قىلدى. شۇ قېتىمقى ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىزنى ئاچتى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغلىقىنى كۆردۇق، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مېھرىۋانلىقىدىن بەھرىمەن بولدۇق، ئىنتايىن زور تەربىيە ۋە ئىلھام ئالدۇق. پارتىيىنىڭ ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، 5 - كورپۇسنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ كېتەلەيدىغانلىقىمىز ھەققىدە تولۇق ئىشەنچكە ئىگە بولدۇق.

1950 - يىلى 5 - كورپۇسنىڭ بىر قىسمى قېرىنداش قىسىملار بىلەن بىرلىكتە باندىت تازىلاش جېڭىگە ئاكتىپ قاتناشتى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىت تازىلاش قىسىملىرىنىڭ شىددەت بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، باندىت باشلىقى ئوسمان گەنسۇ چېگرىسىدا ئاخىرى بىر تەرەپتىن تىرىك قولغا چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوسماننىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئۇزۇن مۇددەتلىك باندىتلىق ھەرىكەتلىرى ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى ۋە ھالاكىتى بىلەن ئاياقلاشتى.

1953 - يىلىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرانى گۈللەندۈرۈش» دېگەن يوليورۇقىغا ئەمەل



قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. 2 - ، 6 - كورپۇسنىڭ زور بىر قىسمى ۋە 22 - بىڭتۇەن (تاۋسىيۇېنىڭ باشچىلىقىدا ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملاردىن تەشكىللەنگەن) پۈتۈنلەي شىنجاڭ ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 5 - كورپۇسمۇ ئۆزگەرتىلدى، بىر قىسمى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش قىسمى بولدى، بىر قىسمى دۆلەت مۇداپىئە قىسمى بولۇپ ئايرىلدى.

شىنجاڭ تېنچلىق بىلەن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، سىياسىي جەھەتتە ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي باراۋەر بولغان يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە. فېئوداللىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازات قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئورنىتىلىپ، خەلق ھەقىقىي تۈردە قەددىنى كۆتەردى، دۆلەتنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى.

شىنجاڭنىڭ تېنچلىق بىلەن ئازات قىلىنىش جەريانىنى ئەسلىگەندە، ئالاھىدە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىرىنچى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەندىكى كەڭ كوماندىر، جەڭچىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ بۇيرۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭنى تېنچ يول بىلەن ئازات قىلىش داۋامىدا ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتتى. ئەگەر ۋاڭ جېن قوماندان باشچىلىقىدىكى بىرىنچى بىڭتۇەن چاقماق تېزلىكىدە شىنجاڭغا كىرمىگەن بولسا، شىنجاڭنىڭ تېنچلىق بىلەن ئازات قىلىنىشىمۇ مۇنداق تېز بولمىغان

بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ لىچۈننى 3 ۋىلايەتكە ئۆز ۋاقتىدا ئەۋەتىپ، 3 ۋىلايەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقە باغلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن يولداش دېڭ لىچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىپ گېنېرال تاۋسىيۈي، بۇرھان ئەپەندىلەرنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، 2-، 6-كورپۇستىن 20 مىڭدىن ئارتۇق كادىر، جەڭچى، 5-كورپۇستىن بىر قىسىم مىللىي كادىر ئاجرىتىلىپ، يەرلىكنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا، ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتناشتۇرۇلدى، مۇشۇ مەزگىلدە زور تۈركۈمدىكى مىللىي كادىرلار تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەربىيىلەندى ھەمدە ئۇلار ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھازىر، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئەنە شۇ چاغدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلگەن تايانچىلار ۋە ئاكتىپلار. ئۈچىنچى، 2-، 6-كورپۇستىكى كەڭ كوماندىر، جەڭچىلەر شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا تۆھپە قوشتى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا بىرمۇ زامانىۋى سانائەت يوق ئىدى. شىنجاڭ بويىچە ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى ناچار، تېخنىكىسى قالاق، بىنالىرى ۋەيرانە 14 كىچىك زاۋۇت بار ئىدى. مەسىلەن:



ئۈرۈمچىدە پەقەت بىرلا كىچىك تىپتىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە گۇاڭشۈي يىللىرىدا جىياڭنەن كېمەسازلىق زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئىستانوكتىن بىرسىلا بار ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، يېڭى خەلق ھۆكۈمىتى كونا زاۋۇتلارنى ئىسلاھ قىلىپ تەرتىپكە سېلىش بىلەن بىللە، مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. بولۇپمۇ 2-، 6-كورپۇستىكى كەڭ كوماندىر، جەڭچىلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىنچىكە ھىساپ قىلىپ، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكلىرىنى ئىقتىسات قىلىپ، نۇرغۇن مىقداردا راسخوت تېجەپ مەبلەغ توپلاپ، ئۇنى سانائەتكە قوشۇپ، ئىلگىرى-كېيىن «1-ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتى، «1-ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، «ئۆكتەبىر» تىراكتور زاۋۇتى، ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قاتارلىقلارنى قۇردى ھەمدە نەنىۋەن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى قىزغىن قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سانائەت، دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. بۇ ئۈچ زور تۆھپە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. بۇ شانلىق تۆھپىلەر خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىنغانلىقىنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلغۇسى.

× × ×

3 ۋىلايەت ئىنقىلابى 1944-يىل 9-ئايدا باشلىنىپ، 1949-يىل 9-ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىنغانغا قەدەر توپ توغرا 5 يىل داۋام قىلدى، مۇشۇ 5 يىل جەريانىدا، 3 ۋىلايەت خەلقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت

جەھەتلەردە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جىددىي كۈرەش ئېلىپ باردى، كۈرەش مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرگىمۇ ۋە چوڭقۇر ساۋاقلارغىمۇ ئىگە بولدى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ، سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى كۈرىشى غەلىبىگە ئېرىشىش ئالدىدا، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازىنىش ھارپىسىدا پارتلىغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەركەت. ئۇ، 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشىدۇر. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈرىشىنىڭ تىغ ئۇچىنى جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت زۇلمىغا قارىتىپ، دېموكراتىيە ۋە مىللىي باراۋەرلىك ئاپتونومىيىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى قوراللىق كۈرەشنى ئاساسىي شەكىل قىلدى ھەمدە 3 ۋىلايەت رايونلىرىدا ئىنقىلابىي تايانچ بازا قۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 80 مىڭغا يېقىن ئادىمى بار ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي كۈرەشكە يېقىندىن ماسلاشتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت ـ شارائىت ياراتتى ھەم تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈرەش تارىخى گومىنداڭ



ئەكسىيەتچىلىرىگە، جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش قىلغان تارىخ بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقىنىدەك «3 ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى».

3 ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن تۈرلۈك قوزغىلاڭ ۋە كۈرەشلەر ئىچىدە كۆلىمى بىرقەدەر زور بولغان ئىلغار، ئىنقىلابىي ھەركەتتۇر. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى شۇنىڭ ئۈچۈن 5 يىل داۋام قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشەلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبە ئىلھامى ئاستىدا، شۇنىڭدەك ستالىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مەنىۋى، ماددىي جەھەتلەردىكى قوللىشى، ياردەم بېرىشى ئاستىدا، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ كەڭ بىرلىك سەپ قۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى قوراللىق كۈرەشنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ باردى، بۇنىڭدىن باشقا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولدى، ئىنقىلاپ باشلىنىش بىلەنلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پائال ھىمايە قىلىشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇڭا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇنى بۆشۈكىدە بوغۇۋەتمەكچى بولۇشى خام خىيالدىنلا ئىبارەت بولدى.

ئەمما، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ تارىخىدىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سەۋەنلىكلىرىنىمۇ كۆرۈش كېرەك. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى تۆھپە بىلەن سەۋەن-

لىكىنى تارىخىي ماتېرىيالىزىم نۇقتىسى نەزىرى بويىچە، شۇچاغ-
دىكى تارىخىي شارائىتنى چىقىش نۇقتا قىلىپ تەھلىل قىلىش
كېرەك. ئەگەر 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلىۋىدە يۈز بەرگەن
سەۋەنلىك تەرەپنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىنقىلاۋى، ئىلغارلىق
تەرىپىنى كۆرمەيدىغان بولساق، ياكى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسى-
چە بولسا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنى-
قىلاپ باسقۇچىدىكى تارىخىي رولىنى توغرا تونۇيالماي قالىمىز.
ئەلۋەتتە. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 3 ۋىلايەت
ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەزى يۇقۇرى قاتلامدىكى
زاتلارمۇ ئىنقىلاپقا قاتناشقان ھەمدە ئايرىم ساندىكى يۇقۇرى
قاتلام دىنىي زاتلار بىر قەدەر يۇقۇرى ئورۇنلارغا ئىگە بولغان.
بۇنداق بولۇشىنى شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىت بەلگىلىگەن
بولۇپ، ئەشۇنداق قىلىش شۇ چاغدا بىرلىكسەپ قۇرۇپ ھەر
ساھەدىكى خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوز-
غاشقا پايدىلىق ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ خەلق ئارىسى-
دىكى دىنىي تەسىرىدىن پايدىلىنىپ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى
ئىگەللىۋالغان ئېلىخان تۆرە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بەزى سورۇن-
لاردا ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا
بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېتكە
قارشى بەزى نۇتۇقلارنى سۆزلەپ ئىنقىلاۋىي ئاممىنىڭ ئىرا-
دىسىغا خىلاپلىق قىلدى. شۇ تارىخىي شارائىتتا، ئۇنداق ياكى
مۇنداق مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن، بولۇپمۇ مىللى
مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بەزى سەۋەنلىكلەردىن
ساقلىنىش قىيىن ئىدى. كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابباسوپ،
ئىسھاقبېك ۋە دەلىلقانلار يادرو قىلىنغان رەھبەرلىك شەكىل-



لەنگەندىن كېيىن ئۇ خىل خاتالىقلار ناھايىتى تېز تۈزىتىلىپ
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى توغرا يولغا قاراپ ماڭدى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى گەرچە مەملىكىتىمىز يېڭى دېمو-
كراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى بولمىغانلىق-
تىن، شۇنداقلا تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىق-
تىن، فېئودال سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە چېقىلمىدى، دېموكراتىك
ئىنقىلاپنىڭ فېئوداللىزىمنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندى-
يالمىدى. ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئەينى ۋاقىتتا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇن-
لىيالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن شىنجاڭ ئازات بولغاندىن
كېيىنلا، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى ئورنىتىلىپ، ئىجارە
ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىس-
لاھاتى قاتارلىق دېموكراتىك ئىسلاھاتلار قانات يايدۇرۇلۇپ،
فېئودال سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ
تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى
ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكىسپىلاتاتسىيىدىن ئازات بولدى، سىياسى
جەھەتتە ھەقىقى تۈردە قەد كۆتىرىپ دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولدى.

ئازات بولغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ قىيا-
پىتىدە يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنى تۇرمۇشى غايەت زور
دەرىجىدە ياخشىلاندى، بۇنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ توغرا
رەھبەرلىكىدىن، پارتىيىمىزنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوت-
سىيالىزىمدىن ئىبارەت داغدام يولغا قاراپ مېڭىشىغا رەھبەر-
لىك قىلغانلىقىدىن ۋە پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتىنىڭ

توغرا يېتەكچىلىكى بولغانلىقىدىن بولدى. سانسىز پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىقى بولمىغان بولاتتى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە قويۇق ئىتتىپاقلىقى بولمىغان بولاتتى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە، قەتئىي، تەۋرەنمەستىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئېلىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار نىشانىنى تېزلىتىپ ئىشقا ئاشۇرۇش، ئاخىرىدا، كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەر قايسى مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى، بۇ ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئازاتلىق كۈرىشىدىن چىقىرىلغان ئەڭ توغرا تۈپ يەكۈن، شۇنداقلا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ئازات بولۇشىنىڭ بىردىن بىر توغرا يولى.

(1979 - يىل 8 - ئاي، 1984 - يىل 12 - ئاي، ئۈرۈمچى)



# 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە 1 - سۇيدۇڭ پىيادە پولكىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئىسمائىلوپ مەھەممەت

## زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىش

قارا نىيەت شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستلارغا قارشى تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلىك سۈيىقەستلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇنەۋۋەر كادىرلىرىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىك زىيالى ياشلىرىنى، ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنى تۇتۇپ تۈرمىلەرگە تاشلىدى. نەچچە مىڭلىغان ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ۋەھشىلەرچە قىرىپ ئۆلتۈردى.

1943 - يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك پىرقىلىرى قۇرۇلۇپ ۋۇ جۇڭشىن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشتۈرۈپ چىققان ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ئۇنسۇرلىرى بارلىق ھاكىمىيەت

ئورۇنلىرىغا ئورۇنلىشۇپ، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت ـ ئارمىيە، مالىـ
يە، مەدەنىي ـ مائارىپ قاتارلىق ھەممە ھوقۇقلىرىنى ئىگىلىـ
ۋالدى. شۇندىن كېيىن شىنجاڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىـ
مىيىتىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى ۋە گومىنـ
داڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىق
فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقى دەستىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقى چىداپ تۇرغۇسىز زۇلۇم، بالايى ـ ئاپەتلەرگە دۇچ كەلدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن پۇل پاخاللاشتى، مال باھاسى ئۆر-
لەپ جەمئىيەتتە ھايانكەشلىك، بىسىمدارلىق ھۆكۈم سۈردى، ئە-
مەلدارلار ئىچىدە خىيانەتچىلىك، قىمارۋازلىق، ئەيشى ـ ئىش-
رەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش ئەۋج ئالدى. بازارلاردا خەلقنىڭ
ئېھتىياجىغا لازىملىق نەرسە ـ كېرەكلەر، ئىستېمال بۇيۇملىرى
كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىشقا، يېزا ـ قىشلاقلاردا ئالۋاڭ ـ ياساقلار
كۆپىيىپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنى كۈن ئالالماس دەرىجىگە كەلتۈرۈپ
قويدى. كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىمۇ تاپقىلى بولماي
ھەر بىر ئائىلىلەردە ھەتتا سەرەڭگە ئورنىغا ئاددىي تاش-
چاقماق ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى.

شەھەر ـ يېزىلاردا بوجاڭ ـ جاجاڭ تۈزۈمى ئورنىتىلىپ
بىر ئائىلە يەنە بىر ئائىلىنى نازارەت قىلىدىغان، كەلگەن-
كەتكەنلەرنى تىزىملاپ خەۋەر قىلىپ تۇرىدىغان ئەھۋال يۈز
بەرگەچكە، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ
شەھەردىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيىدە بىرەر كېچە قونۇپ كېتەل-
مەيدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. مۇشۇنداق مۇستەبىتلىك ـ تېررورلۇق
تۈزۈم شارائىتىدا كۈندە دېگۈدەك تۇتقۇن قىلىش ـ قاماش،
ئۇرۇش ـ چېپىش يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، خەلق دائىم ۋەھىمە-



ئەندىشە ئىچىدە تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. گومىنداڭ جاللاتلى-
رى كۈندىن ـ كۈنگە فاشىستلىشىپ، خەلققە نىسبەتەن ئۆزى-
بىلگەنچە زۇلۇم سېلىش، بۇلاش ـ تالاش، خوتۇن ـ قىزلارغا
باسقۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق زومىگەرلىكلىرى چېكىدىن ئې-
شىپ كەتكەنلىكتىن، خەلقنىڭ غەزىپى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيى-
يىشكە باشلىدى.

زۇلۇم بار يەردە ئەلۋەتتە قارشىلىق بولىدۇ. خەلق گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇنداق زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىغا
چىداپ تۇرالمىغانلىقتىن ئاخىرى قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەش
قىلىش يولىغا قاراپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

1944 ـ يىلى مەن سۈيدۈڭدە بۇرۇن ئۆزەم ئوقۇغان چىنى-
ۋاغدىكى خەيرىيە مەكتىۋىدە مۇئەللىم ئىدىم. 1943 ـ يىلىنىڭ
كۈز پەسلىدىن باشلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يۇقۇرقى-
دەك زومىگەرلىكىدىن خاتىرجەم بولالماي كېلىۋاتقان خەلقنىڭ
بالىلىرى مەكتەپكە كېلەلمەي، ئوقۇغۇچىلار كۈندىن كۈنگە ئازى-
يىپ كېتىشكە باشلاپ، مەكتەپتە ئوقۇش توختاپ قېلىش خەۋپى
تۇغۇلغانلىقتىن، مەكتىۋىمىزدىكى مۇئەللىملەر مەھەللە ـ مەھەللە
ئارىلاپ يۈرۈپ، ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاپ
چاقىرىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق. شۇنداق قىلغان بولساقمۇ
9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە بىر سىنىپتا ئاران 9 ـ 10 دىنلا
ئوقۇغۇچى قالدى. دەل مۇشۇ كۈنلەردە گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرى تەرىپىدىن «6 ئوغرىنى تۇتىمىز» دېگەن خەۋەر
تارقىلىپ، جىسەكچىلەر كوچىمۇ ـ كوچا ئات چېپىپ يۈرىدىغان،
ساقچىنىڭ ئىشپىيونلىرى ئۆيمۇ ـ ئۆي تىمىسقىلاپ تىڭ ـ تىڭ-
لاپ يۈرىدىغان، بوجاڭ ـ جاجاڭلار كېچە ـ كۈندۈز ئۆي تەكشۈ-

روپ - نوپۇس تەكشۈرۈپ، گۇمانلانغان ئادەملەرنى تۇتۇپ كېتىدىغان ۋەھىمىلىك كۈنلەر باشلانغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كېلەلمەي ئاخىر مەكتىۋىمىز تاقىلىپ قالدى.

بىر كۈنى مەن سۈيدۈڭنىڭ غەربىي 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاجى دېگەن يەردىن گۈرۈچ ئېلىپ كېلىۋېتىپ ئەيسىراخۇن دېگەن كىشىنىڭ جاڭزىسىغا يېقىن يول بويىدىن بىر توپ ئوراغلىق قەغەز تېپىۋالدىم. ئېچىپ قارىسام مەتبەدە بېسىلغان «قوزغىلىپ ئىنقىلاپ قىلىڭلار» دېگەن قازاقچە تەشۋىق ۋەرەقىسى ئىكەن. مەن ئۇنى يوشۇرۇپ ھارۋىغا سېلىۋېلىپ ياسىن خۇدابەردى ئاكىغا كۆرسەتتىم. ياسىن خۇدابەردى ئاكا دەرھال مەمەت نەزەر، مەمتىلاخۇن، ئابدۇقادىر ئابدۇراخمان ئاكا قاتارلىقلارنى يىغىپ ھېلىقى تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى ئوقۇپ بەردى ۋە مۇشۇ ماتېرىيالنىڭ روھى بويىچە جايلاردا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، شەھەر ئىچىگە قەدەر تارقىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ ۋەرەقىلەرنى كېچىلىك گۈزەتكە چىقىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ لەڭگەر كۆۋرۈك بېشى، قارىۋاي شاڭيو دېگى، مالبازىرى ئەتراپى قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ تارقىتىۋەتتۇق. ئۆزىمىزنىڭ «6 ئوغرى» توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزمۇ ئايدىڭلىشىپ، ھەممىمىزدە ئىنقىلاپ توغرىسىدا بىر خىل قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تاشتى. «6 ئوغرى»نىڭ نىلقا تاغلىرىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەركىتى ئوغرى، قاراقچىلىق بولماستىن، ئازاتلىق يولىدا قولغا قورال ئېلىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە كىرىشكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، بۇنى ئاڭلىغان ھەر بىر كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىشلىماقتا ئىدى.



تەلكە تېغىنىڭ ئاغزىدا ئولتۇرۇشلۇق زاخاروف دېگەن روسنىڭ ئىۋان ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئاغىنىدارچىلىق قىلاتتىم. ئۇ ھەر دائىم بازارغا سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەندە ئات - ھارۋىلىرىنى بىزنىڭ ھويلىغا قويۇپ، ئىشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئېلىپ كېتەتتى.

10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ يەنە بىر ھارۋىغا نەرسە - كېرەكلىرىنى بېسىپ بىزنىڭ ھويلىغا كېلىپ چۈشتى، ئۇ بۇ قېتىم كەلگەندە مېنى ئايرىم ھالدا چاقىرىپ مۇنداق دېدى: يېقىندا تەلكە تېغىدىن يىگىرمە نەچچە پارتىزان كېلىپ لاۋسىگۇڭ ساقچى ئىدارىسىغا ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالدى. مەنمۇ ھازىر شۇلارنىڭ ئادىمى، پارتىزان بولۇپ كەتتىم. بىز پارتىزانلارنىڭ ئىشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنقىلاپ قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. مېنىڭ بۇ نۆۋەت كېلىشىم سۈيدۈڭدىكى ئەھۋاللارنى بىلىپ قايتىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر خالىساڭ سەنمۇ بۇ يەردىن دەرھال قېچىپ چىقىپ پارتىزانلارغا قوشۇل، دېدى.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغىنىمدىن كېيىن بىزنىڭ ھېلىقى ئۆزئارا تەشكىللىنىپ قالغان گۇرۇپپىمىزغا يەتكۈزدۈم.

لاۋسىگۇڭ ئۈرۈمچى، غۇلجا، چىلپەڭزە ناھىيىلىرىگە بارىدىغان يولنىڭ تۈگۈنىگە ۋە تەلكە تېغىنىڭ تۆۋەنكى ئېغىزىغا يېقىن بىر جاي بولۇپ، ئەگەر دۈشمەنلەر كەڭسايى ئارقىلىق غۇلجىغا بېسىپ كىرمەكچى بولسا ئۇنى تەلكە تېغىنىڭ قىستاڭ سايلىرىدا توسۇۋېلىشقا بولىدىغان مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئورۇن ئىدى.

مەن ئىۋان زاخاروفنىڭ سۆزى بويىچە 11 - ئاينىڭ بېشىدىلا قورۇيىمىزدا بېقىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر ئېتىنى مىنىپ تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا سۈيدۈڭدىن لاۋسىگۇڭغا قاراپ

قاچتىم. سۈيدۈڭنىڭ قەدىمى چوڭ مازىرى ئالدىدىكى كۆۋرۈكتىن ئەمدىلا ئۆتۈشۈمگە كۈنچى مەلىسى تەرەپتىن بىر نەچچە ئاتلىقلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، مەنزىلگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاتنى بولىشىغا قامچىلاپ چاپتىم. ھېلىقى ئاتلىقلارمۇ مېنى كۆرۈپ دىۋانە مەلىسىگە يېتىپ كەلگىچە قوغلاپ باقتى ۋە بىر نەچچە پاي ئوق ئېتىپ بېقىپ توختاپ قالدى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ چارلىغۇچى ئەسكەرلىرى ئىكەن. مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاتنى چاپتۇرغان بويىچە قەندىل بايىنىڭ جاڭزىسىغا كەلگىنىمدە تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. شۇ ئارىدا چىغلىقلار ئىچىدىن 5 ـ 6 ئادەم سەكرەپ تۇردى ـ دە مېنى توسىۋالدى. ئۇلار مېنى ئاتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن ئازىراق ساقال باسقان بىر ئادەم يېقىن كېلىپ مېنى سوراق قىلدى. مەنمۇ بۇلارنىڭ پارتىزان ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئانچە ھودۇقۇپ كەتمىدىم.

— نەگە بارىسەن؟

— لاۋسىگۇڭ پارتىزانلىرىغا قوشۇلماقچىمەن.

— سەن قايەرلىك؟ ئېتىڭ نىمە؟

— مەن سۈيدۈڭلۈك، ئېتىم مۇھەممەت.

ئۇ يەنە جىددى قىياپەتتە تۇرۇپ مېنىڭدىن سوراق سوراۋاتقاندا سەل نېرىراقتا تۇرغان بىر ئادەم ماڭا يېقىن كېلىپ سىنچىلاپ قاراپ، «ھوي، سەن مۇھەممەت ئەپەندىغۇ؟ بۇ ياقلاردا نىمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟» دىدى. مەن بۇ ئادەمنى كۆرۈشۈم بىلەن خۇددى دادامنى كۆرگەندەك خوشال بولۇپ كەتتىم ۋە ئەھۋالىمنى سۆزلەپ بەردىم.

بۇ كىشى مەيشەت مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق بولۇپ ئۆزى



قازاق ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەيتتى. جۇماش ئىسىملىك ئوغلى مېنىڭ ئوقۇغۇچىم ئىدى. ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئالدىڭغا قاراپ مېڭىۋەرگىن، بىز بۇ يەردە يول توساپ تۇرىۋاتىمىز، سېنى بىرسى توسىۋالسا، جامالقان يولغا سېلىپ قويىدى، دىسەڭ بولىدۇ» دىدى. مەن شۇ كۈنى ساڭگۇڭ ئارقىلىق دەل چۈش مەزگىلىدە لاۋسىگۇڭغا يېتىپ كېلىپ كونا تونۇشۇم ياقۇپجاننىڭ دېڭىگە چۈشتۈم ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە تاماقلىنىۋالغاندىن كېيىن ئاتلىرىمنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ئىزۋاننى ئىزدەپ كەتتىم. ئۇنى تاپقاندىن كېيىن ئۇ مېنى پارتىزانلار ئىشتاۋى ئورۇنلاشقان ساقچى ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغا باشلاپ كىرىپ كۆرەك جۇۋا كىيىۋالغان قېرىراق بىر ئادەمگە تونۇشتۇردى. دەل شۇ مەزگىلدە سىرتتىن پاكارراق بويلۇق بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئىزۋان دەرھال ئۇ كىشىگە مېنى تەكرار تونۇشتۇردى. ئۇ ئادەم: «ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئىشى» دەپ قازاقچە ئارىلاش ئۇيغۇرچە سۆزلەپ ھېلىقى ئادەمگە تىزىمغا ئېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ كىشى تارتمىسىدىن بىر تىزىملىك دەپتەرنى ئېلىپ مېنى 71 نچى ئادەمنىڭ كەينىدىن 72 نچى قىلىپ تىزىملاپ قويدى. مەن ئەتە كەلمەكچى بولۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ئەتىسى ئىشتاپقا كەلگىنىمدە ئىشتاپتىكى بىر كىشى مېنىڭ ئىلگىرى نىمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمنى سورىۋالغاندىن كېيىن، قېلىن ساقاللىق ئانچە ـ مۇنچە ئاق كىرىپ قالغان 50 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى قاسىمقان دىگەن ئەترەت باشلىقىغا تونۇشتۇردى. بۇ مەزگىلدە پارتىزان ئەترىتىگە قوشۇلۇشقا كەلگەنلەر ھەممىسى دىگىدەك

ئۆزىنىڭ ئاتلىرى بىلەن قاتناشقان بولۇپ، ئەترەتتىكى ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىگى ساۋاتسىز، كۈندىلىك خىراجەت، ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-خەشەكلەرنىڭ ھىساۋىنى ئېلىپ تۇرۇشقا ماڭا ئوخشاش بىر ئادەم زۆرۆر بولۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن مېنى دەرھال 10 كىشىلىك بىر گۇرۇپپا پارتىزانلارنىڭ گۇرۇپپا باشلىغى قىلىپ بېكىتىپ قويدى. بۇ گۇرۇپپىدىكى پارتىزانلارنىڭ ئالدى 60 ياش، كەينى 30 — 20 ياشلاردا بولۇپ ھەممىسى بۈركۈتتەك چەبدەس ھەركەت قىلاتتى، لېكىن پارتىزانلاردا ھازىرچە قورال-ياراق بەكمۇ ئاز ئىدى. مەن باشلىق بولغان بۇ 10 كىشىلىك گۇرۇپپىدا پەقەت بىر دانە 9 ئاتار مىلتىق، بىر دانە كونا 5 ئاتار مىلتىق بولۇپ، قالغانلىرىدا ياغاچتىن مىلتىق شەكلىگە كىرگۈزىۋالغان يالغان مىلتىقلار بار ئىدى. بۇنى كېچىلىك يۈرۈشتە ئېسىۋالاتتۇق.

سۆيدۈك، چىلپەگزە، كۆرە يېزا-قىشلاقلىرى، داشىگۇر، قارىۋاغ قاتارلىق جايلاردىن پارتىزانلىققا قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگۈچىلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، يۇرت چوڭلىرى، زىيالىي ياشلار، چارۋىچىلار، دىخانلار ۋە باشقا كەسىپتىكىلەر بولۇپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە لاۋسىگۇڭدىكى دەڭلەر، مەكتەپلەر ۋە باشقا تۇرار جايلار ئات-ئۇلاق، ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى. 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارتىزانلارنىڭ سانى بىر نەچچە يۈزگە يېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلىق ھەركەت باشلىنىپ، پارتىزانلارنىڭ بىر قىسمى كەڭسايغا بېرىپ ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يولىنى توساشقا ئاجرىتىلدى. قالغانلار گۇرۇپپىلار بويىچە سۆيدۈك، كۆرە، چىلپەگزە



يوللىرىغا بۆلۈنۈپ، گومىنداڭنىڭ ھەر قايسى ئۇچاستكىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزلىرىنى قورال-ياراق بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى. شۇنداقلا ھەر خىل يوللار بىلەن شەھەرگە كىرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ، تىڭ-تىڭلاپ، تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتنى كەڭ تۈردە يولغا قويىۋەتتى. لېكىن پارتىزانلاردا قورال-ياراق يەنىلا ئاز ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ پارتىزانلار ئەترىتى كەڭسايىنى قاتتىق قامال قىلىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆتىشىگە ئېغىر تەھدىت سالىدىغان ئالاھىدە تايانچ بازا تەشكىللىگەندىن كېيىن غۇلجىدىكى پارتىزان ئىشتاۋى مەلۇم مىقداردا بەش ئاتار مىلتىق، گېرمانكا مىلتىغى، گومىنداڭ تەرەپ ياسىغان قويرۇغىدا كەندىر يىپ باغلاقلىق گىراناتلاردىن ئەۋەتىپ بېرىپ پارتىزانلىرىمىزنى قورال بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ قىسقىغىنە بىر مەزگىلدە مەلۇم جەڭگاۋار كۈچكە ئىگە پارتىزانلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى.

## چىلپەگزىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئېلىنىشى

11-ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالغان بولسىمۇ تېخى قار ياغمىغان بولۇپ كېچىلىك ھاۋا خېلىلا سوغ ئىدى. يۇقۇرىدىن لاۋسىگۇڭ پارتىزانلىرىغا تولۇق تەييارلىق قىلىپ جەڭ ھازىرلىغىدا تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلگەنلىگى مەلۇم بولدى. پارتىزانلارغا يەنە 3 — 4 كىشىگە بىردىن ياخشى مىلتىق، بىرەر يۈزدىن ئارتۇق ئوق تەقسىم قىلىندى. بىزمۇ جەڭگە قاتنىشىشىمىزدىن خەۋەردار بولساقمۇ، قەيەرگە، قايسى ئورۇنغا ھۇجۇمغا ئۆتىشىمىز تېخى

نامەلۇم ئىدى. ئەترەت ۋە شەخسلەر بويىچە جىددىي تەييارلىق قىلىنىۋاتقاننىڭ 3 - كۈنى، ھەرقايسى ئەترەتلەرنىڭ قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن لاۋسىگۇڭنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تاش يول بويىغا يىغىلىشىمىز توغرىسىدا بۇيرۇق ئالدۇق. قاراڭغۇدا بۇ ئاتلىق پارتىزانلار تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. بىر ئازدىن كېيىن پارتىزان باشلىقلىرى يېتىپ كېلىپ پارتىزانلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، لاۋسىگۇڭ پارتىزانلىرىنىڭ چىلپەگزىدىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى دەرھال ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. جۈملىدىن بۇ ۋەزىپىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكى، بۇنىڭ پارتىزان قوشۇنلىرىمىز ئۈچۈن بىرىنچى قېتىملىق سىناق ئىكەنلىكى، ھەر قانچە قان تۆكۈلسىمۇ بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنداش لازىملىقى توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. يۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىلگەندىن كېيىن ئەترەتلەر سەپ بويىچە تىزىلىپ، چىڭسىخوزا ۋە قارىۋاغىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى يولسىز تۈزلەڭلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق.

چىلپەگزە ناھىيىسى داشىگۇر، مازار، كېگەن، قارىۋاغ قاتارلىق يېزا - قىشلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھىيە بولۇپ، خەلق نوپۇسى 20 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. بۇ يەردە گومىنداڭنىڭ چېگرا ساقلاش ئۈچۈن قويۇلغان بىر لىيەن ئاتلىق ئەسكىرى بولۇپ، غۇلجا، سۈيدۈڭدىن خېلى يىراقتا تۇراتتى. ھەربىي كۈچى جەھەتتىنمۇ سۈيدۈڭ، كۈرەدىكىلەردىن ئاجىزراق بولغاچقا لاۋسىگۇڭ پارتىزانلىرى ئالدى بىلەن بىرىنچى قېتىملىق خەنجەرنى مۇشۇ يەردىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۆكسىگە سانچىشتىن باشلىماقچى بولدى.



پارتىزانلىرىمىز يولغا چىقىشتىن بۇرۇن چىلپەگزە شەھەر ئىچىدە يوشۇرۇن ئىشلەۋاتقان تەشكىلاتلىرىمىز خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىش توغرىسىدا زۆرۈر بولغان تەييارگەرلىكلەرنى كۆرۈپ قويغان ئىكەن.

پارتىزانلىرىمىز يېرىم كېچىدە چىلپەگزىگە يېتىپ كېلىپ، داشىگۇر تەرەپ بىلەن دۆڭ مەھەللىنىڭ ئارقىسىدىن چۈشۈپ، مەھەللە ئىچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئورۇنلاشتى. مەھەللە ئاھالىلىرىمۇ كېچىنىڭ سوغۇقلىقىغا قارىماي كالتەك، چوماق، ئارا - گۈرجەكلەر بىلەن قوراللانغان ھالدا جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرغان ئىكەن. سېپىلگە چىقىش ئۈچۈنمۇ شوتىلارنى چېتىپ باغلاپ تەييار قىلىپ قويغان ئىكەن.

بىزنىڭ ئەترىتىمىز چۈشكەن پارتىزان ئىشتاۋى جايلاشقان ئۆينىڭ يېنىدىكى چوڭ ھويلىدىن قارىغاندا چىلپەگزە سېپىلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا دۈشمەنگە سېزدۈرۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ئىشنى بەكمۇ ئېھتىيات بىلەن ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. تاڭ ئالدىدا ھەر بىر ئۆيلەردە تەييارلانغان تاماقتىن ئوزۇقلىنىۋالغاندىن كېيىن بۇيرۇق كۈتۈپ تەييار تۇردۇق. ئاخىر، ئەترەت باشلىقىمىز قاسىمقان كېلىپ: ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئەترەت سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن، تۆتىنچى ئەترەت شەرق تەرىپىدىن يەرلىك پىدائىيلار بىلەن بىرلىكتە ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلىقىنى؛ بىزنىڭ بىرىنچى ئەترىتىمىز ئىشتابنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ زۆرۈر بولغاندا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەترەتنىڭ ئارىلىقىدا جەڭگە قاتنىشىشىمىز توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئېلان قىلىپ، 3 قىزىل راكېتا ئېتىلىشى بىلەنلا ھۇجۇم باشلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

تاڭ يورۇپ ئۇپۇق ئاقىرىش بىلەنلا ئەتراپقا ئۆزىنىڭ قىزىل نۇرىنى چېچىپ ئۈچ قىزىل راكېتا ئاسمانغا كۆتىرىلدى. ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى جىددى ھالدا كۈتۈپ تۇرغان پارتىزانلار ۋە يەرلىك پىدائىلارمۇ ئۆي - ئۆيدىن يۈگرەپ چىقىپ سېپىلنىڭ تۆت ئەتراپىنى ھە دىگەندىلا قورشىۋالدى. سېپىل ئۈستىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئۇررا ساداسىنى ياڭرىتىپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان پارتىزانلارغا قارشى پىلىموت ۋە مىلتىقلاردىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇۋەتتى. لېكىن ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان خەلق پىدائىلىرى — پارتىزانلار بىرى يىقىلسا ئىككىنچىسى ئىز بېسىپ مېڭىپ ئاخىر سېپىلگە يېقىنلاشتى - دە شوتا قويۇپ سېپىلگە چىقىشقا باشلىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ ئوق ياغدۇرۇش بىلەن سېپىل تۆۋىنگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان مەڭگەن ۋە ياغاچلارغا ئوت قويىۋەتتى. بىردەمدىلا ئوت دولقۇنى كۆتىرىلىپ سېپىلنىڭ ئەتراپىنى قارا تۈتەك - ئىس قاپلاپ كەتتى. پارتىزانلار ھۇجۇمنى توختاتماي سېپىل ئۈستىگە چىقتى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي سېپىلنى تاشلاپ شەھەر ئىچىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى.

پارتىزانلىرىمىز ئاز بولمىغان قۇربان بېرىشلەرگە قارىماي شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، دوقمۇش - دوقمۇشلاردا مۆكۈنۈپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن شىددەتلىك كوچا سوقۇشى قىلىشقا باشلىدى. شەھەردە كوچا سوقۇشى باشلانغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋالنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئىشتاپنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەن ۋە يەنە ئىككى قازاق پارتىزان لاۋشىگۈگە قاراپ ماڭدۇق. چۈنكى چىلپەگزىنىڭ پارتىزانلار تەرىپىـ



دىن ئىگەللەنگەنلىك خەۋىرىنى قوماندانلىققا يەتكۈزۈش زۆرۈر ئىدى.

## سۈيدۈڭنى قورشىۋېلىش

چىلپەگزىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ چېگرا مۇداپىئە لىيەنى ۋە ساقچىلىرى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىنغاننىڭ 4 - كۈنى، چىلپەگزىنى ئازات قىلغان ۋە پارتىزانلارغا يېڭىدىن قوشۇلغانلار بولۇپ 4 - 5 يۈز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلىندى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى كەڭساي مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاجرىتىلىپ، قالغان قىسمى ھەربى يۈرۈشنى داۋام قىلىپ قارىۋاغ، ساڭگۇڭ، تاجى تەرەپتىن ئۆتۈپ، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ مەزگىللەردە سۈيدۈڭ سېپىلى ئەتراپىدىكى لەڭگەر، تاڭلەندى، چىنىۋاغ، كۆرە يوللىرىنى ئىگەللىۋالدى.

سۈيدۈڭدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى ۋە سۈيدۈڭدە تۇرۇشلۇق بىر ئاتلىق يىڭ سېپىلنىڭ ئىچىگە (شەھەر ئىچىگە) ئورۇنلاشقانلىقتىن ئۇلار پارتىزانلارنىڭ سۈيدۈڭگە بېسىپ كىرىشى بىلەنلا سېپىلنىڭ غەربى، شەرقى، جەنۇبى دەرۋازىلىرىنى (شىمال تەرەپتە دەرۋازا يوق) مۇستەھكەم بېكىتىۋالدى - دە سېپىلنى قورغان قىلىپ مۇداپىئەگە ئۆتتى.

سۈيدۈڭ ناھىيىسى بىر قەدەر چوڭ ناھىيە بولۇپ 40 مىڭغا يېقىن نوپۇسى بار، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق، سودا - سانائەت ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققى قىلغان، ئىلى ۋىلايىتى بويىچە چوڭ ناھىيە بولۇپ ھىساپلىناتتى. شۇڭا سۈيدۈڭنىڭ سېپىلىمۇ ئۆزىگە يارىشا خېلى مۇستەھكەم سېلىنغان بىر قورغان ئىدى.

پارتىزانلار سۈيدۈڭگە يېتىپ كېلىش بىلەنلا گومىنداڭ

ئەكسىيەتچى ئەسكەرلىرى سېپىل ئۈستىگە چىقىۋېلىپ بىزنىڭكى
بىگۇناھ خەلققە ئوق ئېتىپ پاراكەندىچىلىك سېلىش بىلەن
تەڭ سېپىل ئەتراپىغا توپلاپ قويغان ئوتۇن-سامانلارغا
ئوت قويىۋەتكەچكە سېپىل ئەتراپىدىكى رەستىلەر كۆيۈپ ۋەي-
ران بولۇپ ھەممە تەرەپ خاراپلىشىپ قالدى. بازارنىڭ ئارقا
تەرىپى سېپىلگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان پارتىزان ئەترەتلىرى
تەرىپىدىن ئىگەللەنگەن بولۇپ، ئەتراپ چەمبەرچەس قورشاۋغا
ئېلىنغان ئىدى.

پارتىزانلىرىمىز گومينداڭنىڭ بۇ مۇداپىئە قىسمىغا ئې-
غىر تەھدىت سېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىزگە ئوخشاش قورال-
لىرىمىز ئاز، يېڭى تەشكىللەنگەن، تەجرىبىسى يوق پارتىزان-
لارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا سۈيدۈڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى
8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان كۈرەدە تۇرۇشلۇق گومينداڭ-
نىڭ مۇكەممەل قوراللانغان كۈچلۈك بىر تۈمەن ئەسكىرى بىز ئۈچۈن
خەۋپلىك بولۇپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇلار سۈيدۈڭ سېپىل ئىچىدە
مۇھاسىرىدە قالغان گومينداڭ ئەسكەرلىرىگە ياردەمگە كېلىپ
قالسا بىزنىڭ سىرتىمىزدىن قورشىۋالغان بولاتتى-دە بىزنى
خېلى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىتاتتى. لېكىن ئۇلار سۈيدۈڭدىكى-
لەرگە ياردەم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ بىز ئۈچۈن
جەڭ قىلىشتا تولىمۇ قولايلىق ئىمكانىيەت بولدى. دەل مۇشۇ
مەزگىلدە گومينداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تانكا، توپ، زەمبىرەك
قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللانغان كۈچلۈك قىسىملىرى ئۈرۈم-
چىدىن كېلىپ، سىمپۇتوزا ئارقىلىق كەڭساي مۇداپىئەسىنى بۇزۇپ
ئۆتۈپ، غۇلجا شەھىرىدىكى لەڭشاڭ، ھەرەمباغ تەرەپلەردە مۇھاسىرە
ئىچىدە تۇرۇۋاتقان گومينداڭ قىسىملىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن



كەڭسايدىكى پارتىزانلارغا ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتقانلىقتىن
قوماندانلىقنىڭ پۈتۈن دىققەت مەركىزى مۇشۇ يەرگە قارىتىلغان
ئىدى. گومينداڭ قىسىملىرىنى كەڭسايدىن ئۆتكۈزۈش-ئۆتكۈز-
مەسلىك ئىنقىلابنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم
ھالقىلىق ئىش بولغاچقا، پارتىزانلىرىمىزمۇ دەھشەتلىك سوغۇقنىڭ
بولىشىغا قارىماي كەڭساي مۇداپىئەسىنى جان تىكىپ قوغدا-
ۋاتاتتى.

مۇشۇنداق بىر پەيتتە غېنى باتۇر 150 دىن ئارتۇق
تەجرىبىلىك پارتىزانلارنى باشلاپ سۈيدۈڭگە كەلدى. سۈيدۈڭ-
دىن باھاۋدۇن ئابدۇللا خوجايوپ باشلىق 40 قا يېقىن پار-
تىزاننى ئېلىپ جەمئى 200 گە يېقىن كىشى بىلەن داشىگۇر،
مازار، ئاقسۇ ئارقىلىق قارلىق داۋانلارنى ئېشىپ ئۆتۈپ، ئاق-
بايتال ۋە شىۋرتا تەرەپ بىلەن ئارشاڭ، بۆرتالا ناھىيىلىرىنى
ئىگەللەپ دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە تەھدىت سېلىش ئۈچۈن
12-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈرۈپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە كۈرە سېپىلى ئىچىدە شۇ يىلى يازدا
جەنۇبىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېلىنگەن گومينداڭنىڭ بىر يىڭغا
يېقىن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى
تۇرغانوپ ئوسمان دېگەن مۇئاۋىن پەيجاڭ ۋە سىۋۇجاڭ ھاشىم
ئىسىملىك بىر كىشى بىر قانچە ئەسكەرلىرى بىلەن كۈرە سېپى-
لىدىن ئاتلىنىپ چۈشۈپ پارتىزانلار ئىشتاۋىغا كېلىپ ئۆزلىرى-
نى مەلۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە: سېپىل ئىچى-
دىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى 11-ئاينىڭ بېشىدىلا قورالسىزلان-
دۇرۇپ نەزەربەنت قىلىپ قويغان ئىكەن. تەمىنات ۋە داۋالاش
جەھەتتە چەككە قېقىپ بۇلارنى قاتتىق خورلىغاچقا ئۇلار بۇنىڭ-

دىن نارازى بولۇپ پارتىزانلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ۋە ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىش ئىرادىسىگە كەلگەن. شۇڭا تۇرغانوپ ئوسمان ئۆزى بىلەن بىر قانچە ئەسكەرنى ئېلىپ خەۋپ-خەتەرگە قارىماي سېپىلدىن يوشۇرۇن ھالدا چۈشۈپ، پارتىزانلار ئىشتاۋىغا كەلگەن ئىدى. بىز بۇلاردىن كۆرەدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق.

سۈيدۈڭ قورشاۋغا چۈشكىنىگە 20 نەچچە كۈن بولغان بولسىمۇ، بىز كەڭسايدىكى جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولىۋاتقانلىقتىن دۈشمەننى تېچ يول بىلەن تەسلىم قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۆتمەي كۈتۈپ تۇرغان ئىدۇق. بىزنىڭ تەرەپ سۈيدۈڭ سېپىلى ئىچىدىكىلەرگە تېچلىق بىلەن تەسلىم بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ ئىككى قېتىم ۋەكىل ئەۋەتتى، نەتىجە ھاسىل بولمىدى، ئورۇنسىز قان تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن 3-قېتىم يەنە يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن داشىگۇرلۇق تۇرسۇنشاڭزۇڭ، سۈيدۈڭلۈك سايىپ شاڭزۇڭ، مەسۇم شاڭيو، شاياخۇن، مەمەت قۇلاجى قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تېچلىق بىلەن تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن ئۇلار بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپلا قالماستىن، ۋەكىللىرىمىزنى ھاقارەتلەپ قوغلاپ چىقىرىپ، مەسۇم شاڭيونى تۇتۇپ قالدى. ۋەكىللەر سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقاندا گىرانات تاشلاپ بىر نەپەر ۋەكىلىمىزنى ئېغىر يارىلاندۇردى.

بىزنىڭ قوماندانلىقىمىز ئۇلارنىڭ تېچلىق بىلەن تەسلىم بولۇشى توغرىسىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەننىڭ جاھىل پوزىتسىيىدە تۇرۇۋاتقان-



لىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى سېپىلنىڭ جەنۇبىي تەرەپ تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان گوجاڭگۇدە دىگەننىڭ شوپىڭى ئىچىدىن لەخمە كولاپ، سېپىل ئاستىغا 2 توننىدىن ئارتۇق پارتلاتقۇچ دورا كۆمۈپمۇ بولغان ئىدى. مانا ئەمدى يەنە كۈتۈپ تۇرۇشقا پەقەت ئىمكانىيەت قالمىغان شارائىتتا، پارتىزانلار قورال-ياراقلىرىنى تەييارلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلاندى. خەلق پىدائىيلىرىمۇ سېپىلنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن شوتا قويۇپ سېپىلگە چىقىش ئۈچۈن جىددىي ھەركەت باشلىدى. موگۇتنوپ ۋە پالىنوپ باشچىلىقىدىكى پارتىزان ئەترىتى بازار كوچىلىرى ۋە غەربىي دەرۋازىنىڭ ئالدى تەرىپىنى، لومىيوپ مەنسۇر باشچىلىقىدىكى خۇيزۇ ئەترىتى دۆڭگەن تەرەپنى، غۇلجىدىن كەلگەن مەخپۇر تۆرە باشچىلىقىدىكى پارتىزان ئەترىتى جەنۇبىي دەرۋازا ئالدىنى ئىگەللەپ جىددى ھۇجۇم بۇيرۇغىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى.

كەچقۇرۇن سېپىلگە قارىتىپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازىمۇ توختىدى. جاھان قاپ-قاراڭغۇ، جىم-جىتلىققا چۆككەن ئىدى. شۇ ئارىدا بىردىنلا تاڭلەنزى تەرەپتىن ئېتىلغان 3 دانە مىنامىيوت ئوقى شىقىرىغان ئاۋاز بىلەن تۈپ-توغرا سېپىلنىڭ ئىچىگە چۈشتى-دە گۈمبۈرلىگەن ئاۋازغا قوشۇلۇپ سېپىل ئاستىدىكى 2 توننا دورىمۇ يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ پارتلاپ كەتتى. شەھەرنىڭ ئىچى قاپ-قارا ئىس-تۈتەك ئىچىدە قالدى. سېپىلنىڭ 4 ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان پارتىزانلارمۇ دەرھال ئۇرا ساداسى ئىچىدە ھۇجۇمغا ئاتلاندى-دە سېپىلنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىردى. جەڭ يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلغاندىن كېيىن ئوق ئاۋازلىرىمۇ ئاستا-ئاستا پەسىيىپ شەھەر تامامەن ئىگەللىنىپ بولدى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق، سوغ ئىنتايىن قاتتىق بولۇۋاتاتتى.

قولغا چۈشكەن ھەربىي ئەسىرلەرنى ئۆزلىرى تۇرغان يېڭىپاڭغا، ساقچى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلانى ھاكىم ئىدارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قاماپ قويۇلدى. بىز سېپىل ئىچىدىكى 4 كوچىدا گۇلخان يېقىپ ئوت سۇنۇپ ئولتۇراتتۇق، كىمدۇر بىرسى «ۋاي قۇدۇقنىڭ ئىچى جەسەتكە توشۇپ كېتىپتۇ!» دەپ ۋاقىرىدى. بىز ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۇق، دېگەندەك يېڭىپاڭنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى قۇدۇقتىن بەش - ئالتە ئادەمنىڭ ئۆلۈگىنى تارتىپ چىقىرىپ قويۇپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ ۋە روس مىللەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممە كىيىملىرى يەشتۈرۈلگەن، ھەر خىل ئازاپلاشلار بىلەن قىيىنىغان، جىنسى ئەزالىرى كېسىپ تاشلىنىپ، قوللىرىنى باغلاپ قۇدۇققا تاشلانغان ئىكەن، شۇ كۈنى بۇ قۇدۇقتىن يەنە 23 ئادەمنىڭ جەسىدى تارتىپ چىقىرىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان ۋەكىلىمىز مەسۇم شاكىيومۇ شۇ قاتاردا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلۈپ تامغا باستۇرۇپ تاشلانغان ئىكەن. يەنە شۇ كۈنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى تۇرمە ئالدىدىنمۇ شۇ قىياپەتتە ئۆلتۈرۈلگەن 13 ئادەمنىڭ جەسىدى تېپىلدى.

مەن ئۆز ئەترىتىم تۇرغان يەرگە قايتىپ كەلگىنىمدە ئەترەت باشلىقى قاسىمقان مېنىڭ 15 ئادەمنى ئېلىپ بۇتخانا ئالدىدىكى ماشىنىلارنى مۇھاپىزەت قىلىشىمىز توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

بۇتخانا ئالدىدا 5 چوڭ ماشىنا ۋە بىرگە نامەلۇم



3 كىشى تۇراتتى. ئۇلار بىزنىڭ ماشىنىلارنى ساقلاش ئۈچۈن كەلگىنىمىزنى بىلگەندىن كېيىن: «ماشىنىدا ئون بار، ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار» دەپ تاپشۇرۇپ كېتىپ قالدى. بىر مەزگىل ئۆتۈپ ھېلىقى ئۈچ كىشى ۋە سۈيدۈڭلۈك بىر قانچە يۇرت مۆتىۋەرلىرى كېلىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بېشىغا خەنزۇچە قاما تۇماق ۋە تېرە ياقىلىق پەلتۇ كەيگەن بىر خەنزۇمۇ تۇراتتى. كۈن خېلى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ سوغ ئىنتايىن قاتتىق بولۇۋاتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن بىر قانچە پارتىزانلارنىڭ ھىمايىسىدا شەھەر ئىچىدىكى ئەر - ئايال خەنزۇلار سەپكە تىزىلىپ كېلىشكە باشلىدى. ھېلىقى كىشىلەر بۇلارغا ماشىنىدىكى ئاشلىقلاردىن تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن مەزكۇر خەنزۇ ئاھالىلىرى تۇرمۇشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدىن خۇرسەنت بولۇپ قايتىپ كېتىشتى.

سۈيدۈڭ ناھىيىسى كونا شەھەرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇزۇندىن بۇيان ئولتۇراقلىشىپ قالغان، يەرلىك مىللەتلەر بىلەن دېھقانچىلىق، سودا - سېتىق جەھەتتە زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ ئىناق ياشاپ كېلىۋاتقان تىيەنجىنلىك ۋە سەنشىلىك خەنزۇ قېرىنداشلار خېلى نۇرغۇن ئىدى. خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بالىلىرىمۇ كۆپلەپ ئوقۇيتتى، خەنزۇ زىيالىلىرىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەكتەپلىرىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيتتى. سۈيدۈڭ يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن توقسۇنباي، مەمەت ھاجى، مەمەت قۇلاھاجى، سايىت شاڭزۇڭ، زوردۇن مەخسۇم، شاياخۇن قاتارلىقلار ئىچىدە سۈيدۈڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان ئۇستۇن ئابرويغا ئىگە شىن تەيخۇ، يوغانباش گو جاڭگۇيدە قاتارلىق خەنزۇ

مۆتىۋەر زاتلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن سۇيدۇڭدىكى خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسى يەنە قايتا ئېچىپ بېرىلدى.

سۇيدۇڭ ئازات قىلىنغاندىن كېيىن نۆۋەت «ئىلىغا كەلگەن جاڭجۇنلەرنىڭ ئوردىسى» دەپ ئاتالغان كۆرە قەلئەسىنى ئېلىشتەك مۇشەققەتلىك ۋەزىپىگە تاقالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىزانلار قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ بۇ جەڭگىۋار ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتۇق.

28 - دېكابىردا سۇيدۇڭ پولكى قۇرۇلدى، غۇلجىدىن ئىسھاقوپ، سەيدەخمەت، شاۋكەت، پۇۋات، رائۇپ، ئەيسايوپ سېپىتلەر كېلىپ پولكنىڭ رەھبەرلىكى كۈچەيتىلدى، مەن پولك ئىشتاۋىدا قالدىم.

## كۆرەنى تەسلىم قىلىش

1 - ئاينىڭ باشلىرى، پولكوۋنىك موگۇتنوپ، رائۇپ قاتارلىق بىر قانچە باشلىقلار كۆرەگە بارماقچى بولۇپ مەن بىلەن ئوبۇل ئىككىمىزنى مۇھاپىزەتچى قىلىپ ماڭدى. بىز كۆرە بازىرىغا يېقىنلاشقاندا پارتىزانلارنىڭ مىنامىيوت، پىلىموتلارنى سېپىل تەرەپكە قارىتىپ سېپىلنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانلىقىنى كۆردۇق. بۇلار سۇيدۇڭلۇق پارتىزانلاردىن خېلىلا پەرقلىق بولۇپ قوراللىرىمۇ خىل، ئۆزلىرىمۇ سۈرلۈك تۇراتتى.

بىز چۈشكەن ھويلىنىڭ ئارقا تېمى كۆرە سېپىلىگە يېقىن



بولغاچقا، سېپىل ئۈستىدە مېڭىپ يۈرگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىلىدىن كەلگەن باشلىقلار ئۇزاققىچە سېپىل تەرەپكە تىكىلىپ قاراپ تۇردى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆگزىدە پوستا تۇرغانلار «سېپىلدىن چۈشۈۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى بەردى، دەرۋەقە بىر ئادەم سېپىلدىن ئاغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىغا دەرھال ئادەم چىقىرىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەمۇرى ئەمەلدارچە كىيىم كەيگەن بىر خەنزۇ كەلدىدە باشلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ھويلىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە گېنېرال ئىسھاقبەگ، ئابدۇغوپۇر سابىرھاجى قاتارلىق رەھبەرلەر غۇلجىدىن گومىنداڭنىڭ كۆرە ئىچىدىكى باشلىقلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن. ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ھېلىقى خەنزۇ كىشىنى باشلىقلار سېپىل تەرەپكە ئۇزىتىپ قويدى.

بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقان بولۇشى مۇمكىن، باشلىقلار ئۆيدىن چىقىپ ھەممىسى سېپىل تەرەپكە ماڭدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى سېپىلدىن بازارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆيلەرنى بۇزۇپ تۈزلىۋەتكەن ئىكەن، باشلىقلىرىمىز بازار كوچىسىنىڭ ئاخىرقى چېتىدىكى بۇزۇپ تاشلانغان بىر ناۋايخانا ئالدىدا توختىدى. موگۇتنوپ مەن بىلەن ئوبۇلنى چاقىرىپ سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلغان - ئېچىلمىغانلىقىنى بىلىپ كېلىشىمىزنى بۇيرىدى.

ئوبۇل ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىۋالدۇقتە بۇيرۇققا بىنائەن سېپىل تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىز تۇرغان يەردىن سېپىل دەرۋازىسىغىچە 70 - 80 مېتىر ئارىلىق تۈپ -

تۈزلەڭلىك بولۇپ، دۈشمەن ئوق چىقىرىپ قالسا دالدا بولىدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى. بىز جاننى ئالىقانغا ئېلىپ سېپىل تەرەپكە ماڭدۇقتە سېپىلغا يېقىنراق كېلىپ دەرۋازىغا نەزەر سالدۇق. دەرۋەقە دەرۋازا ئىچىدە بىر قانچە كىشىلەر دەرۋازىغا يۆلەپ قويغان كېسەكلەرنى بۇزۇۋېتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن دەرۋازا بىر ئادەم پاتقىدەك بولۇپ ئېچىلدى. بىز باشلىقلارغا دەرۋازا ئېچىلدى دەپ خەۋەر بەردۇق.

باشلىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كەلدىدە دەرۋازىدىن كىرىپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن خەنزۇچە سۆز بىلىدىغان بىرسى، سېپىل ئىچىدىكىلەرگە قاراپ، تۈچاڭ! تۈچاڭ! دەپ خىتاب قىلدى.

سېپىلنىڭ ئۈستى كەڭرى سەھنە بولۇپ، ئالدى بىلەن سېپىل ئۈستىدىكى ئەسكەرلەر مىلتىق، قىلىچ، پىلىمۇت قاتارلىق قوراللىرىنى ئەكىلىپ باشلىقلارنىڭ ئالدىغا قويدى. بىر ئازدىن كېيىن 5 ـ 6 ئاتلىق ھەربى ئوپىتسېرلەر يېتىپ كەلدىدە سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قىلىچلىرىنى ئىككى قولىدا بېشىدىن ئۈستۈن كۆتىرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تەسلىم بولغانلىقلىرىنى ئىپادىلىدى. مۇشۇ پەيتتە جەنۇبىي دەرۋازا تەرەپتىن قويۇق ئوق ئاۋازى چىقىۋىدى، موگۇتنوپ ۋە سۈيدۇڭدىن كەلگەن باشلىقلار سېپىلدىن چۈشتىدە ئوق ئاۋازى چىققان تەرەپكە ماڭدى. مەلۇم بولۇشىچە بىر لىيەنگە يېقىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئەسكەرلىرى تەسلىم بولۇشنى خالىماي جەنۇبىي دەرۋازىدىن قاچقان ئىكەن. موگۇتنوپ بىزنىڭ ئاتلىق پارتىزانلىرىمىزغا دەرھال ئۇلارنى قوغلاپ توسۇشقا بۇيرۇق قىلدى.

سائەت 5 لەردە كۆرە ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى



سەپكە تىزىپ سېپىلدىن ئېلىپ چىقتى. ئۇلار تولىمۇ ئورۇقلاپ كەتكەن، ھالى خاراپ ۋە روھى ئازاپلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاغرىپ يېتىپ قالغانلارنى زەمبىلگە سېلىپ ئېلىپ كېلىپ كۆرە مەكتىۋىگە ئورۇنلاشتۇردى.

بۇلارنى بىر قانچە كۈن دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تېنى ساغلام بولغانلىرىدىن 150 كە يېقىن ئەسكەرنى تاللاپ قوراللاندۇرۇپ، كەڭساي مۇداپىئەسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا سالدۇق. شۇنداق قىلىپ ئاخىر بۇ جاڭجۇنلەر قەلئەسىمۇ تېچ يول بىلەن ئازات قىلىندى.

## چوڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق

سۈيدۇڭ، چىلپەڭزە، كۆرەدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ شەھەر ئازات قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كەڭسايدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان پارتىزانلارنىڭ كۈچى يەنىمۇ تولۇقلاندى. ئۇلار كەڭسايغا باستۇرۇپ كەلگەن گومىنداڭنىڭ كۈچلۈك قىسىملىرى بىلەن ئىككى ئايغىچە قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئاخىر گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى سومپۇتوزىغا سۈرۈپ چىقىپ جىڭغا قېچىشقا مەجبۇر قىلدى ۋە ئىز بېسىپ قوغلاپ كەتتى.

1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سۈيدۇڭ پولكىدىن 25 نەپەر ياشنى چىلپەڭزىدە ئېچىلغان ئوپىتسېرلەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئەۋەتتى.

كۇرسقا سۈيدۇڭ پولكى، غۇلجا پولكى، كەڭساي ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى قاتارلىق ئورۇنلاردىن 80 گە يېقىن ياشلار كېلىپ قاتناشتۇق.

كۇرسىنىڭ تەلىم تەربىيىسى: ھەر خىل قورااللارنى ئىشلىتىشنى بىلىش، چۇۋۇپ يەنە رېمونت قىلىش — قۇراشتۇرۇش، تاكتىكا، يالغۇز ئەسكەرنىڭ ھۇجۇم قىلىش جىڭىدىكى ھەركىتى، كوماندىرلىق قىلىش ئۇسۇلى، ئوددىلىنىيە ۋە ئىززۋوت بويىچە قىلىنىدىغان جەڭ، ساپورنى ئىشلاردىن مىنالارنى ئىشلىتىشنى بىلىش، مىنا كۆمۈش، ئاكوپ ۋە پوتەيلەرنى، ھەر خىل كۆۋرۈكلەرنى پارتلىتىشنى بىلىش قاتارلىق ئۇرۇش تەلىماتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ كۇرسنىڭ ۋاقتى 3 ئاي بولدى.

بىز كۇرسنى تاماملاپ ئۆز قىسىملىرىمىزغا قايتقىنىمىزدىن كېيىن، كوماندىر ئىززۋوتلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ، قىسىملارنىڭ ئۇرۇش ئالدىدىكى كەڭ كۆلەملىك ھەربى تەييارگەرلىك تەربىيىسىنى باشلىۋەتتۇق.

1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى غۇلجىدا مىللى ئارمىيە رەسمى قۇرۇلۇپ، سۋېدۇك پولكى، مىللى ئارمىيە سۋېدۇك 1 - پىيادە ئاتقۇچى پولك بولۇپ بايراق تاپشۇرۇۋالدى. غۇلجىدىكى پارتىزانلار، كەڭساي ئۇرۇشىغا قاتناشقان غۇلجا، سۋېدۇك، چىلپەڭزە ياشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، كەڭساي 3 - ئاتلىق پولك بولۇپ بايراق ئالدى. شۇنىڭ بىلەن مىللى ئارمىيىدە ھەربى ئۇنۋان تۈزۈمى، ھەربى خىزمەت باشقۇرۇش تۈزۈمى، جەڭچى قوبۇل قىلىش، بوشۇتۇش، ھەربى تورا قاتارلىق تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ 1 - مايدا ھەر قايسى قىسىملار مۇنتىزىم ھالدا ئۆز ئورۇنلىرىدىكى ھەربى پاراتقا قاتناشتى. ئارمىيىدىكى قىسىملار يەنە بىر قەدەر رەتلىنىپ، 25 ياشتىن ئاشقانلار ھەربى سەپتىن چېكىندۈرۈلۈپ، 18 دىن 25 كىچە بولغان ياشلار يېڭىدىن ھەربى سەپكە چاقىرىلدى. خەلقمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ



ھەربى سەپكە قاتنىشىپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىشىنى قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى.

بىز يېرىم ئايلىق ھەربى تەلىم - تەربىيىدىن كېيىن جەڭچىلىرىمىز ھەر قانداق جەڭگە قاتنىشالايدىغان جەڭگىۋار ئىقتىدارغا ئىگە بولدى.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۋېدۇك 1 - پىيادە ئاتقۇچى پولكى باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى ئازات قىلىش يۈرۈشىگە تەييارلىق قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بىز سۋېدۇكتىن رەسمى قوزغىلىپ يېڭى ئۇرۇش سەپىرىگە ئاتلاندۇق. جەڭچىلىرىمىز سەپەرگە چىققاندا خەلقىمىز داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىپ ئاق يول تىلەپ قېلىشتى.

سەپەرگە ئاتلانغان قىسىملىرىمىز زەپەر مارشى ساداسىدا شۇ كۈنلا لاۋسىڭگۇغا يېتىپ كەلدى ۋە ئاتلىق باتالىيونلار 20 كۈنلۈك مۇددەت بىلەن ئاتلىق ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەن مۇشۇ ئاتلىق باتالىيونىڭ 2 - ئىسكادرون 4 - ئىززۋوتىغا كوماندىر بولۇپ تەيىنلەندىم. بىزنىڭ ئاتلىق باتالىيونىمىز كېيىگەن دېگەن ساي ئىچىدىكى يايلاقتا تۇردى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پۈتۈن قىسىملار سەپەرگە ئاتلىنىپ، پولك ئىشتاۋى ۋە پىيادە باتالىيونلار سەنتەيىنىڭ چۆل - ئىدىرلىرىدا توختىدى. بىز بۆرىتالا ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتۇق.

7 - ئاينىڭ بېشىدىلا مەن بۇيرۇققا بىنائەن ئىززۋوتۇمنى باشلاپ قوي تاش ئارقىلىق قىزىل تۈز زاستاۋىغا بېرىپ ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان موڭغۇل باتالىيونىدىن قىزىل تۈز زاستاۋىنى ئۆتكۈزىۋالدىم. موڭغۇل باتالىيونى موپاڭ دېگەن يەرگە كەتتى.

بۇ زاستاپ بۆرىتالا ۋە جىڭ ناھىيىسى تەرەپتىن كېلىدىغان يولنىڭ تۈگۈنى، قىزىل تۈز كۆلىنىڭ غەربىي چېتىدىگە جايلاشقان بولۇپ، گومىنداڭنىڭ جىڭدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ ئايروپىلانلىرى دائىم چارلاپ يۈرگەنلىكتىن بۇ جاينى ساقلاش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ بىرىنچى قېتىم دۇچ كەلگىنىمىز گومىنداڭنىڭ ئايروپىلانى بولدى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز مايلى تېغى تەرەپتىن دۈشمەننىڭ بىر ئايروپىلانى كېلىپ بىزنى ئوققا تۇتتى. ئۇ يەردە يوشۇرۇنغىدەك بىرەر دەل - دەرەخمۇ بولمىغىنى ئۈچۈن ئىككى ئېتىمىزغا ئوق تەگدى. كېيىنكى قېتىم كەلگىنىدە بىزمۇ توپلىشىپ ئوق چىقىرىپ ئايروپىلاننى يېقىنمۇ كەلتۈرمىدۇق ۋە چۆچەك، ئالتاي تەرەپكە ماڭغان قىسىملىرىمىزنى ئامان - ئېسەن ئۆزىتىپ تۇردۇق. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پولك ئىشتاۋىدىن جىڭ ناھىيىسى ۋە قىزىل تۈز كۆلىنىڭ شىمالىي گىرۋەكلىرىگە قەدەر رازۋېت چىقىرىپ، قىسمىمىزنىڭ قىزىل تۈز يولىدىن بىخەتەر ئۆتۈپ كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى جىددى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدىم.

بىز كۆرسىتىلگەن تەرەپلەرگە رازۋېتكا ئەۋەتىپ قاتتىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمىزدا 1 - سۋيدۇك ئاتقۇچى پولكى بۆرىتالا تەرەپتىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان كولوننا بويىچە سەپ تارتىپ كەلدى. ئۇلار مايلى تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەڭ ئارقىدىن بىزمۇ زاستاپ بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپ كەتتۇق.

قىسىملىرىمىزنىڭ تەركىۋىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى



جەڭچىلەر سۋيدۇك، چىلپەنزە ۋە كۈرە قاتارلىق جايلاردىكى يېزا - قىشلاق دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ تېخى تولۇق ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالمىغان پەرزەنتلىرى بولسىمۇ، ئۇلار يەلكىسىدە 25 كىلودىن كەم بولمىغان قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى كۆتۈرۈپ، سۇسىز قىزىل تۈز چۆللىرىدىكى ئۆتكۈر ئىسسىق - دىم سىققۇدەك چاڭ - توزاڭلارنى يۇتۇپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن مايلى تېغىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇزۇن بۇلاق دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق.

ئىككىنچى كۈنى بۇ يەردىن يۆتكىلىپ ئۇرۇمچى — چۆچەك تاش يولىنىڭ تاغ ئىچىدىكى ماۋپاڭ دېگەن يېرىدىگە كېلىپ شەرققە قاراپ بۇرالدۇقتە شىخوغا قاراپ يول ئالدۇق. كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنراق ئۇتۇبۇلاقتىن ئۆتۈپ، قاراتاش جىراسىغا كېلىپ توختىدۇق. ئالدىمىزدىكى 40 كىلومېتىر يىراقلىقتا چېپەيزە دېگەن جاي بولۇپ، ئۇنى گومىنداڭنىڭ بىر ئاتلىق تۈەنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. يەر شارائىتى بىز ھازىر تۇرغان يەردىن تۆۋەنرەك بولغاچقا، بىزنىڭ دۈشمەنگە سېزىلىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ئوت يېقىپ تاماق ئېتىشكە رۇخسەت بېرىلمىدى. شۇڭا پۇشۇرۇۋېلىنغان تەييار سوغۇق تاماقلار بىلەن ئوزۇقلىنىپ ھاردۇق ئالدۇق.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە غۇلجا 2 - پىيادە ئاتقۇچى پولكى، خۇيزۇ پولكى ۋە شىۋە باتالىيونلىرى جىڭنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتقان گومىنداڭنىڭ خىللانغان قوراللارغا ئىگە 7000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىگە قارشى كەسكىن جەڭ قىلىۋاتاتتى.

قوماندانلىق بىزنىڭ پولكىمىزغا باشقا قېرىنداش پولك-

لار بىلەن بىرلىكتە، گومىنداڭنىڭ ئوتتۇرا يۈنۈلۈشتىكى قىسىملىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىپ دۈشمەننىڭ بېلىدىن ئۈزۈپ تاشلىشىمىز ئۈچۈن شىخوغا ھۇجۇم قىلىشىمىز توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز دۈشمەننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن مايلى تېغىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ گومىنداڭنىڭ شىخودىكى 227 - بىرىگادىسىنى تارمار قىلىش ئىدى. شۇڭا پولكىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن شىخونىڭ بوسۇغىسى بولغان چېپەيزىدىكى گومىنداڭنىڭ ئاتلىق تۈەنىنى تارمار قىلىش بولغاچقا قىسىملار جىددى ھالدا جەڭ ھازىرلىقىغا كىرىشتى. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن قىسىملار چېپەيزىگە قاراپ ئاتلاندى ۋە تاڭ ئېتىش ئالدىدا چېپەيزىگە 5 - 6 كىلومېتىر قالغان ئارىلىقتىكى قېلىن يۇلغۇنلۇق ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ دەم ئالدى. بۇ ۋاقىتتا چېپەيزىدە ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، مەلۇم بولىشىچە بىر قانچە كۈندىن بېرى چۆچەك 6 - قازاق پولكى ۋە موڭغۇل دىۋىزىيونلىرى چېپەيزىدىكى دۈشمەنلەرگە يالغان ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئىكەن.

بىزنىڭ 1 - 2 - پىيادە باتالىيونىمىز يۈرۈش داۋامىدىلا ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىزنىڭ ئاتلىق باتالىيونىمىزغا دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ، دۈشمەن چېكىنگەندە ئىز بېسىپ قوغلاش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. بىز بۇيرۇققا بىنائەن قېلىن توغراقلىقلار ئارىسىدىن دۈشمەن ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ كۈتۈپ تۇردۇق.

چېپەيزىدە مىناميوت، مىلتىق، پىلىموتلارنىڭ توختىماي ئېتىلىپ تۇرغان ئاۋازىدىن، جەڭنىڭ ناھايىتى قاتتىق كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى. جەڭ شۇ كۈنى كېچىچە داۋام قىلىپ



2 - كۈنى چۈشتىن كېيىنرەك دۈشمەنلەر شىخوغا قاراپ چېكىنىشكە باشلىدى. بىزنىڭ ئاتلىق باتالىيونىمىز دۈشمەننىڭ يان تەرىپىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. دۈشمەنلەر ۋالاقزادە بولغان ھالدا پىتراپ قېچىشماقتا، بەزىلىرى تەسلىم بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قورال تاپشۇرماقتا ئىدى. بىز دۈشمەنلەرنى قوغلىغان پېتىمىز 15 - 20 كىلومېتىرچە سۈرۈپ بېرىپ شۇ ئەتراپتىن 50 نەچچە ئەسكەرنى ئەسىر ئالدۇق. كەچ كىرگىچە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كونا شىخوغا كېلىپ توختىدۇق. شۇ كېچىسى پىيادە قىسىملارمۇ يېتىپ كەلدى. شىخوغا قىلىنىدىغان چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم ئوپېراتسىيىسىنىڭ تەييارلىقى باشلاندى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى بىزنىڭ رازۋېتچىكلىرىمىز دۈشمەن كۈچلىرى ۋە مۇھىم قوراللىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى، ئوت توچكىلىرىنىڭ جايلىشىش ئورۇنلىرى قاتارلىقلارنى رازۋېت قىلىپ قايتتى، مەلۇم بولۇشىچە شىخودا دۈشمەننىڭ چېپەيزىدىن قېچىپ بارغان ئەسكەرلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، تولۇقلانغان 2 - پىيادە تۈەن، بىر مۇستەقىل يىڭ، ماشىنىلاشقان ليەن ۋە قوماندانلىق ئورنى قاتارلىقلار بولۇپ 5000 غا يېقىن ئەمىلى ئەسكىرىي كۈچى تانكا، مىناميوت، ئېغىر زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللاندۇرۇلغان ئىكەن.

## شىخوغا ھۇجۇم قىلىش

شىخو — ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك تەرەپلەرگە ئۆتىدىغان تاش يولنىڭ تۈگۈنى بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ھەربى جەھەتتە ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغاچقا گومىنداڭ ئارمىيىسى بۇ

ئورۇننى مۇھىم مۇداپىئە ئىستىھكامىغا ئايلاندۇرغان ئىدى. پول-
كىمىز سۈيدۈڭدىن بۇ يەرگىچە بولغان 600 كىلومېتىرلىق يولنى
بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا چېپىيزە مۇداپىئەسىنى تارمار كەلتۈرۈپ،
شىخو بازىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى دۆڭ مەھەللە دىگەن جايغا
قىستاپ كېلىپ، شىخودىكى ئەنە شۇ مۇستەھكەم مۇداپىئە-
لەنگەن گومىنداڭ قىسىملىرىغا ئېغىر تەھدىت سالدى. گومىن-
داڭ ھەربىي قوماندانلىرى، مىللى ئارمىيىمىزنىڭ مۇنداق چاقماق
تېزلىكىدە يېتىپ كېلىپ، گومىنداڭ مۇداپىئە ئىستىھكامىنىڭ
ئوڭ قانىتىدىن نەيزە ئۇرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئۈلگۈرمى-
گەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئالاقزادىلىكتە قالدى. لېكىن ئۇلار
جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى سىناپ
باقماقچى بولدى.

31 - ئاۋغۇست تاڭ قاراڭغۇسى بىلەن سۈيدۈڭ 1 - ئاتقۇچى
پولكى چۆچەك — شىخو يولىنى توغرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ 3500
مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلان-
دى. بىزنىڭ ئاتلىق باتالىيونىمىز شىخونىڭ غەربىي تەرىپىدىكى
جاڭزىلارغا ئورۇنلىشىپ، چىڭگىشور كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈش، شىخو-
جىڭ ئالاقە تورلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش، غەرپتىن شەرققە
قاراپ ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ھۇجۇم تاڭ ئېتىش بىلەن بىز تەرەپتىن دۈشمەن سېپىگە
قارىتىپ ئېتىلغان توپ - زەمبىرەكلەر ئاۋازىنىڭ توختىشى
بىلەن باشلاندى.

گومىنداڭ قىسىملىرى بىزنى شىخو بازىرىنىڭ شىمالىدىكى
سازلىقتىن ئۆتكەزمەي تۇرۇپ چېكىندۈرۈشكە ئىرىشىپ، توپ - زەم-
بىرەك، مىنامىيوتلاردىن شىددەتلىك ئوت ئاچتى ۋە ئۇنىڭ ھىمايىسى-
دا قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولدى. لېكىن بىزنىڭ بىر ئاتقان



قاتتىق زەربىمىزگە بەرداشلىق بېرەلمەي قاراڭغۇ چۈشۈشى
بىلەن چېكىنىشكە باشلىدى، بىزنىڭ قىسمىمىز دۈشمەننى
قوغلاپ 200 مېتىردەك ئالغا ئىلگىرىلىدى. تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن
پايدىلىنىپ دۈشمەننى قىستاپ يەنە 200 - 300 مېتىرچە ئىل-
گىرىلىۋالدى. ئۇرۇشنىڭ 2 - كۈنى جەڭ تېخىمۇ شىددەتلىك
بولدى. دۈشمەن تۈنۈگۈنكى قايتارما ھۇجۇمىدىكى مەغلۇبىيىتىگە
تەن بەرمەي بىزنىڭ قىسىملىرىمىزغا ئېغىر قوراللىرىدىن
شىددەتلىك ئوت ئاچتى ۋە ئىككى تانكىنىڭ ھىمايىسى بىلەن
قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى. لېكىن بىزنىڭ قەيسەرلىك بىلەن
بەرگەن زەربىمىز دۈشمەننى ئىلگىرىلىتەلمىدى. ئۇنىڭ بىر
تانكىسى پاچاقلاندى، بىزنىڭ قىسمىمىز ئۇررا ساداسى ئىچىدە
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئاتاكىغا ئۆتۈش بىلەن دۈشمەن ئارقىسىغا
قاراپ قېچىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئالدىمىزدىكى ئەڭ
قىيىن توسالغۇ بولۇپ تۇرغان سازلىقنى ئىگەللەپ ئالدۇق.

تاش يولنىڭ سازلىقتىن ئۆتۈپ شەھەر ئىچىگە كىرىدى-
غان يولىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كونا بىر بۇتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ
ئىككى تەرىپىدىكى بىر قەدەر ئېگىز بولغان دۆڭلىكلەرگە پوتەي
ۋە يوشۇرۇن ئىستىھكاملار سېلىنغان ئىكەن ۋە بۇ يەردىن بۇتخانىغا
قاراپ يەر ئاستى يوللىرى قېزىلغان بولۇپ بۇ دۈشمەننىڭ
ناھايىتى قولايلىق قارشىلىق كۆرسىتىش پونكىتى ئىدى. شۇڭا
ئۇلار بىزنى سازلىقتىن يا ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان، ياچېكىنەلمەي-
دىغان بىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. لېكىن بىزنىڭ جەڭچى-
لىرىمىز سازلىقتىكى بىر تال قومۇشنى بولسىمۇ دالدا قىلىپ
دۈشمەنگە شىددەتلىك ئوت ئېچىپ تۇردى. دەل مۇشۇنداق
بىر پەيتتە قىسمىمىزدىكى تاللانغان قاۋۇل جەڭچىلەردىن تەشكىل

قىلىنغان «خەنجەر» ئاپتومات ئىمزوۋوتى، شاۋكەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە دۈشمەنگە شىددەتلىك ئوت ئېچىپ ئىلگىرىلەپ بېرىپ بۇتخانا جايلاشقان دۆڭلۈكنىڭ ئاستىنقى قىرغىقىنى ئىگەللەپ ئالغان بولسىمۇ، شەۋكەت ئۆزى قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، ئىمزوۋوتتىكى جەڭچىلەر غەزەپ بىلەن دۈشمەننىڭ ئوت توچكىسىغا قارشى دەھشەتلىك ئوت ياغدۇرۇپ دۈشمەننى باش كۆتەرتمەي قويدى. ئوڭ تەرەپتىكى 6 - روتا جەڭچىلىرى سازلىقتىكى تۈگمەننى دۈشمەندىن تارتىپ ئېلىپ، ئىلگىرىلەشكە توسالغۇ بولۇپ تۇرغان ئالدىنقى قىرغاقتىكى پوتەيگە ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەننىڭ پوتەيىنى مۆلچەرلەپ ئاتقان گىرانات نەق جايىغا چۈشۈشى بىلەن پوتەي پارتلاپ ۋەيران بولدى. بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزمۇ دەرھال ئۇررا ساداسى بىلەن دۈشمەننىڭ ئىستىھكامىغا باستۇرۇپ كىرىپ بۇ ئىستىھكامنى تارتىپ ئالدى ۋە دۈشمەننى بۇتخانىنىڭ شەرق تەرىپىدىن قىستاشقا باشلىدى. جەڭ ناھايىتى كەسكىن ۋە جىددىي داۋام قىلىنغان بولۇپ، بىز تەرەپتىنمۇ قۇربان بولغان ۋە يارىلانغانلار خېلى كۆپ بولدى.

جەڭ تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. زاپاستىكى قىسىملىرىمىزمۇ بىرىنچى سەپكە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. بىزنىڭ ئاتلىق باتالىيونىمىز يەتتە خۇرجا تەرەپتىكى چىگىشۇر كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈپ، جىنىڭ، شىخو ئارىلىقىدىكى تېلېفون لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى ۋە شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ شىخونىڭ غەربىي ئىگىزلىكىگە جايلاشقان دۈشمەننىڭ 5 پوتەيىنى تارتىپ ئېلىپ، تاڭ ئالدىدىكى جەڭ ھازىرلىقىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى.

تاڭ ئاتتى. ئاسمانغا كۆتىرىلگەن 3 قىزىل راكېتانىڭ



سىگنال بېرىشى بىلەن ھەممە سەپ بويىچە شەرق ۋە غەربتىن تەڭلا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، پۈتۈن جەڭ مەيدانى ئۇررا ساداسىدا زىلزىلىگە كەلدى. دۈشمەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى لىنىيىسىگە ھۇجۇم قىلىنغاندىن كېيىن، دۈشمەن قىسىملىرى يۈزلىگەن ئۆلۈكلىرىنى ئاكوپلاردا قالدۇرۇپ شەھەر ئىچىگە قاراپ قاچتى. قىسىملىرىمىز قاچقان دۈشمەنلەرنى ئىز بېسىپ قوغلاپ كۈن چىقىش ئالدىدا شىخونى تولۇق ئازات قىلدى، بۇ 3 - سېنتەبىرگە ئۆتكەن كۈنى بولۇپ شەھەر خەلقىمۇ شۇ كۈنى يېتىپ كەلگەن قۇربان ھېيتنى خوشال - خورام ئۆتكۈزۈشكە مۇيەسسەر بولدى. پولك ئىشتاۋىنىڭ ئاخباراتىدىن مەلۇم بولىشىچە بۇ 3 كۈنلۈك جەڭدە دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن 900 گە يېقىن كىشى ئەسىر ئېلىنغان. 450 دىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان. 2 دانە تانكا، 9 دانە زەمبىرەك، نۇرغۇنلىغان ئوق - دورا، مىلتىق - مىنامىيوتلار، 30 دىن ئارتۇق ھەر خىل ھەربىي ئاپتوماشىنىلار ئولجا ئېلىنغان، قالدۇق دۈشمەنلەر ئۈرۈمچىگە قاراپ قاچقان.

شىخو ئازات بولغان كۈننىڭ ئاخشىمى بىزنىڭ ئاتلىق باتالىيونىمىز مايتاغنى ئىگەللەش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. باتالىيون كوماندىرى تاشمەتوپ ماڭا پۈتۈن ئىمزوۋوتنى ئېلىپ ئالدىن ئالا مايتاغنى رازۋېت قىلىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگەللەش، كۆيتۈك كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى تاپشۇردى. مەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىم بىلەن ئىمزوۋوتنى باشلاپ تۈن قاراڭغۇلۇقىدا يولغا چىقتىم. كۆيتۈك كۆۋرۈككە كېلىپ كۆۋرۈكنىڭ ماشىنا چاقى دەسسەيدىغان ئورنىدىكى تاختايلىرىنى سۆكۈپ ئېلىپ دەرياغا تاشلىۋەتتۇق. ئۆزىمىز دەريانىڭ ئىچى

بىلەن يان بېغىرلاپ مېڭىپ مايتاققا كىردۇق. مايتاغدىكى ئۆيلەرگە چىراق يېقىلمىغانلىقتىن قاراڭغۇدا غۇۋا كۆرۈنەتتى، مايتاغنىڭ ئىچىمۇ ئۇ يەر - بۇ يەردە قاۋىغان ئىتنىڭ ئاۋازى بولمىسا جىمجىتلىق ئىدى. بىز ئاتلىرىمىزنى يىراقتىكى بىر لاپاسنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۆزىمىز ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەھەللىگە كىردۇق. ئەھۋال يەنىلا جىمجىت ئىدى. شۇ پەيتتە ئوق تەرەپتىكى بىر تار كوچىدىن ئىككى ئات قوشۇلغان بىر هارۋا چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭدا گومىنداڭنىڭ 2 نەپەر ئەسكىرى بار ئىكەن. بىز دەرھال تۇتىۋېلىپ قورالسىزلاندۇردۇق. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە مايتاغدا بىر ئاتلىق لىيەن بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردىن ئىككى سائەت ئىلگىرى قېچىپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن. بىز بۇ خەۋەرنى دەرھال شىخوغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەيلا قىسىملىرىمىز يېتىپ كېلىپ مايتاغ ئاسانلا ئىشغال قىلىندى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن جىڭدىن قېچىپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرىنى قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن يەنە كۆيتۈڭ دەرياسىنىڭ ئۇستۇنكى تەرىپىگە يۈرۈش قىلىپ كەچكىچە ئۇ يەر - بۇ يەردە 4 - 5 دىن بولۇپ قېچىپ كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن 23 ئادەمنى ئەسىرگە ئالدۇق.

قىسىملىرىمىز 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنلىرىگىچە ئالدى - كەينى بولۇپ يەنسىخەي، ساندىخوزا، ساۋەن تەرەپلەرگە دۈشمەن ئىزىدىن قوغلاپ كېلىپ دەم ئېلىشقا توختىدى. گومىنداڭ قىسىملىرى شۇنداق ئالاقزادىلىك بىلەن قاچتىكى، شىخودىن ساندىخوزىغىچە بولغان 50 كىلومېتىرلىق يولدا ئوت ئالـ



دۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدۇرۇپ كەتكەن ماشىنىلار ۋە باشقا ئېغىر قوراللار ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

يەنسىخەي كۆۋرۈكىگە قەدەر قوغلاپ بارغان قىسىملىرىمىز چاتقاللىقتا يوشۇرۇنىۋالغان 10 نەپەر دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئەسىرگە ئالغاندا ئۇنىڭ ئىچىدە ئاددىي ئەسكەر كىيىمىنى كىيىۋالغان بىر نەپەر گېنېرالمۇ بار ئىكەن.

## ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە ئۆتۈش

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى شىخو، جىڭ ناھىيىلىرىنى ئازات قىلىپ، گومىنداڭنىڭ قاچقان قىسىملىرىنى ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتقان مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ئوتتۇرا فرونت يۆنىلىشىدىكى ھۇجۇمچى قىسىملار، سۈيدۇڭ ئاتقۇچى 1 - پولكى، غۇلجا 2 - پولكى، قازاق 6 - ئاتلىق پولكى ۋە موڭغۇل دىۋىزيونى، تۇڭگان دىۋىزيونى، شىۋە دىۋىزيونى (دىۋىزيون - ئاتلىق باتالىيون دېگەن سۆز) لىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يەنسىخەي، ساندىخوزا ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قىسىملىرىمىز دەم ئېلىشقا توختىدى. 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەنە داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ شىخەنزە، ئالاۋۇسۇن، كونا ساۋەنلەرگە يېتىپ كەلگەندە بۇيرۇق بويىچە قوغلاشنى توختاتتۇق.

بىز ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە ماناستىكى گومىنداڭ قىسىملىرى شىخو، جىڭدىن قېچىپ بارغان گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئورۇمچىگە قاچقان ئىكەن.

بىزنىڭ رازۋېتچى قىسىملىرىمىز ماناس شەھەر ئىچىگە قەدەر كىرىپ ئاھالىلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئەھۋال ئىگەللەپ تۇردى. بىزنىڭ قىسىملىرىمىز بويىچە دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمىگەندىن كېيىن گومىنداڭ قىسىملىرى قۇتۇبى تەرەپتىن قايتىپ كېلىپ ماناسقا قايتا ئورۇنلىشىشقا باشلىدى.

مىللى ئارمىيە قىسىملىرى جەنۇپتىن تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى شەيتان كۆۋرۈك، چوقاندىن شىمالغا قاراپ كونا ساۋەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئورۇنلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق چارچىغانلىقىغا قارىماي يەنە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى، يەر ئاستى يوللىرى، ئاكوپلار ۋە گەمىلەرنى قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە مىللى ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى بۇ قېتىمقى ئوتتۇرا يۆنۈلۈش جەڭىگە قاتناشقان قىسىملارنى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلىدى. شۇ قاتاردا بىزنىڭ سۈيدۈڭ 1 - ئاتقۇچى پىيادە پولكىمىزغا 1 - دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنى بېرىلىپ پولك بايرىقىغا قادالدى. 400 دىن ئارتۇق جەڭچى ۋە كوماندىرلار 2 - دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنى، «باتۇرلۇق» ۋە «پىدائىيلىق» ئوردېنلىرى قاتارلىقلار بىلەن مۇكاپاتلاندى.

قىسىملىرىمىز 45 - يىلى 9 - ئايدىن 46 - يىلى 6 - ئايغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا گومىنداڭنىڭ ماناستا تۇرۇۋاتقان خومىڭگاڭ قوماندانلىقىدىكى 277 - بىرىگادىسى



بىلەن تىغمۇ - تىغ تىركىشىپ تۇردى. بۇ ۋاقىت دەل 3 ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېچلىق توغرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ باشلانغان ۋاقتى ئىدى.

سۆھبەت باشلىنىشتىن ئاۋۋالقى ۋاقىتلىق كېلىشىمگە ئاساسەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزى تۇرغان لىنىيىلەردىن 6 كىلومېتىر كەينىگە چېكىندى. تېچلىق بىتىم رەسمى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن باشقا قىسىم ۋە پولكلار ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇلۇپ، سۈيدۈڭ 1 - ئاتقۇچى پولكى ماناس كۆۋرۈكى، كونا ساۋەن، يەنسەخەيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نۇقتىلىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ، ئالدىنقى سەپنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ شىخوغا ئورۇنلىشىپ قالدى.

## ھەربى ئىنتىزام

مىللى ئارمىيە قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئالدى بىلەن ئارمىيىنىڭ ھەربى ئىنتىزامى توغرىسىدا قاتتىق تەلەپ قويۇلغان بولۇپ، ئارمىيە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارمىيىسى بولۇش كېرەكلىكى، مەيلى تىنچ شارائىتتا ياكى ئۇرۇش شارائىتىدا بولسۇن ئۇنىڭدا مۇستەھكەم ئىنتىزامچانلىق بولۇش لازىملىقى بەلگىلەنگەن ئىدى، بولۇپمۇ مىللى ئارمىيە يالغۇز بىر مىللەتنىڭلا ئارمىيىسى بولماستىن شىنجاڭدا زۇلۇمغا ئۇچرىغان ھەممە مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن خەنزۇ مىللىتىنىڭمۇ ئارمىيىسى دەپ قارالغان ئىدى. ئارمىيىنىڭ نىشانى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى، جۈملىدىن خەنزۇ مىللىتىنىمۇ ئېزىۋاتقان گومىنداڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشتىن ئىبارەت

بىزنىڭ رازۋېتچى قىسىملىرىمىز ماناس شەھىرىگىچە قەدەر كىرىپ ئاھالىلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئەھۋال ئىگەللەپ تۇردى. بىزنىڭ قىسىملىرىمىز بۇيرۇق بويىچە دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمىگەندىن كېيىن گومىنداڭ قىسىملىرى قوتۇبى تەرەپتىن قايتىپ كېلىپ ماناسقا قايتا ئورۇنلىشىشقا باشلىدى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى جەنۇپتىن تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى شەيتان كۆۋرۈك، چوقاندىن شىمالغا قاراپ كونا ساۋەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئورۇنلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق چارچىغانلىقىغا قارىماي يەنە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى، يەر ئاستى يوللىرى، ئاكوپلار ۋە گەمىلەرنى قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتابى بۇ قېتىمقى ئوتتۇرا يۆنۈلۈش جەڭلىرىدە قاتناشقان قىسىملارنى ۋە ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلىدى. شۇ قاتاردا بىزنىڭ سۈيدۈڭ 1 - ئاتلىق پىيادە پولكىمىزغا 1 - دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنى بېرىلىپ پولك بايرىقىغا قادالدى. 400 دىن ئارتۇق جەڭچى ۋە كوماندىرلار 2 - دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنى، «باتۇرلۇق» ۋە «پىدائىيلىق» ئوردېنلىرى قاتارلىقلار بىلەن مۇكاپاتلاندى.

قىسىملىرىمىز 45 - يىلى 9 - ئايدىن 46 - يىلى 6 - ئايغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا گومىنداڭنىڭ ماناستا تۇرۇۋاتقان خو مىڭگاڭ قوماندانلىقىدىكى 277 - بىرىگادىسى



بىلەن تىغمۇ - تىغ تىركىشىپ تۇردى. بۇ ۋاقىت دەل 3 ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق توغرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ باشلانغان ۋاقتى ئىدى.

سۆھبەت باشلىنىشتىن ئاۋۋالقى ۋاقىتلىق كېلىشىمگە ئاساسەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزى تۇرغان لىنىيىلەردىن 6 كىلومېتىر كەينىگە چېكىندى. تىنچلىق بىتىم رەسمىي ئىمزالانغاندىن كېيىن باشقا قىسىم ۋە پولكلار ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇلۇپ، سۈيدۈڭ 1 - ئاتلىق پولكى ماناس كۆۋرۈكى، كونا ساۋەن، يەنسىخەيزى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نۇقتىلىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ، ئالدىنقى سەپنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ شىخوغا ئورۇنلىشىپ قالدى.

## ھەربىي ئىنتىزام

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئالدى بىلەن ئارمىيىنىڭ ھەربىي ئىنتىزامى توغرىسىدا قاتتىق تەلەپ قويۇلغان بولۇپ، ئارمىيە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارمىيىسى بولۇش كېرەكلىكى، مەيلى تىنچ شارائىتتا ياكى ئۇرۇش شارائىتىدا بولسۇن ئۇنىڭدا مۇستەھكەم ئىنتىزامچانلىق بولۇش لازىملىقى بەلگىلەنگەن ئىدى، بولۇپمۇ مىللىي ئارمىيە يالغۇز بىر مىللەتنىڭلا ئارمىيىسى بولماستىن شىنجاڭدا زۇلۇمغا ئۇچرىغان ھەممە مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن خەنزۇ مىللىتىنىڭمۇ ئارمىيىسى دەپ قارالغان ئىدى. ئارمىيىنىڭ نىشانى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى، جۈملىدىن خەنزۇ مىللىتىنىمۇ ئېزىۋاتقان گومىنداڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشتىن ئىبارەت

بولۇشى كېرەك دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن ئىدى، شۇڭا مىللى ئارمىيىگە باشتىن-ئاخىر كۆچلۈك تەلىم-تەربىيە بېرىلىپ، خەلققە زۇلۇم قىلماسلىق، ئولجا ئالماسلىق، ئەسىرلەرنى خورلىماسلىق، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ، شۇنىڭدەك خەنزۇ مىللىتىنىڭمۇ مەنپەئەتىنى قوغداش قاتارلىق پىرىنسىپلار ئېنىق ۋە قەتئى بېكىتىپ بېرىلگەن ئىدى.

لېكىن ئۇرۇش جەريانىدا بەزى چوڭ-كىچىك خاتا مەسىلىلەردىن خالى بولۇشمۇ مۇمكىن بولمايتتى. مەسىلەن: شىخوغا قىلىنغان ھۇجۇمدىن كېيىن مۇئاۋىن روتا كوماندىرى مۇختار دېگەن ئوفىتسېر بىر خەنزۇ قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەربى ئىنتىزام بويىچە سوت قىلىنىپ، يەنسىخەيدىكى پولك ئىشتاۋىنىڭ ئالدىدىكى يار تۈۋىدە ئېتىپ تاشلاندى. ساۋەندىكى قىسىمدىن بىر پەيجاڭ ئولجا ئېلىش ئۈچۈن بىر خەنزۇ ئائىلىسىگە كىرىپ بىر پۇقرانى ئېتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاشلا ئۇنىڭغىمۇ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ دەرھال ئىجرا قىلىندى. دېمەك بۇنىڭدىن كۆرۈلىدىكى، 3 ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسى ئىچىدە مۇستەھكەم ھەربى ئىنتىزام بار بولۇپ، ئۇ، ئەمەلىيەتتە قەتئى ئىجرا قىلىناتتى. شۇڭا بۇ ئارمىيە خەنزۇ مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئىگە بولغان ئىدى.

ئەسىرلەرگە نىسبەتەن مىللى ئارمىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە مۇئامىلىسى ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىدا بولغىنى ئۈچۈن ئەسىرلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ زۇلۇمدىن ئازات بولغانلىقىنى ھېس قىلىشقان ئىدى. ئۇلارنى بۇيرۇق بويىچە 9-ئاينىڭ ئىچىدە



ماناس دەرياسى كۆۋرۈگىدىن ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغىنىمىزدا ئەسىرلەر ئۇرۇمچىگە بېرىشنى خالىماي بىزنىڭ ئېلىپ قېلىشىمىزنى قايتا-قايتا ئىلتىماس قىلىشىپ تۇرۇشۇۋالغان ئىدى. لېكىن بۇيرۇق بويىچە بىز ھەممىنى ساق-سالامەت ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە 2 نەپەر گېنېرال بولۇپ ئۇلارنى ئۇرۇمچىگە ئايروپىلان بىلەن يەتكۈزۈپ قويدۇق.

1946-يىلى 8-9-ئايلاردا 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ روھىغا ئاساسەن مىللى ئارمىيە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ 1-ئاتقۇچى سۋيدۇك پولكى 1-ئاتقۇچى شىخو پولكى بولۇپ قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مىللى ئارمىيىدە چوڭ كۆلەملىك قىسقارتىش، ھەربى سەپتىن قايتۇرۇش ئىشى باشلاندى.

لېكىن گومىنداڭ تەرەپ بۇنىڭ ئەكسىچە ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى، بىتىمگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ئورغۇن ساندىكى ئەسكەرلىرىنى ئاقسۇ، باي، كۇچار، ماناس، قۇتۇبى ۋە بەيتىك تاغلىرى ئەتراپىغا كەينى-كەينىدىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىدى قايتارما ھۇجۇم قىلىپ 3 ۋىلايەت رايونىنى تارتىۋېلىش ئىدى. لېكىن ئۇلار بۇ مەقسىدىگە يېتەلمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ قورغاننى ئىچكى قىسىمدىن بۇزۇش ئارقىلىق مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل سۇيىقەستلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ھۇجۇم باشلاش يولىغا كىرىشتى.

1946-يىلى باندىت ئوسماننى گومىنداڭ تەرەپ پۇل-مالغا قىزىقتۇرۇپ سېتىۋېلىپ، قورال-ياراق بىلەن تەمىنلەپ ئالتايغا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا قۇتراتتى. لېكىن بۇنداق پاراكەندىچىلىك سېلىشى مىللى ئارمىيىمىز تەرىپىدىن قاخشات-

قوچ زەربىگە ئۇچراپ مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ بەيتىك تەرەپكە قېچىپ بېرىپ گومىنداڭ بىلەن ئاشكارا بىرلىشىۋالدى.

1947 - يىلى 6 - ئاي ئەتراپلىرىدا ساۋەننىڭ هاكىمى قالىبەك 4 نەپەر ئادىمى بىلەن ئىشتاپقا كېلىپ، پولك باشلىقلىرىمىزدىن مەرغۇپ ئىسهاقوپ، كومىسساز ئايتوۋاروپلارغا، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە هاۋا ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن ئىشخانىسىنى تاققا يۆتكىمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئاز ئۆتمەي تاققا كۆچۈپ چىقىپ كەتتى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ساندىخوزا، ساۋەن، دۆڭدى، بۆرتۇڭگو ئەتراپلىرىدا بىر قىسىم قوراللىق بۇلاڭچىلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە قالىبەك ۋە ساۋەن ساقچى ئىدارە باشلىقى تاكمانلارنىڭ ماناستا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ 3 ۋىلايەتكە قارشى توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرىۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن يۇقۇرى قوماندانلىق بىزنىڭ پولكىمىزنىڭ شىخو بازىرىدىكى قىسىملىرىنى يەنسىخەيگە يۆتكىلىشكە ۋە يېڭى جىددى ۋەزىپىلەر ئۈچۈن تەييارگەرلىك قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى.

10 - ئاينىڭ باشلىرى ساندىخوزىدا تۇرۇشلۇق روتا كوماندىرى ئىسراپىلوپ جىددى تېلېفون بېرىپ 60 - 70 دەك باندىتلار روتىنى قورشاپ تەهدىت سېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەردى. بۇيرۇق بويىچە پولكىمىزدىن بىر ئاتلىق لىيەن، 2 دانە زەمبىرەك ئاجرىتىلىپ دەرهال يولغا چىقىپ سائەت بىرلەردە ساندىخوزىغا يېتىپ باردۇق. باندىتلار تاشيولنىڭ جەنۇبىدىكى



قىلىن قارىياغاچلىق ئىچىگە يوشۇرۇنىۋېلىپ تۇرۇپ هۇجۇم قىلىۋاتقان ئىكەن. بىز بېرىپ ئۇلارغا قارشى ئوت ئېچىپ تاكى كازىۋەن ئېغىزىغىچە قوغلاپ باردۇق، باندىتلار پېتىراپ قېچىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن قىسمىمىز جىددى ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشتى.

10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قالىبەك، تاكمانلار باشلىغان باندىتلار گۇرۇهىنىڭ مايتاغ، موگغۇلكۈرە، بۆرتۇڭگو، قىزىل ئۆزەن، دۆڭدى قاتارلىق جايلاردا بۇلاڭچىلىق، باندىتلىق هەرىكەتلىرى كۈچىيىپ 3 ۋىلايەت هۆكۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان پاراكەندىچىلىكى يۇقۇرى باسقۇچقا كۆتىرىلدى. بىز قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇغى بويىچە شىخەنزىگە ساۋەن پولكى، يەنسىخەيگە 1 - شىخو پولكى، مايتاققا 2 - ئازات نىشانلىق پولكلار ئورۇنلىشىپ جىددي ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشتۇق. 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن باشلاپ بۇ قىسىملار قالىبەك، تاكمان باندىتلار گۇرۇهىنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى رەسمى تاپشۇرۇۋالدى. پولكوۋنىك ئىمىنوپ قوماندانلىقىدىكى ساۋەن ئاتلىق پولكى دۆڭدى، چىچاڭ ۋە قىزىل ئۆزەننىڭ شەرقىي تەرىپىگە، پولكوۋنىك مەرغۇپ باشچىلىقىدىكى 1 - شىخو پولكى قىزىل ئۆزەننىڭ غەربى، بۆرتۇڭگو قورغۇس تەرەپكە، 2 - غۇلجا ئازات نىشانلىق پولك پولكوۋنىك ئايتۇرغاننىڭ قوماندانلىقىدا مايتاغ ۋە موگغۇلكۈرە تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ بىرلا ۋاقىتتا ئومۇمى يۈزلۈك هۇجۇم قوزغىدى. بېرىلگەن بۇيرۇق: باندىتلارنىڭ هەرىكەت رايونى بولغان تىيانشاننىڭ بۇ شىمالىي ئېتىكىنى، چىچاڭ، قىزىل ئۆزەن، قورغۇس دىگەن 3 چوڭ سايدىن بۆلۈپ تاشلاپ باندىتلار قامىۋالغان چارۋىچى ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇش ۋە باندىتلارغا

زەربە بېرىپ ئۇلارنىڭ قوراللىق توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئىدى.

11 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر قورغۇس سېپىنىڭ ئاغزىدا تاكسمان باندىتلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئېلىشىشتا 11 نەپەر باندىتنى ئەسىر ئالدۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 4 نەپىرى ماناستا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرىدىن بولۇپ قىلاقچە كىيىم كىيىۋالغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇرۇشتا باندىتلارغا يول كۆرسىتىش، قورال ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش، ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن.

ئۇلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن مەلۇم بولدىكى، ماناستا تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ ھەربى ئەمەلدارى خومىڭگاڭ، قالىبەك، تاكمانلارنى سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنى قورال – ياراق بىلەن تەمىنلەپ، 3 ۋىلايەت ئازات رايونىغا ھۇجۇم قىلدۇرماقچى ئىكەن. باندىتلار ئۆزلىرىدىكى قورال – ياراق، ئوق – دورىلارنىڭ خېلى كۆپلىگىگە ئىشىنىپ بىز بىلەن ئۇزاققىچە ئېلىشىپ باقماقچى بولسىمۇ، 11 – ئاينىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئومۇمى يۈزلۈك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىندى. باندىتلارنىڭ باشلىقى قالىبەك – تاكمانلار جېنىنى ئاران قوغداپ ماناس دەرياسىنىڭ بېشىدىكى شەيتان كۆۋرۈك ئارقىلىق گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. باندىتلار زورلۇق بىلەن ئەگەشتۈرىۋالغان 900 ئائىلىدىن ئارتۇق چارۋىچىلار قۇتقۇزۇپ قېلىندى، 180 دىن ئارتۇق قوراللىق باندىتلار ئەسىرگە چۈشتى. ئۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىن بۇ قېتىمقى جەڭگىۋار ھەربى ھەرىكەتكە قاتناشقان ھەر قايسى قىسىملار ئۆز جايلىرىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى.



شۇ يىلى قىشتىن تارتىپ تاكى 49 – يىلىنىڭ 12 – ئېيىغا قەدەر بىزنىڭ پولكىمىز باشقا قېرىنداش قىسىملار بىلەن بىرلىكتە، گومىنداڭنىڭ بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ 3 ۋىلايەت تەرەپكە قارشى ئېلىپ بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر قانداق ئۇرۇنۇشلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، ئالدىنقى سەپ رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ جەرياندا قىسىملىرىمىز يەنىسخەي، نەمشۇگۇڭ، ساندىخوزا ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىپ قوشۇمچە دېخانچىلىق قىلدى، يەرلىك خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە كۈيتۇڭنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدىكى سازلىقتا پەيدا بولغان چېكەتكە ئاپىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشكە پائال قاتناشتى.

## شانلىق ئۇچرىشىش

1949 – يىلى 8 – ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق رەھبەرلىرىمىز ئوتتۇرا يۆنۈلۈشتە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن ھال سوراش يۈزىسىدىن يەنىسخەيگە كېلىپ كۆزدىن كۆچۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا روتا كوماندىرلىرىدىن يۇقۇرى كادىرلارنى يىغىپ سۆز قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى نۆۋەتتىكى خەلقارا ئەھۋالنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سۆز ئېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى، خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش بەردى. ئۇ، ئېسىقلىق تۇرغان خەرىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ غەربىي شىمالدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ،

ئازات قىلىنغان ئۆلكە ۋە چوڭ شەھەرلەرگە قولىدىكى قىزىل بايراقچىلارنى قاداپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ، جۇڭگو گوڭچەنداڭى ۋە ماۋجۇشى يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىيىتىنى ئومۇمى يۈزلۈك چۈشەندۈرۈپ: بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىزنىڭ غەلىبىسى ئەنە شۇ مەملىكىتىمىز مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى بىلەن بىللە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. بىز ئەنە شۇ ئۇلۇغ غەلىبىنى كۈتۈۋېلىشىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن قاراملىق قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشتەك سۇيىقەستىگە قارشى ھوشيار تۇرۇشىمىز لازىم دىدى. بۇ سۆزلەر پۈتۈن جەڭچى - كادىرلار ئۈچۈن يېڭى روھ ۋە يېڭى كەيپىيات بېغىشلىغان، قېرىنداش قىسىملار بىلەن بالدۇرراق ئۇچرىشىش ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى.

9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ پۈتۈن ئورتا يۈنۈلۈشتىكى قىسىملار ھەربى ھالەتكە ئۆتۈپ ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇردى. چۈنكى بۇ ۋاقىت خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - فاڭمىيەنجۈنى يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ قوماندانلىقىدا لەنجۇدىكى ماخۇڭكۈي، مابۇفاڭلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ شىنجاڭ رايونىغا قەدەم قويغان، شىنجاڭ گومىنداڭ ھەربىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەكسىيەتچى جاھىل گۇرۇھلار ھەقىقەتكە قايتىشنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلىپ تۇرىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، ئەگەر ئۇلار جاھىللىق قىلىپ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى



بولسا، مىللى ئارمىيىمىزنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىملىرى شەرقتىن كېلىۋاتقان خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىغا ئەجەللىك زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولدى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىمىزنىڭ ماتورلۇق قىسىملىرى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن 5 نەپەر جېڭخۇييۈەن بىرىنچى بولۇپ يەنسىخەيىگە كېلىپ قىسىمىمىزدىكى جەڭچى - كوماندىرلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش - ھال سوراش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بىزنىڭ پولكىمىز مەرغۇپ ئىسھاقوپنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئىككىنچى كۈنى سائەت 10 لاردا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، پولكىمىزنىڭ ھەربى بايرىقىنى كۆتەرگەن ھالدا ئۈرۈمچى شەھەر كوچىسىدىن ئۆتتۇق. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سانجاق - سانجاق تۇرۇپ كەتكەن خەلق ئاممىسى بىزنى ئىنتايىن قىزغىن كەيپىياتتا قارشى ئالدى. ئۈرۈمچىدىكى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ مەسئۇل كىشىلىرى بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ كۆرۈشتى ۋە قىزغىن ھال سورىدى. بىزمۇ زور ھاياجان بىلەن سەپ تارتىپ مېڭىپ، بىز ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان باخۇلياڭدىكى چوڭ ھويلىغا كېلىپ توختاپ ئارام ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇق.

بىز ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ جېن سىلىڭيۈەن، جاڭ سەنمۇجاڭ قاتارلىق ھەربى قوماندانلار كېلىپ بىز بىلەن

سەممى كۆرۈشۈپ هال سورىدى.

يولداش پېڭ دېخۇەيمۇ ئالاھىدە قوبۇل قىلىپ هال سورىدى ۋە قىسىم باشلىقلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. مانا شۇنداق قىلىپ ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن ئارزۇ - ئۈمىتلەر بىرىنچى قېتىم ئەمەلگە ئاشتى.

ئاز ئۆتمەيلا مىللى ئارمىيىمىز خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇس 14 - دىۋىزىيە 40 - پولكى بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ئالدۇق.

3 - ئىنۋار كۈنى پولك باشلىقلىرى مېنى چاقىرىپ: 3 - باتالىيوننىڭ 9 - روتىسىنى تۇرپانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قالغان 7 - 8 - روتىنى ئېلىپ 7 - ئىنۋارغىچە قۇمۇلغا يېتىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. يۇقۇرىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە بىز دەرھال سەپەر ھازىرلىقىغا كىرىشتۇق.

6 - ئىنۋار كەچتە قىسىملارنىڭ سەپەر ھازىرلىقى تامام بولغانلىقى توغرىسىدا پولك باشلىقلىرىغا دوكلات قىلىپ چىقىشىمغا بۇرھان ئەپەندىمنىڭ كۆرۈشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مەن بۇرھان ئەپەندىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. بۇرھان ئەپەندى يېنىدىكى ساپادا ئولتۇرغان بىر ئادەمنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ كىشى قۇمۇلدىكى يولۋاسبەگنىڭ ئوغلى ياقۇپبەك بولىدۇ. سىلەر قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئوبدان چىقىشىپ ئىشلەڭلار. قۇمۇلدا يولۋاسبەك ۋالى بار، قۇمۇلنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. مەن سىزنى ياقۇپبەك بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن چاقىرغان ئىدىم، — دېدى. يەنە بەزى ئەھۋاللار توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ قايتىشىمغا رۇخسەت قىلدى. ئۇزۇتۇپ چىقىۋېتىپ: — يولۋاسبەگدە خېلى ئەندىشە بار ئوخشاي-



دۇ، سىز ئوبدانراق خىزمەت قىلىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىڭ، — دەپ تاپشۇردى.

7 - ئىنۋار كۈنى قىسىم باشلىقلىرىنىڭ ئۇزىتىپ قويۇشى بىلەن سائەت 6 دە ئايرودرومغا قاراپ كەتتۇق. سائەت 8 لەر بىلەن ھەر بىر ئايروپىلانغا 14 كىشى ۋە ئوق - دورا قاتارلىق يۈك - تاقلارنى بېسىپ جەمى 21 ئايروپىلان بىلەن قۇمۇلغا قاراپ ئۇچتۇق. سائەت 11 لەردە قۇمۇل ھاۋا بوشلۇقىغا يېتىپ كېلىپ ئايرودرومغا چۈشتۇق. بىزنى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازاتلىق ئارمىيە 16 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلىرى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، باشلىقلار بىزنىڭ تەركىۋىمىزنىڭ ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىز بىلەن سەممى ۋە قىزغىن كۆرۈشتى ۋە هال سورىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز كولوننا بويىچە سەپ تارتىپ مېڭىپ تەييارلانغان ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قۇمۇل شەھەر ئىچىگە يۈرۈپ كەتتۇق.

بىز قۇمۇلغا كىرىپ «جۇڭشەنتاڭ» دېگەن ئىككى قەۋەتلىك بىناغا ئورۇنلاشتۇق ۋە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلىرىمىزگە كىرىشتۇق.

بىر كۈنى سىياسى كومىسسار گۇەن جىڭۋېي مېنى چاقىرىپ: سىلەر يەرلىك ئەھۋاللاردىن ئوبدانراق خەۋەر ئالالايسىلەر، خەلق ئاممىسىغا قارىتا تەشۋىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئارقىلىق قۇمۇلدىكى ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئىشلىرىغا ياخشى ئاساس سېلىش لازىم. بولۇپمۇ يولۋاسقا ئوبدانراق خىزمەت ئىشلەپ ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش لازىم، — دېدى.

مەن يولۋاس بىلەن بىر قانچە قېتىم سۆھبەتلىشىپ كۆردۈم.

ئۇنىڭغا پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ پارتىيىنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭمۇ پارتىيىگە ئىشىنىشى لازىملىقى، ھېچقانداق ئەندىشىدە بولماستىن ياخشى خىزمەت ئىشلەش لازىملىقى توغرىسىدا چۈشەندۈردۈم . ئۇ گەرچە جىم ئولتۇرۇپ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ھامان كاللىسىدا باشقا بىر نەرسىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

3 - ئاينىڭ باشلىرىدا ماڭا ياۋگۇگەن (ياۋگۇگەن يولۋاسنىڭ تۇرۇشلۇق جايى) دىن تېلېفون كېلىپ، مېنىڭ كېلىپ كېتىشىمنى سورىدى. مەن دەرھال ياۋگۇگەنگە باردىم. يولۋاس ئۆزىنىڭ كۆتۈش ئۆيىدە ياقۇپبەك ۋە ئۆزىنىڭ خەنزۇ ئايالى، باشقا يەنە بىر خەنزۇ كىشى بىلەن ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. مەن كىرىپ تېچلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۇ ماڭا: تۈنۈگۈن ماڭا ئۈرۈمچىدىن تېلېفون بېرىپ، مېنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشىمنى تاپشۇرۇپتۇ. مېنىڭ سالامەتلىكىم ئانچە ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئوسمان دېگەننىڭ ئادەملىرى يول توساپ بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۈرۈمچىگە بارماي دېسەم يەنە بولماس، سىلە بىلەن مەسلىھەتلىشەي دېۋىدىم، — دېدى.

مەن: ناھايىتى ئوبدان خەۋەر ئىكەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىلىنى چاقىرغان بولسا ئەلۋەتتە بېرىپ كەلسىلە، ئەگەر يولدىن ئەنسىرەيدىغان بولسىلا، ئايروپىلان بىلەن بارسىلا، دېدىم. يولۋاسنىڭ خەنزۇ ئايالى دەرھال: ياق، ئايروپىلان بولمايدۇ، بۇنىڭ قان بېسىم كېسىلى بار، — دېدى. مەن: ئۇنداق بولسا ماشىنا بىلەن ماڭسىلا. مەن بىر قانچە جەڭچىلەرنى مۇھاپىزەتچىلىككە قوشاي، — دېدىم. ئۇ ئۈرۈمچىگە بارماسلىقتا ھەر خىل



بانتلارنى ئىزدەپ باققان بولسىمۇ، ئاخىر: بولىدۇ، بارسام بېرىپ كېلەي، — دېدى.

مەن بۇ ئەھۋالنى قايتىپ كېلىپ 16 - دىۋىزىيە كوماندىرىغا دوكلات قىلدىم، كوماندىرمۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى، يولۋاسنىڭ ئەندىشىسى ئۈرۈمچىگە چىقىشقا يول قويمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز يولۋاسقا ئىشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە قارا نىيەتلىك قىلىپ، 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈش ۋاقتىدا كارىزغا چىقىپ كېلىمەن دېگەن بانا بىلەن ئوغۇللىرى ياقۇپبەك، يۈسۈپبەك، خەنزۇ ئايالى ۋە پۇڭگەنلىرىنى ئېلىپ كارىز ئارقىلىق ئوسمان تەرەپكە قېچىپ چىقىپ كېتىپ، ئاخىرى ئۆز ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يۇقۇرىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە باتالىيونىمىز ئاتلىق قىسىمغا ئۆزگىرىپ 16 - دىۋىزىيىنىڭ قوماندانلىقىدا بارىكۆلگە يۆتكىلىش تەييارلىقىغا كىرىشتۇق ۋە 21 - غىنۋاردا قۇمۇلدىن يۆتكىلىپ بارىكۆل ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدۇق.

## بارىكۆلدە ھەربى يىغىن

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بارىكۆل 16 - دىۋىزىيىنىڭ 46 - پولكى ئورۇنلاشقان يىڭفاڭدا 6 - جۇننىڭ جۇنجاڭى لو يۈەنفا، 16 - دىۋىزىيە كوماندىرى ۋۇ زۇڭشۈەن، 46 - پولك باشلىقلىرى ۋە ھەر قايسى پىيادە ۋە ئاتلىق قىسىملارنىڭ كوماندىرلىرى بىلەن باشقۇشقان يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا 46 - پولك-

نىڭ كوماندىرى يولداش رىن شۈكەن، پارىكۆلنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، باندىتلارنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ھەركەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى: ماكنان ۋە ئوسمان باندىتلىرى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ پارىكۆلدىن سارقۇمۇش دىگەن جايغا يۆتكىلىپ ئۇ يەردىكى ئالتايدىن قېچىپ كەلگەن ئاق ئورۇسلار بىلەن قوشۇلۇپ ھازىر كىچىك خۇڭلۇشاغا توپلانغان ۋە ئۇ يەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلىدى.

ۋۇ سىجاڭ سۆز ئېلىپ، ھازىر باندىتلار ھەركىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولىۋاتقانلىقى، 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماكنان بىر قانچە باندىتلارنىڭ ھىمايىسىدا سار قۇمۇشتىن قۇمۇلنىڭ ئاستى تەرىپى بىلەن چىڭخەي تەرەپلەرگە قاچقانلىقىنى، 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاراتۇرۇكتىكى ئابدۇللا دىگەن خەلقنى ئالداش ئارقىلىق توپىلاڭ كۆتىرىپ بىزنىڭ ئاراتۇرۇكتىكى ئىككى روتىمىزنى قورشىۋېلىپ، پۈتۈن ئالاقە سىم لىنىيىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقى، يەنە بىر قىسىم باندىتلار 7 قۇدۇق، چىقتىم دىگەن يەرلەردە ئۇرۇمچى - لەنجۇ تاش يولىدا مېڭىۋاتقان ھۆكۈمەت ۋە سودىگەرلەرنىڭ ماشىنىلىرىنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، قولغا چۈشكەن ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ھازىر ئوسمان، يولۋاس قاتارلىق باندىت باشلىقلىرى گومىنداڭنىڭ قورچاق ئەسكەرلىرى ۋە ئاق ئورۇسلار بىلەن بىرلىشىپ كىچىك خۇڭلۇشاغا يوشۇرۇنغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى.

لو جۇنجاڭ: بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەربى ھەركىتىمىز — ئاساسەن سىياسى ھۇجۇمنى ئاساس قىلىپ، ھەربى تەدبىر-



لەرنى قوشۇمچە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بىز پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىشىمىز، قايمۇققان خەلقنى قۇتقۇلدۇرۇپ ئېلىشىمىز لازىم، يېقىندىن بېرى ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئىككى قېتىم ۋەكىل ئەۋەتىپ سىياسەتنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ نەتىجىسىز چىقتى، شۇڭا بىز ھەربى ھەركەت قوللىنىشقا مەجبۇر بولىۋاتىمىز دىدى ۋە 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن ئىلگىرى بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، باندىتلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشىمىزنى ئۇقتۇردى.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە 40 - پولكنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئاساسى قىسىملىرىدىن بىر قانچە بۆلۈملەر 17 - دىۋىزىيىنىڭ گۇچۇڭدىكى قىسىملىرى بىلەن مورى ئاقتاش ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، ئاقتاشنىڭ شەرقىدىكى تاغ ئارىسىدا يوشۇرۇنغان سامايىلوپ باشچىلىقىدىكى ئاق ئورۇس باندىتلىرىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، باندىتلار بەرداشلىق بېرەلمەي بۇلارمۇ خۇڭلۇشاغا قېچىپ مۆكۈنگەن ئىدى.

14 - ئاپرېلدا پارىكۆلدىن 46 - پولكنىڭ بىر باتالىيونى ۋە بىزنىڭ 3 - ئاتلىق باتالىيونىمىز بۇيرۇق بويىچە ئوسمان ۋە يولۋاسنىڭ ئۇگىسى بولغان كىچىك خۇڭلۇشاغا يۈرۈش قىلىپ، خۇڭلۇشانىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى سارقۇمۇش دىگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق - دە قاتتىق شىۋىرغان سوغاقنىڭ بولىۋاتقىنىغا قارىماي قېلىن قارلىق تاغلاردىن ئېشىپ ئۆتۈپ باندىتلارغا ھۇجۇم قىلدۇق. بۇ يەردە ئوسماننىڭ ئاساسى كۈچى تارمار بولدى. ئوسمان خېيىسەنتۇ ئارقىلىق بەيتىككە

قاراپ قاچتى. پولكىمىزنىڭ مورى ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان قىسىملىرى 17 - دىۋىزىيىدىكى قېرىنداش قىسىملار بىلەن جاڭجۇنمياۋ، گۇپ، مايلى تېغى، بەيتىك ئەتراپىدا ئوسمان باندىتلىرىغا تۇسۇپ زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ ئالتاي تاغلىرىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇش سۇيىقەستىنى تارمار قىلدى.

بىزنىڭ باتالىيونىمىز خوڭلۇشادىكى ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ بارىكۆلگە قايتىپ كەلگەندە 46 - پولك 1 - باتالىيون 2 - روتىسى ئاراتۈرۈكتىكى ئابدۇللا شەنجاڭ باندىت گۇرۇھىنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇۋاتقان ئىكەن.

ئەھۋال مۇنداق بولغان ئىدى: 3 - ئاينىڭ 5 - 6 - كۈنلىرى ئاراتۈرۈكتىكى سابىق گومىنداڭنىڭ قورچاق شەنجاڭى ئابدۇللا دىگەن قومۇلغا كېلىپ، يولۋاس بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇ يولۋاسنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى توپىلاڭ قوزغاش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئېلىپ 3 - ئاينىڭ 8 - 9 - كۈنلىرى ئاراتۈرۈككە قايتىدۇ. ئۇ باندىت يولۋاسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، تېخى ئومۇمى ۋەزىيەتتىن خەۋەرسىز تۇرغان تاغ خەلقىگە: كوممۇنىستلار يولۋاس بېگىمگە 200 نەپەر ئۇيغۇر قىزى بېرىسەن دەپ ئالۋاڭ ساپتۇ. يولۋاس بېگىم بۇنىڭغا چىدىماي تاقىقا چىقىپ غازات قىلماقچى. كوممۇنىستلار خەلقنى بۇلايدىكەن، مەچىتلەرنى بۇزۇپ دىننى يوق قىلىدىكەن دىگەن پىتنە - پاساتلارنى تارقىتىپ خەلقنى قورقۇتۇپ، ئادەم توپلاشقا كىرىشىدۇ ۋە يوشۇرۇپ قويغان قوراللارنى تارقىتىپ بېرىپ 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئاراتۈرۈككە ئەمدىلا كېلىپ ئورۇنلاشقان 2 - روتىغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۇنى قورشىۋالىدۇ. بىز 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مۇشۇ قورشاۋدا قالغان روتىنى قۇتۇلدۇرۇش



ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ ئاراتۈرۈككە يېتىپ كەلدۇق ۋە بۇ باندىتلار گۇرۇھىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تارمار قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن 40 كۈندىن بېرى قورشاۋ ئىچىدە تۇرغان بۇ قېرىنداش خەنزۇ روتىسىدىكى جەڭچى-كوماندىرلار بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتۇق. نادىنكىر، دازىنگولاڭ داۋىنى، بىشەن - سۇمبۇل، ئاراتام قاتارلىق تىيانشان تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن باندىت ئابدۇللا، ئوسمان تەيجى ۋە گومىنداڭنىڭ قورچاق ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ ھۇجۇم قىلىپ تامامەن يوقاتتۇق.

بىزنىڭ باتالىيونىمىز خەلق ئازاتلىق ئارمىيە تەركىۋىدە يۇقۇرقىدەك جاپالىق كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، 16 - دىۋىزىيە پارتكومىنىڭ غەمخورلىقى ۋە تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە 1950 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەن، باتالىيون سىياسى رەھبىرى ئېلاخۇن، سەنمۇجاڭ باي قەدەمۇپ خۇسەيىن قاتارلىق يولداشلار 1 - قېتىم شەرەپ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنىشقا مۇيەسسەر بولدۇق. ئىككىنچى تۈركۈمدە ئېغىر جەڭلەردە سىناقتىن ئۆتكەن 15 كە يېقىن جەڭچىلەرمۇ پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىپ، پولكىمىز ۋە باتالىيونىمىز بويىچە بىرىنچى قېتىم جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى ۋە ئىككى گۇرۇپپىسى بارلىققا كەلدى.

1950 - يىلى 11 - ئايدا 16 - دىۋىزىيىنىڭ پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، 51 - يىلى 1 - ئايدا 6 - كورپۇس بويىچە پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. مەن بۇ قۇرۇلتايلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پارتىيە ۋەكىلى بولۇپ قاتناشتىم.

شۇ يىلى ئەتىيازدا ئۇرۇمچىدە بىر باتالىيون ۋە بىۋاستە بۆلۈم قالدۇرۇلۇپ، يەنە بىر باتالىيون بىزنىڭ كونا ئىشلەپچىقىرىش بازىمىز بولغان يەنسىخەيگە يۆتكىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 70 كە يېقىن كادىر ۋە جەڭچىلەر ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىسلاھات خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. بىر قىسىم كوماندىرلار ئامانلىقنى ساقلاش خىزمەتلىرىگە ۋە قانۇن ساھەسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەن 6 - كورپۇسنىڭ پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ قۇمۇلغا قايتىش ئالدىدا تۇرغىنىمدا، يۇقۇرىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە پولكنىڭ سەنمۇجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەنلىك ئۇقتۇرۇشىنى ئېلىپ ئۇرۇمچىدە قالدىم.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مىنى ۋە كومىسسار دۇڭ شاڭشىنى ئۇرۇمچى جىگبى سىلىڭبۇسىدىن چىڭ سىجاڭ چاقىرىپ مۇنداق بىر مۇھىم ۋەزىپىنى تاپشۇردى: ئوسماننىڭ ئوغلى شېردىمان بىر قىسىم قالدۇق باندىتلارنى توپلاپ بۇندىن 3 كۈن ئىلگىرى، فۇكاڭ، سەنتەي يايلاقلىرىدىكى چارۋىچى خەلققە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ خەلقنىڭ چارۋا ماللىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. ھازىر 48 - پولكنىڭ قىسىملىرى سەنتەيگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. باندىتلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا بوغدا تېغىنى ئاتلاپ داۋانچىڭ ئارقىلىق نەنسەنگە ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىمالى چوڭراق، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز تولۇق ۋە ئىخچام جابدۇنغان 2 روتىنى دەرھال ئاتلاندۇرۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ باشچىلىقىدا 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن قالماي، داۋانچىڭنىڭ ئۈستىدىكى سارداۋان، ئاقسۇ قاتارلىق 2 داۋاننىڭ جەنۇبىي ئاغزىنى



ئىگەللەپ، دۈشمەننىڭ نەنسەنگە قېچىش يولىنى توسۇشىڭىز لازىم. زۆرۈر نەرسە - كېرەكلەر ئارقىڭىزدىن «ۋىزوگەيگە» (بۇ داۋانچىڭنىڭ شەرقىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان كىچىك بازار) يەتكۈزۈلۈپ بېرىلىدۇ، دېدى.

بىز قايتىپ كېلىپ باندىتلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قاتناشقان تەجرىبىسى بار 290 نەپەر جەڭچى - كوماندىرلارنى تەشكىللەپ، بىرىنچى ئاۋغۇست كۈنى ئۇرۇمچىدىن يۈرۈپ كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا بېرىپ، 2 داۋاننىڭ ئاغزىنى توسىۋالدۇق. 2 - كۈنى تۈن يېرىمىدا باندىت شېردىمانغا قارشى ئوت ئېچىپ، ئاقسۇ داۋىنىدىن ئېشىپ داۋانچىڭ، قۇرۇق تېرەك، مورى، بەيتىك، چىڭگىل، كۆكتوقاي، قارابۇلغۇن، چاركۈتى، مايلى تېغى، فۇكاڭ، ئالغۇي، كۆمۈش قاتارلىق جايلارغىچە قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بەردۇق.

قېرىنداش قىسىملاردىن جاڭ گۇڭخۇ باشچىلىقىدىكى 49 - پولك، پەنخۇللا ۋە چارچىبەك باشچىلىقىدىكى ئالتاي ئاتلىق پولكى قاتارلىق قىسىملار بىلەن بىرلىكتە 8 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بۇ جاپالىق ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، 1952 - يىلى 3 - ئايدا شېردىماننى تەسلىم قىلىپ قىسىملىرىمىز ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى.

40 - پولكنىڭ ئۇرۇمچى ۋە قۇمۇلدىكى بۆلۈملىرى باندىت تازىلاش ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ، يۇقۇرىنىڭ يوليورۇغى بويىچە 2 - 3 - ئاي ئىچىدە ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ ئۇرۇمچىدىن يۆتكىلىپ، پولكىمىزنىڭ دۇنياغا كەلگەن ئەسلى ئورنى سۈيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئاق تۇۋەك دېگەن يەرگە ئورۇنلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

قىسىمدىكى جەڭچى - كوماندىرلار دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى بۇ تەبىئىي سازلىق ۋە قۇمۇشلۇقتا 200 مىڭ مو يەر ۋە 15 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ قېزىش، يەر ئېچىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئاجايىپ ئەمگەك جاسارىتىنى جارى قىلىپ، ئىككى ئايغا قالمىغان ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدى.

1953 - يىلى 5 - ئايدا، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە چوڭ تەرتىپكە سېلىش يۈرگۈزۈلۈپ 40 - پولكتىن بىر قىسىم كوماندىر - جەڭچىلەر دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىگە، بىر قىسىم كوماندىر - جەڭچىلەر ئىچكى مۇداپىئە قىسىملىرىغا، بىر قىسىم جەڭچىلەر تاش يول قۇرۇلۇشىغا تەقسىم قىلىنىپ، قالغان جەڭچىلەر رەھىموپ باشچىلىقىدا كۆكدالا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېخانچىلىق مەيدانىغا يۆتكەلدى.

1 - سۈيدۈك پولكى 1944 - يىلى قۇرۇلغاندىن 1953 - يىلىغا قەدەر 10 يىللىق ئۇزۇن سەپەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ مۇشەققەتلىك جەڭ ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلغان بولسا، شىنجاڭ تىنچ ئازات بولغاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى جاپالىق ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. پايانسىز چۆللەرنى كېزىپ، قىشنىڭ مۇدھىش سوغاقلىرىدىن قورقماي كۈرەش قىلىپ، ئۆز ئۆستىگە ئالغان بانددىتلارنى تازىلاش جەڭگىۋار ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ نۇرغۇن قۇربانلارنى بەردى، ئۇلارنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى چۆل-جەزىرىلەرگە كۆمۈلدى. ئاز بولمىغان يولداشلار ئۇرۇش



جەريانىدا پۇت - قوللىرىدىن ئايرىلىپ مەجرۇھ بولدى. ئۇلارنىڭ پاك ۋىجدانى، قىزىل قانلىرى بىز بېسىپ ئۆتكەن ئەنە شۇ يوللارنى سۇغاردى. ئاخىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە پۈتۈن مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك ئۇلۇغ، شەرەپلىك نام بىلەن ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

لېكىن 4 كىشىلىك گۇرۇھ ئېلىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدەك بالايى - ئاپەت كۈنلەردە، مەزكۇر شانلىق يولنى بېسىپ ئۆتكەن ئاز بولمىغان يولداشلار ھەر خىل بەدنامlar بىلەن ھەر خىل زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، 4 كىشىلىك گۇرۇھ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نامى، شان شەرىپى يەنە ئەسلىگە كېلىپ ئالىغا قاراپ چامدىماقتا، ھەر قايسى ساھەلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇلۇغ كۈرىشىگە تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى قوشماقتا.

1984 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى.

# قانداق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناشقانلىغىم توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە

تۇرغانوۋ ئوسمان

مەن 1944 ـ يىلى ياز ئايلىرىدا گومىنداڭنىڭ پىيادە 38 ـ پولكىدا ئەسكەر بولۇپ كۇرەدە تۇراتتىم.

شۇ يىلى 10 ـ ئاي كۈنلىرىدە بىزنى كۇرە قەلئەسىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ مەشق قىلدۇرىۋاتاتتى، كۈتۈلمىگەن بىر ۋاقىتتا ئالدىمىزدىكى بىنەمىلىك تەرەپتىن 30 ـ 40 چە ئاتلىق كىشىلەر پەيدا بولۇپ بىزگە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالدىن ھولۇققان باشلىقلىرىمىز شۇ ئانلا قايتىشقا بۇيرۇق بەردىدە ئۆزلىرى ئاتقا مىنىپ بەدەر تىكىۋەتتى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قېچىپ كۇرە سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالدۇق. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدىن قۇم قاچىلانغان خالتىلار بىلەن تام قىلىپ توسۇپ ئېتىۋالدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا چىقىش مۇمكىن بولمىدى. ۋەزىيەت بىردىنلا كەسكىنلىشىپ ئەھۋال تامامەن ئۆزگەردى. غۇلجا بىلەن سۆيىدۈڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېلېفون سىملىرى ئۈزۈپ تاشلاندى، ئالاقە ئۈزۈلدى. بۇ ئەھۋالدىن گومىنداڭ ھەربى باشلىقلىرى ئالاقزادە



بولۇپ پاراكەندىچىلىككە چۈشۈپ قالدى. غۇلجا تەرەپتىن يەر ۋە ئاسماننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان زەمبىرەك، مىنا ۋە ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئوق ئاۋازلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئازاتلىق سىگنالى ئىدى.

تاشقىرىدا ۋەزىيەت جىددىيلەشكەنسېرى بىزنىڭ كۈنىمىز ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. ھەربى باشلىقلار بىزگە ئىشەنمەيتتى، بەلكى بىزنى بىرەر پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ قويامسۇن دەپ گۇمانلىنىپ ھەممە جەھەتتىن چىڭ تۇتاتتى، توپلۇشۇپ ئولتۇرۇشىمىزغا، ئۆز ئارا پاراڭ سېلىشىمىزغا يول قويمايتتى، بەزىدە ئارىمىزدىكى قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ھوشيارراق ئادەملەرنى ئوشتۇمتۇتلا «كېچىلىك خىزمەتكە بارىدۇ» دەپ ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى، بۇ ئادەملەر ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيتتى. شۇ كۈنلەردە بىزگە لوموزا (ئورۇسلارنى دىمەكچى) لارنىڭ ئايروپىلانلىرى كېلىپ بومباردىمان قىلسا، يوشۇرۇنىۋالىمىز دەپ سېپىل تۈۋىگە ئورا كولاتقان ئىدى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە ئارىمىزدىن كېچىلىك خىزمەتكە بارىدۇ دەپ ئېلىپ كەتكەنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۆزىمىزگە قازدۇرغان شۇ 2 مېتىردىن چوڭقۇرراق ئورەكلەرگە تاشلىۋەتكەن ئىكەن، مۇنداق شارائىتتا بىزمۇ ئۆز ھاياتىمىزدىن ئەنسىرەشكە باشلىدۇق. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەر بىر ئادەمنىڭ كاللىسىدا بۇ سوئال ئەڭ ئېغىر مەسىلە بولۇپ تۇراتتى. كۇرەنىڭ ئىچىدە قالغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە بۇ يەردە ناھەق ئۆلۈپ تۈگەپ كەتكەندىن كۆرە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ ھايات كەچۈرگىنىمىز مىڭ ياخشى دىگەن ئوي پەيدا بولغان ئىدى.

بولۇپمۇ مەندە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش ئىدىيىسى كۈچلۈك ئىدى. دائىم بۇ مەسىلىدە ئويلاپ پۇرسەت ئىزدەيتتىم، بۇ يەردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرلا يولى سېپىلدىن سىرىلىپ چۈشۈپ قېچىش ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى. بۇ مەقسەتكە يالغۇز يېتىش مۇمكىن ئەمەس، بىر-ئىككى كىشى بىرلەشمىگەندە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايتتى. باشقىلارغا مەسلىھەت سالاي دېسەم، ئېيتىشتىن قورقاتتىم.

بىر كۈنى تۇرسام پولك ئىشتابىدا تۇرىدىغان ئابدۇقادىر ئىسىملىك تەرجىمان ماڭا: «پۇرسەت تاپالىساڭ تېزرەك جېنىڭنى ئېلىپ قاچ» دېگەن سۆزنى قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىز ئەسكەرلىككە بىر ۋاقىتتا تۇتۇلغان ئىدۇق، ئۇ خەنزۇچە سۆز بىلگىنى ئۈچۈن پولك ئىشتابىدا تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن بولغاچقا ئۇ ماڭا ئاغرىنىپ ئالدىن خەۋەر بېرىپ قويغان ئىدى.

1944-يىلى 11-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى پەيجاڭ مېنى چاقىرىپ: بۈگۈن كېچە سائەت 12 دە سېنىڭ بەنىڭ كېچىلىك پوستقا چىقىدۇ، تەييار تۇرۇڭلار! — دېدى. مەن ئۇ چاغدا بىر بەننىڭ بەنجاڭى ئىدىم. خوپ بولىدۇ، دەپ قايتىپ چىقتىم. كۆڭلۈمدە بۈگۈن كېچە پۇرسەت كېلىدىغان بولدى دەپ خۇشال بولۇپ ۋاقىتنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۈم.

ۋاقىت توشتى. قائىدە بويىچە پەيجاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ «بۇيرۇق بويىچە تەييار بولدۇق» دەپ چاس بېرىپ بۇيرۇق كۈتتۈم. پەيجاڭ ماڭا: «ھوشيار بول، ئەسكەرلىرىڭ ئۇخلاپ قالمىسۇن. ھازىر ئەتراپىمىزدا «6 ئوغرى» پەيدا بولۇپ قالدى،



ئەگەر پوستتىن چاتاق چىقىدىغان بولسا بېشىڭ بىلەن جاۋاپ قىلىسەن!» دەپ كېچىلىك بەلگە «تىل» (رۇسچە پروپۇسكا — خەنزۇچە كۇلىڭ دەپ ئاتىلىدۇ) تاپشۇردى ھەمدە پوس ئالماشتۇرۇش بەلگىسىنى بەردى. مەن بىر بەن ئادەمنى باشلاپ سېپىل دەرۋازىسى تەرەپكە بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدىم. كاللامدا قېچىشنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدىم. ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە. ئەتراپىمىزدا تۈەنبۇدىن ئەۋەتىلگەن نازارەتچىلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى. تەرەپ-تەرەپتىن كۈلىڭ دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ئالدىرايتتىم، بىراق يالغۇز ئۆز بېشىمنى ئېلىپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. ئاخىرى قېچىش پىلانىمنى بەندىكى ئەسكەرلەرگە ئېيتتىم. ئۇلار بىر ئېغىزدىن پىكرىمگە قوشۇلدى. «بىزمۇ ئۇزۇندىن مۇشۇ مەقسەتكە كەلگەن ئىدۇق، جەزمەن پىكرىڭىزگە قوشۇلىمىز!» دەپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قەلب ساداسى مېنى خۇشال قىلدى ۋە جىددىيلەشتۈردى. مەن شۇ ئانلا ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ ھاشىم دېگەن جەڭچىگە ھەممەيەننىڭ پۇتقا يۆگەيدىغان گۇجەيلىرىنى يىغىپ بىر تال ئاغامچا ياساشنى تاپشۇردۇم.

ئاغامچا تەييارلاندى. ئادەملەرنى سېپىلدىن چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلدىم. ئۆزەم ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ باشقىلارنىڭ ئاغامچىغا ئېسىلىپ سېپىلدىن چۈشۈشىگە ئوڭۇشلۇق يارىتىپ بەردىم. ھەممە ئادەم چۈشۈپ بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزەم يالغۇز قالدىم. ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى سېپىلنىڭ قوقتىسىغا باغلاپ مىلتىغىمنى بوينۇمغا ئېسىپ ئاغامچا بىلەن سىرىلىپ چۈشۈۋاتسام، ئالدىراشلىقتا مىلتىغىم سېپىل قوقتىسى-

غا كەلىشىپ قىلىپ ئۆزەم ھاۋادا ئېسىلىپ قالدىم. بۇ جىددىي پەيتتە تامغا تىرەپ بىر كۆچەنگەن ئىدىم، مىلتىقىم ئاجراپ چىقتى. بىراق بېشىم سېپىلغا قاتتىق سوقۇلۇپ زەخىملەندى. يەرگە ئىككى مېتىرچە قالغاندا بېشىم ئايلانغاندەك بولۇپ ئاغامچىدىن ئاجراپ يەرگە قاتتىغىراق چۈشۈپ كەتتىم، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى . بىر ئازدىن كېيىن ئوڭشالغاندەك بولۇپ ئېسىمنى تاپتىم، ئۆمىلەپ مېڭىپ مىنى ساقلاپ تۇرغان يولداشلارنىڭ يېنىغا سالامەت يېتىپ بېرىۋالدىم. 20 مىنۇتلاردىن كېيىن سېپىل ئۈستى پاتپاراقچىلىق بولۇپ ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. بىز مېڭىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ سېپىلدىن يىراقلاشتۇق. بىر ۋاقىتتا لەڭگەر ئەتراپىغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى بايقىدۇق. تاڭ سۈزۈلۈپ قىلىۋاتاتتى. بىر ئاز ئارام ئالدۇق. ئارىمىزدىكى مەمتىلى ئىسىملىك بىر جەڭچى ئۆزىنىڭ لەڭگەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ ئاستا ئىشىكنى چەكتى، ئۆيدىن ئۇنىڭ ھەدىسى بىلەن ئېرى چىقىپ بىزنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ قانداق كېلىپ قالغانلىقىمىزنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلار خاتىرجەم بولۇپ تاماق ئېتىپ مېھمان قىلدى. ئۆي ئىگىسى قۇربان ئاكا بىزنى خاتىرجەم قىلىپ: «سىلەر ۋاقتىدا كېلىپسىلەر، ھازىر سۈيدۈڭ ئەتراپىدا پولكوۋنىك موگوتنوۋ، مەخپىي تۆرىنىڭ پارتىزانلىرى بار. ئۇلار سۈيدۈڭ شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىۋالدى. پارتىزان ئىشتاۋى مەھەممەتقۇل ھاجىنىڭ قورۇسىدا. مەن شۇ ئىشتاپتا ئاشپەزلىك قىلىمەن. مەن بېرىپ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى خەۋەر قىلسام ئۇلار چوقۇم سىلەرنى قارشى ئالىدۇ» — دېدى.



تاڭ ئاتتى، ھەر تەرەپتىن ئەزان ئاۋازى چىقىشقا باشلىدى. قۇربان ئاكا بىزنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ ئەتىگەنلىك چېيىمىزنى ئايالىغا تاپشۇردى - دە، ئىشتاپقا كەتتى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن قوروغا قۇربان ئاكا باشلىق بىر نەچچە ھەربىي كىشىلەر كىرىپ كەلدى . ئۇلار پولكوۋنىك موگوتنوۋ، ناچالنىك باۋدۇن، ياسىن خۇدابەردى، ئابدۇرېھىم قاتارلىق باشلىقلار ئىكەن. بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سالام بەردۇق، ئۇلار بىز بىلەن سەممىي ھالدا «باركاللا! ئەزىمەتلەر!» دېيىشىپ بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن پولكوۋنىك موگوتنوۋ بىزگە: «يىگىتلەر، ھەممىڭلار تىزلىڭلار! » دەپ بۇيرۇق بەردى. بىز تىزلىدۇق، ئالدىمىزغا كېلىپ: «سىلەردە قورال يوقمۇ؟ باشلىقىڭلار بارمۇ؟» — دەپ سورىدى. بىز قوراللىرىمىزنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ۋە مېنىڭ بەنجاڭ ئىكەنلىكىمنى ئېيتتۇق. ئاندىن مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ مېھرىۋانلىق بىلەن مۈرەمگە قېقىپ قويىدىدە جەڭچىلەرگە كوماندا بېرىپ كوچىغا ئېلىپ چىقىشنى بۇيرىدى. مەن دەرھال جەڭچىلەرگە قوراللىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئىستىروي بولۇشنى بۇيرۇدۇم، پولكوۋنىك موگوتنوۋ بىزنى باشلاپ كوچىغا قاراپ ماڭدى. بىز كوچىغا چىقىشىمىز بىلەن تەڭ تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلغان كىشىلەر توپى بىزنى چاۋاك چېلىپ قارشى ئېلىشتى، بىز كۆزىمىزگە ئىشەنمىگەن ھالدا يەڭگىل قەدەم تاشلاپ ئىشتاپ قورۇسىغا كىردۇق. قائىدە بويىچە قوللىرىمىزدىكى قوراللىرىمىزنى ئىشتاپقا تاپشۇرۇپ بەردۇق. ئىشتاپ باشلىقى بىزگە بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلغاندىن كېيىن، مالىيە باشقۇرغۇچىنى چاقىرىپ بىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى.

بىز خۇددى يېڭى دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقاندەك ھىس قىلىشىپ ئەتراپىمىزغا زوقلۇنۇپ قارايتتۇق، ئىشتاپ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇلايىم مۇناسىۋەتلىرى، ئەركىن ئازادە ھەركەتلىرى بىزنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن، مالىيە خىزمەتچىسى بىزنى باشلاپ ئازادە - پاكىز ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن تاماقخانىغا باشلاپ بېرىپ (بىز ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالغان) پولو، شورپا، ئاپپاق - يۇمشاق توغاچ ۋە ئالما، نەشۈت، ئۈزۈم ... قاتارلىق تاماق - مىۋىلەر بىلەن كۈتىۋالدى. ئىككىنچى كۈنى بىزگە يېڭى سېرىق رەختتىن تىكىلگەن ھەربىچە كىيىم - كېچەك تارقىتىپ بەردى. بۇ كىيىملەرنى ئېلىپ ئۈستىمىزدىكى گومىنداڭنىڭ كۆلرەڭ بوياق ماتادا تىكىلگەن كىيىملەرنى تاشلاپ، يېڭى ھەربى كىيىملەرنى كىيىشتۇق. شۇندىن باشلاپ ئىشتاپنى خۇددى ئۆز ئائىلىمىزدەك ھىس قىلىشىپ بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا ئىشتاپتىكى ئادەملەر بىلەن خۇددى كونا بۇرادەرلەردەك تونۇشۇپ كەتتۇق. ئىشتاپتىكى ھاياتىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە ئىدى. بىر قانچە ئورۇنغا چوڭ قازانلار ئورنىتىلغان بولۇپ، مىزلىك تاماقلار تەييارلىنىپ تۇراتتى. بورا ئۈستىدە تاغار - تاغارلاپ ئاق توقاچلار يۆلەكلىك تۇراتتى، سىۋەت - سىۋەتلەپ تۈرلۈك مىۋىلەر كەلتۈرۈلۈپ تۇراتتى. جەڭ مەيدانىدىن كەلگەن ياكى يارىدار بولغان جەڭچىلەر ئىنتايىن ياخشى كۈتىۋېلىناتتى، مەيلى جەڭ مەيدانىغا ئاتلانغان جەڭچىلەر بولسۇن، مەيلى جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەن جەڭچىلەر بولسۇن، روھى كەيپىياتى ئۈستۈن ئىدى. بۇ ھال پەقەت ئىشتاپ قورۇسىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەھەللە ئىچىدىكى خەلقىنىڭ تۇرمۇشىمۇ شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك ئىدى. بىز بۇ ئەھۋاللاردىن ئىنتايىن تەسىرلەندۇق. ئىشتاپتىكى بىر نەچچە كۈنلۈك ھايات بىزنىمۇ جەڭگىۋارلاشتۇرغان ئىدى. بىز تەقەززالىق بىلەن پاشلىقنىڭ بۇيرۇق بېرىپ «جەڭگە بېرىڭلار!» دېيىشىنى كۈتەتتۇق، جۈملىدىن مەن كۆرەدىن ساق - سالامەت چىقىپ ئۆزۈمدىن بېرى ئارزۇ قىلغان 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي پارتىزانلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ مەقسىتىمگە يەتكەنلىگىمگە چەكسىز پەخىرلىنەتتىم.

## پولك ئىشتاۋىدا

بىز كېلىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن، خەۋەرچى ماڭا پولك ئىشتاۋىدىن چاقىرتىلغانلىغىمنى ئېيتتى. ئىشتاپقا كىرسەم پولكوۋنىك موگوتنوۋ بىر قانچە باشلىقلار بىلەن ئولتۇرۇشقان ئىكەن، كىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار مېنىڭ سالىمىمنى قوبۇل قىلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئارىدىن بىر باشلىق (تاتار) ئىسمىم فامىلەمنى، گومىنداڭغا قانداق ۋە قاچان ئەسكەر بولغان دىگەنگە ئوخشاش ئەھۋاللارنى سورىدى. مەن سورالغان ئەھۋاللار ئۈستىدە تەپسىلى سۆزلەپ بەردىم.

ئىشتاپ باشلىغى ماڭا: «سىلەرنىڭ كۆرەدىن قېچىپ چىققىنىڭلار ئىنتايىن ياخشى بولدى. سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمىز. سىز بىزگە كۆرەدىكى گومىنداڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟» — دىدى. مەن ئەلۋەتتە سۆزلەپ بېرىمەن دەپ كەسكىن ئېيتتىم. ئىشتاپ باشلىغىنىڭ سورىغان سۇئالى ۋە مېنىڭ بەرگەن جاۋابىم تۆۋەندىكىچە:

— كۆرەدە قانچىلىك ھەربى كۈچ بار ؟
— ھازىر بىر پولك ئەسكەر بار.
— ئۇلار قانداق قوراللار بىلەن قوراللانغان ؟
— ھەر بىر ئەسكەردە بىردىن مىلتىق، بىردىن قىلىچ، ئاۋال گىرانات تارقىتىپ بەرگەن ئىدى، كېيىن يىغىۋېلىپ غۇلجىغا ئېلىپ كەتتى.
— پىلىموت، زەمبىرەكلىرى بارمۇ ؟
— ياق، ئۇنداق نەرسىلەر يوق.
— راستمۇ؟ ئۇنداقتا سىز ئەھۋالنى ياخشى بىلمىسىڭىز كېرەك.
— مەن ئېنىق بىلىمەن، بۇ ھەقتە بېشىم بىلەن جاۋاپ قىلىمەن.
— ئۇنداقتا سېپىلنىڭ تۆشىگىدىن بىر تەرەپكە قارىتىپ قويغان زەمبىرەك بولماي نېمە ؟
— ھە، ئۇ زەمبىرەك ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرى تۆمۈردىن ياسىۋالغان يالغان زەمبىرەك. ئۇنىڭدىن بەش ئورۇندا بار. (مەن كېلىۋاتقان كۈلكەمنى ئارانلا يۇشۇرۇپ جاۋاپ بەردىم. ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىسى ھەقىقەتەن كۈلكىلىك ئىدى).
— يەنە قانداق ئەھۋاللارنى بىلىسىز ؟
— مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم مۇشۇ، باشقىسىنى بىلمەيمەن.
— ئېيتقانلىرىڭىز توغرا بولسا، ياخشى. ئۇنداق بولسا بىز بىر نەچچە كۈن ئىچىدە كۆرەگە ھۇجۇم قىلىمىز. كۆرەدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىزگە ماسلىشىپ گومىنداڭغا قارشىلىق كۆرسىتەلەمدۇ ؟ — مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خوشال بولدۇم ۋە كۆرەدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پارتىزانلار ئەترىتىنى چوقۇم قوللاپ-قۇۋۋەت-



لەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئازاتلىقا تەشنا ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئىشتاپ باشلىقلىرى سۆزۈمنى ئاڭلاپ رازى بولۇشقاندەك قىلىشتى ۋە مېنى «سىز قايتىپ دەم ئېلىڭ» دەپ قايتۇردى. قايتىپ چىققاندىن كېيىن مەن بىلەن بىرگە قوشۇلغان يولداشلارنى بىر-بىرلەپ چاقىرىپ سۆھبەتلەشتى. ئۇلارمۇ مەن ئېيتقان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى دېيىشتى.

بىزنىڭ مەلۇمات بېرىشىمىز پارتىزانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال ئىدى. كېيىن بىز 10 نەپەر كىشىنى ئىشتاپ كاماندانت ئىزۋوتىغا قوشۇپ، مېنى بىر بەنىنىڭ بەنجاڭلىق ۋەزىپىسىگە بەلگىلىدى. بىز جىددى جەڭ تەييارلىقىنى ئېلىپ باردۇق. سۈيدۈڭ، كۆرە، بۇ ئىككى شەھەر بىزنىڭ پارتىزان قىسىملىرىمىز تەرىپىدىن قىسماق شەكلىدە مۇھاسىرىگە ئېلىندى، شەھەرگە كىرىدىغان سۇ يولى توساپ تاشلاندى، ئوزۇق-تۈلۈك، تەمىنات مۇناسىۋەتلىرىمۇ ئۈزۈپ تاشلاندى، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ بېسىپ كىرىش شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلمەكتە، ھەر كۈنى پولك ئىشتاۋىغا تۈركۈم-تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىختىيارى كېلىپ پىدائى بولۇپ تىزىمغا ئالدۇرماقتا ئىدى. 12-ئاينىڭ X كۈنى (قايسى كۈنلىگى ئېسىمدە يوق) پولك ئىشتاۋى سۈيدۈڭلۈك مۆتىۋەرلەر بىلەن گوجاڭگۇدە يوغان باش دىگەن كىشىنى (خەنزۇ) گومىنداڭنى تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىش ئۈچۈن ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. گومىنداڭ ھەربى باشلىقلىرى: «تەسلىم بولمايمىز، بىردىمىز قالغىچە سوقۇشىمىز» دەپ تەسلىم بولۇشقا كۆنمىدى. قوماندانلىق ئىشتاپ سېپىلنىڭ جەنۇبىي تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان بىر شوپاڭخانا ئىچىدىن لەخمە كولاپ گومىنداڭ تۇرۇشلۇق سېپىلنىڭ ئاستىغا 2 توننا

پارتلاتقۇچ دورا كۆمۈپ ئاللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن (گومىنداڭغا ۋەكىل ئەۋەتكەن كۈنى) گېنېرال ئىسھاقبەك يېتىپ كەلدى. پۈتۈن ئەترەت بويىچە كېچە سائەت 2 دە لەڭگەر تەرەپكە 1 كىلومېتىر چېكىنىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلدى. شەھەرگە قارىتىپ مىناميوتلار تىكلەندى. بارلىغىمىز بۇيرۇققا ئاساسەن لەڭگەر تەرەپكە چېكىنىپ بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇردۇق. سائەت دەل 2 بولدى. دىققەت قىلىش بەلگىلىرى بېرىلدى. 2 مىنۇتتىن كېيىن يەر-جاھاننى زىل-زىلىگە كەلتۈرىدىغان پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ سۈيدۈڭسېپىلى پارتلىدى. ئاسماننى قارا تۈتەك قاپلاپ، خۇددى يامغۇردەك شاقىراپ توپا، چالمىلار ئۈستىمىزگە چۈشمەكتە ئىدى. ئومۇمى يۈزلۈك «ئالغا، ئالغا!» دېگەن كوماندا بېرىلدى. بىز «ھۇررا!» سادالىرى ئىچىدە ھەيۋەت بىلەن شەھەرگە بېسىپ كىردۇق. گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ تەسلىم بولدى، بىر قىسىملىرى ئارقا دەرۋازا بىلەن كۈرەگە قاچتى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىق ئەسكەرلىرىمىز قوغلاپ ماڭدى. دېمەك بىر كېچە قاتتىق ئېلىشىش داۋامىدا سۈيدۈڭ شەھىرى ئازات قىلىندى.

ئەتىسى سەھەرلىكتە كۈرەگە ۋەكىل ئەۋەتىلدى ۋە گومىنداڭ قىسىملىرىنى تەسلىم بولۇشقا تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق كۈرە تېزلا ئازات قىلىندى. گومىنداڭ ھەربىيلىرى كۈرەدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى قوراللىسىزلاندۇرۇپ گەزەرمىگە قاماپ قويغان ئىكەن، تەسلىم بولۇشنى خالىمىغان بىر قىسىملىرى سۇمۇل دەرۋازىسى ئارقىلىق دەريا بويى تەرەپكە قېچىپتۇ. بىز، دەرھال دۈشمەن تۈەنبۇسىغا بېسىپ كىردۇق. قارىساق، ئىدارە ئىچى قالايمىقانلاشقان، كارۋاتتا بىر قانچە ئۆلۈكنىڭ ياتقان



لىقىنى كۆردۇق. ئەھۋالدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇلار تۈەنجاڭ، فۇتۈەنجاڭ، سەنمۇجاڭ ۋە ساقچى باشلىقلىرى قاتارلىقلار بولۇپ ئۆزلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈۋالغانلار ئىكەن. گەزەرمە ئىچىگە سولانغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئازات قىلىندى. ئۆز ئىختىيارى بىلەن پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلىمىز دېگەنلەر ئەترەتكە قوبۇل قىلىندى، يۇرتىمىزغا كېتىمىز دېگەنلەرنى يولغا سېلىپ قويدى. دېمەك 1944-يىلى 12-ئاي ئىچىدە، سۈيدۈڭ، كۈرە ۋە چىلپەڭزە قاتارلىق ئورۇنلار گومىنداڭ قولىدىن ئازات قىلىندى.

1945-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى پۈتۈن پارتىزان قىسىملىرى تەشكىلى جەھەتتىن رەتكە سېلىنىپ رەسمى مۇنتىزىم مىللى ئارمىيە قۇرۇلدى. بىزنىڭ قىسمىمىز سۈيدۈڭ 1-پىيادە ئاتقۇچى پولك بولۇپ تەشكىللەندى. پۈتۈن جەڭچى-ئوفىتسېرلارغا يېڭى ھەربى كىيىم ۋە ئۇنۋان بېرىلدى، يېڭى قورال تارقىتىلدى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئارمىيىنىڭ ھەربى ئىنتىزام ۋە ئىشتاپ (نىزامنامە) لىرى ئېلان قىلىندى. بىزنىڭ پولكتىن 10 نەپەر ئوفىتسېرنى تاللاپ چىلپەڭزىدە ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك كۇرسقا ئەۋەتتى. بۇ كۇرستا ئوقۇپ ھەربى تەلىم-تەربىيە ئالغانلار ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم.

1945-يىلنىڭ باشلىرىدا كۇرسنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن سۈيدۈڭ پولكىدا 1-باتاليون 2-لىيەننىڭ 2-پەيگە پەيجاڭ بولدۇم. شۇ يىلى 5-ئايدا بۇيرۇق بويىچە بىزنىڭ پولكىمىز شىخوغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

بىر قانچە كۈن پىيادە يۈرۈش داۋامىدا مايلا تېغىغا يېتىپ كەلدۇق. جەڭچىلەر قورال-ياراق، ئوزۇق-تۈلۈكلىرى-

نى ئۆزلىرى كۆتىرىپ ماڭغانلىقتىن قىيىنچىلىق كۆپەيگەن
ئىدى. دەل شۇنداق قىيىن كۈنلەردە مايلىدىكى قازاق قېرىند-
اشلىرىمىز يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئات، كالا،
تۆگىلىرى بىلەن سەپىرىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە زور مەدەت
بەردى. بىز ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئوتۇغا يېتىپ كەلدۇق.
كەچ بولۇپ قالغان ئىدى، ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يولداشلىرى-
مىز بىر ئاز تاماق يەپ دەم ئالدى. ئەتىسى سەھەرلىكتە
يۈرۈشنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تاغ
ئىچىدىن چىقىپ بىر تۈزلەڭلىككە كەلدۇق. بىر ۋاقىتتا سول
تەرىپىمىزدىكى تاغ ئارىسىدىن ئايروپىلان پەيدا بولۇپ بىزگە ھۇ-
جۇم قىلدى، ئوق ياغدۇرۇپ بومباردىمان قىلدى. تۇرغان ئور-
نىمىز يوشۇرۇنۇشقا قولايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسىملىرىمىزنىڭ
دۈشمەننىڭ ھاۋادىن قىلغان ھۇجۇمىغا بىرىنچى قېتىم دۇچ
كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا قالدۇق. يولداش-
لىرىمىز بولۇپمۇ پىلىموتچىلىرىمىز ئۆرە تۇرۇپ ئىستانوكلىرى-
نى مۈرىسىگە قويۇپ ئايروپىلانغا قارشىلىق كۆرسەتتى. نەتى-
جىدە دۈشمەننىڭ بىر ئايروپىلانى زەخىملەندى، يەنە بىر
ئايروپىلانى شىخو تەرەپكە قاراپ تىكىۋەتتى. جەڭ داۋامىدا
ئون نەپەر جەڭچىمىز يارىدار بولدى، بىر قانچە ئاتلار ئۆل-
دى. بىز سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ چېپەيزىگە يېقىنلاشتۇق. قى-
سىم باشلىقلىرى كوماندىرلارغا دۈشمەن توچكىلىرىنى ۋە ھۇ-
جۇم قىلىش نىشانلىرىنى كۆرسىتىپ ۋەزىپە تاپشۇردى. ۋەزى-
پىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، سەپكە تارالدۇق. تاڭ سەھەر بىلەن
چېپەيزىگە ھۇجۇم قىلىپ بىر سوتكا ئىچىدىلا دۈشمەننىڭ
بىر ئاتلىق پولكىنى تارمار قىلىپ غەلىبە قازاندۇق. بىزنىڭ



لىيەن 5 دانە چوڭ ئىستانكىۋاي پىلىموت، بىر قانچىلىغان يې-
نىك پىلىموت ۋە باشقا قوراللارنى غەنىمەت ئالدى. دىمەك
پۈتۈن قىسىم بويىچە بىر سوتكا داۋام قىلغان بۇ جەڭدە
21 نەپەر ئادىمىمىز قۇربان بولدى، يارىدار بولغانلار 30 نە-
پەر ئىدى. پۈتۈن قىسىم بويىچە ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ،
قۇربان بولغان جەڭچىلىرىمىزنى چېپەيزىدىكى چوڭ كۆۋرۈك
مەيدانىغا دەپنە قىلدۇق ۋە قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ دۈش-
مەن ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىش ئارقىلىق شۇ كۈنى كەچتە
كونا شىخوغا يېتىپ كەلدۇق. پولك كوماندىرى ئىككىنچى باس-
قۇچلۇق ئۇرۇش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋەزىپە تاپشۇردى. ئە-
تىسى تاڭ سەھەر سائەت 5 تە ھۇجۇمغا ئۆتۈش بەلگىسى بې-
رىلدى. بىز ھۇجۇمغا ئۆتتۇق، شىددەتلىك ئۇرۇش باشلاندى. ئۇ-
رۇش ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا: گومىنداڭ ئارمىيىسى مۇداپىئەدە،
بىز دۈشمەن مۇداپىئەسىگە ھۇجۇم قىلغۇچى ئىدۇق. چۈنكى
گومىنداڭنىڭ ھەربى كۈچى بىزدىن بىر قانچە ھەسسە كۆپ
قوراللىرى كۈچلۈك، تەييارلىقى مۇكەممەل ئىدى. شىخونىڭ
تۆت ئەتراپىغا سېلىنغان يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى پوتەيلى-
رى 500 دىن ئاشاتتى، ئاكوپلىرىمۇ پۇختا ئىدى. قىسقىسى
بىزنىڭ ھۇجۇم قىلىدىغان يوللىرىمىزدا ھېچقانداق دالدا بول-
غىدەك نەرسىلەرنى قويمىغان ئىدى. بىز ئۈچۈن شەرت-شارا-
ئىت ئوڭۇشسىز بولسىمۇ، لېكىن جەڭچىلىرىمىز پىداكارلىق روھى
بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتى. بىزنىڭ 1-باتالىيوننىڭ
ئىشغال قىلىش نىشانى بىر ئىگىزلىكتىكى بۇتخانا بولۇپ،
ئەتراپىدا بىر قانچە چوڭ مۇستەھكەم پوتەيلەر ئورۇنلاشتۇرۇل-
غان ئىدى. بۇ نىشان ئەڭ مۇرەككەپ ئورۇنغا جايلاشقان

بولغانلىقتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئەپسىز ۋە خەتەرلىك ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بىر سوتكا جەڭ داۋامىدا 200 دىن ئارتۇغراق جەڭچىلىرىمىز ئېغىر يارىدار بولۇپ سەپتىن چىقتى. يارىدار- لارنى ئارقا سەپكە يۆتكەش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى، ۋاقىتىنچە ئابدۇراخمان باينىڭ خامىنىغا يۆتكەشكە توغرا كەلدى. بىزدە دوختۇر، سېستىرالار كەمچىل بولغانلىقتىن يارىدارلارنىڭ ئەھۋالى قىيىن ئىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ يارىدار يولداشلىرىمىز ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بېرىشىپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ جاراھەتلىرىنى تېڭىشاتتى، ئەھۋال ئىنتايىن جىددى ئىدى. دۈشمەن بىلەن ئارىلىقىمىز بىر كىلومېتىرچە قالغان ئىدى. ئەگەردە دۈشمەن ئومۇمى كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ بىزگە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالسا، يارىدارلىرىمىز ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قېلىشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ھال بىزنى بەكمۇ قايغۇغا سالاتتى. بىز بىر تەرەپتىن يارىدار يولداشلىرىمىزنى مۇھاپىزەت قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلماقتا ئىدۇق. دۈشمەن بىزنىڭ كۈچ جەھەتتىكى مەلۇم ئاجىز نۇقتىمىزنى سېزىۋېلىپ، جەڭنىڭ 2 - كۈنى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىش بىلەن بىزگە 5 دانە يېنىك تانكىنىڭ ھىمايىسىدا بىزگە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. كۆرۈنۈشكە دۈشمەن كۈچى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئىدى. دۈشمەن بىزگە يېقىنلاپ كەلمەك- تە، جەڭنىڭ جىددى ھالقىلىق پەيتى يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم باسقۇچىدا تۇرماقتا، مانا شۇنداق جىددى ئەھۋال ئاستىدا جەڭچىلىرىمىز دۈشمەنگە قاخشاتقۇچ زەربە بەردى. بىزنىڭ بىر جەڭچىمىزگە گەرچە 8 - 10 دىن دۈشمەن ئەسكىرى



توغرا كەلسىمۇ، باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇردى. دۈشمەننىڭ بىر دانە تانكىسىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن ئىلگىرىلەپ ماڭالمىدى. بىز دۈشمەننىڭ تەمتىرەپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قاخشاتقۇچ زەربە بەردۇق. جەڭ جىددى كېتىۋاتماقتا ئىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا گېنېرال ئىشتاۋدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئۇقتۇرۇشتا: «ھازىر بىزنىڭ ئايروپىلانىمىز كېلىدۇ. ئايروپىلانىنىڭ ئاستىدا گومىنداڭ دۆلەت بەلگىسى بار. پۈتۈن جەڭچىلەر ئىككىلەنمەي خاتىرجەم جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك» دېيىلگەن. بىز دەرھال ئۆزىمىز- نىڭ بەلگىلىرىمىزنى يەرگە يېيىپ ئايروپىلانغا بەلگە بەردۇق. چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن جەڭچىلەرگە ئايروپىلان كېلىش بىلەن تەڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش بېرىلدى. بىر ۋاقىتتا يەنىسخەي تەرەپتىن بىر دانە ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ بىزنىڭ فىرونتىمىزنى بىر ئايلىنىپ چىقتى - دە، شىخو شەھىرىنىڭ ئۈستىدە پەسلەپ ئايلىنىشقا باشلىدى. دىگەندەك ئايروپىلان قانىتىدا گومىنداڭنىڭ دۆلەت بەلگىسى بار ئىدى. گومىنداڭ تەرەپلىرى بۇ ئايروپىلان بىزنىڭ دەپ قارشى ئالغان بولسا كېرەك، دەل ئۈستىگە توغرىلاپ بىر نەچچە بومبا تاشلاندى. بىردىنلا شەھەر ئىچىدىن پارتلاش ئاۋازى ياڭرىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا قوماندانلىقتىن «غەلىبە ئۈچۈن ئالغا!» دەپ كوماندا بېرىلدى. فىرونتىمىز بىردىنلا قاينام - تاشقىنلىق جەڭ دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتتى. گومىنداڭنىڭ «ھەيۋەتلىك» تانكا، ئەسكەرلىرى ئۆلە - تىرىلىشى- گە باقماي شەھەر ئىچىگە قاراپ چېكىندى. بىز دۈشمەن ئارقىسىدىن قوغلاپ دۆڭدىكى بۇتخانىنىڭ يېنىغا كەلگەندە،

بىر سازلىققا توغرا كېلىپ قالدۇق. بۇ يەردىن ئۆتۈشتە ئىزىمىزغىچە پاتقاققا پېتىپ ئالغا مېڭىشىمىزغا قىيىنچىلىق تۇغۇلدى. تەرتىپسىز هالدا چېكىنىۋاتقان دۈشمەنلەر بۇتخانا ئەتراپىدىكى پوتەيلەردىن پايدىلىنىپ شىددەتلىك ئوت ئېچىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە دۈشمەن پوتەيلىرىنى ئىشغال قىلمىساق قىسىملىرىمىزنىڭ زور چىقىمغا ئۇچرىشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇشۇ پەيتتە باتالىيون كوماندىرى بۇيرۇق بېرىپ 2 - لىيەندىن مېنىڭ ئىزۋوتۇمنى، 1 - لىيەندىن غوجا قاسىمنىڭ ئىزۋوتىنى، شاۋكەتنىڭ ئاپتومات گۇرۇپپىسىنى ئاجرىتىپ ئالدىمىزدىكى پوتەينى ئىشغال قىلىشقا ۋەزىپە تاپشۇردى. بىز بۇ جەڭگىۋار ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغان هامان هەركەتكە كېلىپ پوتەينى ئىشغال قىلىپ پاچاقلاپ، قىسىملىرىمىزنىڭ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يول ئاچتۇق. بۇ مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنلاش جەريانىدا غوجا قاسىم، شاۋكەت، مۆيدىن قاتارلىقلار شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. ماڭا ئوق تېگىپ يارىدار بولدۇم. ۋەزىپە غەلىبىلىك ئورۇنلاندى. ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە سىگنالى چېلىندى، پۈتۈن فىرونت بويىچە غەلىبە ساداسى بىلەن شىخو شەهرىگە بېسىپ كىرىپ، شىخو خەلقىنى دۈشمەندىن ئۈزۈل - كېسىل ئازات قىلدۇق. شىخو خەلقى خوشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمگەن هالدا بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. شەهەر ئىچىدىن قولغا چۈشكەن تەسلىم بولغان ئەسىرلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ باش قوماندان ئىشتاۋىغا تاپشۇرۇلدى.

هەر بىر لىيەن، پەيلەر بويىچە دۈشمەندىن قولغا چۈشۈرۈلگەن



قورال - ياراقلار يىغىۋېلىنىپ خوجىلىق باشقارمىسىغا تاپشۇرۇلدى. جەڭ داۋامىدا قۇربان بولغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدۇق. شىخو ئازات قىلىنغان كۈنلىرى قۇربان هېيت يېتىپ كەلگەن ئىدى. شىخو خەلقى بىلەن ئارمىيە بىرلىكتە قۇربان هېيتىنى خوشال - خورام ئۆتكۈزدۇق.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ئەسلىمە

قۇربان ئېلى ئوسمانوۋ

ماۋ جۇشى: «جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى» دەپ مۇقىملاشتۇرغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى، 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى (قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى)، نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن تېغىدا رەسمىي باشلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بىرىنچى ئوقنى ئاتتى. شۇ كۈندىن 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە بولغان 28 كۈن ئىچىدە قوراللىق پارتىزان قوشۇنلىرى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئوڭۇشلۇق كۆرەشلەر ئېلىپ بېرىپ، 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلات بىلەن بىرلىشىپ، غۇلجا شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ ئىنقىلاپ ئوتىنى كەڭ - كۆلەمدە تۇتاشتۇردى.

بۇنىڭ كونكرېت تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1944 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نىلقا ناھىيىلىك ساقچىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ئاكا - ئۇكا ئەكبەر بىلەن سىيىت ئىلگىرى - كېيىن



تۈرمىدىن قېچىپ چىقتى. بۇلار ئەكبەرنىڭ ئۇيەر - بۇيەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن يەنە بىر ئىنىسى ناۋان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۈچى مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرى ئەكبەرنىڭ پىكرى بويىچە: «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەمدى بىزگە ھاياتلىق يولى بەرمەيدۇ. قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇپ ئۆلگەندىن، قارشى كۆرەش قىلىپ ئۆلگەن ئەلا! بىر تۈركۈم ئادەم توپلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشكە ئاتلانساق، خەلق چوقۇم قوللايدۇ. چۈنكى: گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە قارىتا يۈرگۈزگەن جەۋر - زۇلمى چېكىدىن ئاشتى، خەلقنىڭ بۇنىڭغا چىداپ تۇرغىدەك ھالى قالمىدى.» دېگەن خۇلاسىغا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە 1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئەكبەر، سىيىت، ناۋان ئۈچى قورال ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسى بىلەن تۇتاشقان چېگرىسى ئىمىنتالغا بارىدۇ. ئۇ يەردە، مۇندىن سەل ئىلگىرى نىلقا ناھىيىسىدە ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنماقچى بولغاندا قېچىپ كەتكەن پاتىھ مۇسلىموۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى: خېمىت، بايچۇرىن، نۇر، ھۇشۇر، ئوسمانلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا پىكىرلىشىش جەريانىدا ئەكبەر ئىنقىلاپ قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. پاتىھ ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئىزلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەكبەرنى ئۈزۈل - كېسىل قوللايدۇ ۋە بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشنى ئورتىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ، ئەكبەرگە: «بۇ يەردە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قولغا ئالماقچى بولغان چاغدا قېچىپ كەلگەن گىرىبىنكو دېگەن ئورۇس بار، ئۇ بىز-

گە ياردەم قىلىپ بەزى ئىشلارنى ئىشلەپ بېرەلەيدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پاتمە، ئەكبەرنى باشلاپ بېرىپ سوۋېتنىڭ ئىيمنتال چېگرىسىدىكى بەزى ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، قورال سېتىپ بېرىش توغرىلىق سۆزلىشىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلار گىرىبىنكو ئارقىلىق بىر ئاتقا بىردانە مىلتىق، 100 تال ئوق سېتىپ بېرىشكە ماقۇل كېلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەكبەر، سىيىت، ناۋان ئۈچى ئات ئېلىپ كېلىپ قورال ئېلىشقا قايتىپ كېتىپ، بىر ھەپتىدەك ۋاقىت ئىچىدە 10 ئات ئېلىپ كېلىپ قورال ئالىدۇ. بۇ ئارىدا پاتمە مۇسلىموۋ باشلىق بەش ئادەمنىڭ بۇندىن ئىككى كۈن ئىلگىرى 5 گېرمانكا، بىر ماۋزىر، 6 يەشىك ئوق ئېلىپ يولغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ-دە دەرھال يولغا چىقىپ نىلقا ئۇلاستايغا يېتىپ كېلىپ، ئۇلاستاينىڭ ئاقسىقال دىگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق مولداجاننىڭ ئۆيىدە پاتمە مۇسلىموۋ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. پاتمە بۇلارنى كۆرۈپ: ئىيمنتالدا ئەكبەرلەرنى بىر نەچچە كۈن كۈتۈپ، كېلىدىغان قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن يولداشلىرىنى باشلاپ يولغا چىققانلىقىنى، يولدا يامغۇر، تۇمانغا دۇچ كېلىپ يول ئاداشقانلىقىنى؛ بۇ جەرياندا گومىنداڭنىڭ قاراۋۇل پونكىتىدىكى ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىقىنى، ئادەملەر بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ نەتىجىدە ئۇلاستايغا ئۆزىنىڭ يالغۇز كەلگەنلىكىنى؛ قورال ئارتىپ يېتەكلەپ ماڭغان ئاتنىڭ سارىبۇلاق تېغى يولىدا غۇلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ھەمدە ئەكبەرگە بىر ماۋزىر تەقدىم قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئەپسۇسلانغان ئەكبەر، سىيىت بىلەن مولداجاننى دەرھال ئىيمنتالغا قورال ئېلىپ كېلىشكە، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىزدىشىپ



بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ قالغان يولداشلارنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ ئۇلارنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتىشنى ئويلىغاندا پاتمە ۋە باشقىلار ماقۇل كۆرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سىيىت بىلەن مولداجان ئىيمنتالغا بېرىپ، يەتتە گېرمانكا، ئون يان قورال، ئونمىڭ تال ئوق ئېلىپ، بايچۇرىن، نۇر، ھوشۇر، ئوسمانلارنى باشلاپ 5 - 6 كۈن ئىچىدە ئۇلاستايغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى پاتمەنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چېگرا قاراۋۇلى پونكىتىدىكى ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان تۇتۇشۇشتا ئايرىلىپ قالغان ھەمراھلىرىدىن بىرى خەمىتنى مولداجان بىلەن ناۋان غۇلجا شەھىرىدىن ئېلىپ چىقىدۇ.

دېمەك، 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۇلاستاي تېغىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلاپ قوزغاشنى مەقسەت قىلغان پاتمە مۇسلىموۋ ۋە ئەكبەر، سىيىت، خەمىت، ناۋان، بايچۇرىن، مولداجان، نۇر، ھوشۇر، ئوسمان قاتارلىق ئادەملەر نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تېغىدا باش قوشۇپ، پاتمە بىلەن ئەكبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوچۇق ۋە كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق يۈرگۈزۈپ خەلقنى ئىنقىلاپقا سەپەرۋەر قىلىش، شۇ ئاساستا پارتىزانلار قوشۇنىنى كېڭەيتىش ۋە قوراللاندۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا كىرىشىدۇ.

بۇ جەرياندا ئەكبەرنىڭ تەكلىۋى، پاتمە مۇسلىموۋنىڭ ماقۇللىشى بىلەن، ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قېچىپ چىقىپ، غۇلجا ناھىيىسىدە ئۇ يەر-بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن غېنىنى ئېلىپ كېلىشكە ناۋاننى غۇلجىغا ئەۋەتىدۇ. بۇلار 3 - 4 كۈن ئىچىدە غېنىنى تېپىپ ئۇلاستايغا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ كۈنلەردە نىلقا ناھىيىسىنىڭ جالىنقول، جارتوغان، كۆكەباي، قارا

سۇ، چۈنجى قاتارلىق يەرلىردىن سىبانبەك، ساتقىنباي، مازاق، نۇرغالى، چىمىت دورجى، ئىسقاقجان، مەدەتبەك قاتارلىق ئادەملەر كەينى-كەينىدىن كېلىپ، پاتمە بىلەن ئەكبەر رەھبەرلىگەندىكى پارتىزانلار قوشۇنىغا قوشۇلۇشقا ۋە ئىنقىلاپچىلارنى قوللاشقا ئىپادە بىلدۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە يار-يۆلەك بولدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پاتمە قولغا ئېلىنمىدىغان بولۇپ قېچىپ كېتىشنىڭ ئالدىدا ئىنقىلاپ قىلىش توغرىلىق مەسلىھەتلىشىپ يۈرگەن ئىۋان باشچىلىغىدىكى بىر بۆلۈم دوستلارمۇ ئىنقىلاپقا قاتنىشىش قارارىغا كېلىپ، پاتمە، ئەكبەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ جىددى تەييارلىققا كىرىشتۇ.

ئۇلاستاي تېغىدا بولىۋاتقان بۇ ئىنقىلاۋى ھەرىكەتتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىلقا ناھىيەسىدىكى ئەمەلدارلىرى قاتتىق چۆچۈگەنلىكتىن يۇقۇرىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ھەربىي كۈچ ۋە باشقا جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ناھىيەگە سۇنجاڭدىن يۇقۇرى ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلار ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىنقىلاپچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىشىنى توسماقچى بولدۇ. بۇلاردىن ناھىيەگە چاقىرىپ كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆز بېشىدىن قورقۇپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ گەپ-سۆزىگە كۆرۈنۈشتە «ماقۇل» دەپ ئەمەلى ھەرىكەت قىلىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان بولسا، يەنە بىر قىسمى بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتتۇ. قاناتبەك ... قاتارلىق بىر قانچىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بىر بۇرۇندىن نەپەس ئېلىپ، ئىنقىلاپچىلارنى باستۇرۇش توغرىسىدا ئاكتىپ مەسلىھەتلەر كۆرسەتتۇ. خەلققە: «ھازىر ئۇلاستايدا ئالتە ئوغرى پەيدا بولۇپ، ھۆكۈمەتكە قارشى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماقچى بولىۋاتىدۇ. كىمىكى ئۇلارغا قوشۇلسا ئۇنىڭ بېشى ئېلىنىشتىن تاشقىرى ئائىلىسىدىكىلەر، ئۇرۇق-تۇققانلىرىمۇ ساق قالمايدۇ ...» دەپ تەھدىت سالدۇ. (كېيىنرەك بۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ قىسمى ئىنقىلاپقا قاتنىشىپ كەتتى). گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىلقا ناھىيەسىدىكى ئەمەلدارلىرى يۇقۇرىدىكى ئىشلارنى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز قولىدا بار قوراللىق كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، بۇلارغا خەلق ئىچىدىكى ئۆزلىرى ئىشەنچە قىلالىغان ئايرىم مەرگەنلەرنى قوشۇپ ئۇلاستايغا ئەۋەتىپ، ئۇلاستاينىڭ ئاقىمساڭ دىگەن يېرىگە جايلاشقان پاتمە، ئەكبەر باشلىق ئىنقىلاپچىلارنى قورشاپ يوقىتىشنى مەسلىھەتلەشتۇ. مەسلىھەت ئاخىرىدا: رىن دۇسا باشچىلىغىدىكى 30 ئەسكەر ئوقاس ماماپاڭ بىلەن جانىبى گەسكۈنىڭ يول باشلىشىدا ئۇلاستاي ئېغىزىدىن، نۇرساپا قاتارلىقلارنىڭ يول باشلىشى ۋە يار-يۆلەك بولۇشىدا ماڭغان 20 ئەسكەر كۆكەباي، ئېرمۇدىندىن؛ مەتكېرىم، شىڭ-شىڭ قاتارلىقلارنىڭ يول باشلىشى ۋە يار-يۆلەك بولۇشىدا ماڭغان 20 ئەسكەر جاسىل كۆل، چىپار ئارچادىن كىرىپ پاتمە، ئەكبەر باشلىق ئىنقىلاپچىلارنى قورشاپ، ئوجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا: ئوبۇلخەيىر تۆرە، يۇسۇپخان، ئىسھاق، باۋدۇن خەلپەت، دارجا گەسكۇ قاتارلىق بىر قانچە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى نەزەربەنت قىلىپ، كۈندۈزى خەلققە قارىتا ئۆزلىرى ئۈچۈن تەشۋىقات قىلدۇرۇش ۋە خەلقتە «قولغا ئاپتۇ» دەيدىغان گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قورچاق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئەركىن يۈرگەندەك كۆرۈنۈش پەيدا قىلىپ، كېچىسى «ئامانلىغىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمىز» دەپ قورچاق ناھىيىلىك ساقچىدا تۇتۇپ تۇردۇ.

ئىنقىلابچىلار بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىد-
دىيەت كەسكىنلىشىپ مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن بىر پەيتتە،
يەنى 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېچىسى گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئى-
گەللەپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن ماناپقان، ئۇلاستاي تاغ ئېغىزى-
غا كەلگەندە سېيىت بىلەن خەمىتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ.
ئۇلار ماناپقاننى دەرھال قوماندانلىق ئىشتابىغا ئېلىپ بارغاندا
ئىشتاپتا پاتىخ بىلەن ئەكبەر سوراق قىلىدۇ. سوراقتا ماناپقان
يوۋاشلىق بىلەن: ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپى-
دىن ئەھۋال ئىگەللەپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەنلىكىنى، بىر - ئىك-
كى كۈنگە قالماي ناھىيىدىن ئىنقىلابچىلارنى ئۈچ تەرەپتىن
قورشاپ يوقىتىشقا ئەسكەر كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ خىزمەت
كۆرسىتىپ، گۇناھىنى يۇيۇشقا ئىمكانىيەت بېرىلىشىنى ئۆتۈنۈپ
سورايدۇ.

پاتىخ بىلەن ئەكبەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىن-
قىلابچىلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش مەقسىتىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى
ھەققىدە ئېنىقچىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، دەر-
ھال (10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېچىسىلا) قوماندانلىق ئىشتابىنى
ئاقچىساكدىن ئاراش تەكچىسىگە كۆچۈردى. پارتىزانلارنىڭ ئا-
ساسلىق كۈچىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇلاستاي تې-
غىنىڭ ئاغزىدىن كىرگۈزىدىغان ئەسكەرلىرىنى يوقىتىشقا؛ يې-
قىن ئەتراپتىكى خەلقلەرنى ئىنقىلاۋى قوشۇنغا مەدەت ۋە
ياردەم بېرىشكە تەشكىللەشتۈردى. مۇشۇ ئاساستا ئەكسىيەتچى-
لەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى. 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى



(قۇربان ھېيتنىڭ 1 - كۈنى) ئەتىگەنلىك تاماقتىن سەل
كېيىنرەك گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زىن دۇسا باشچىلى-
قىدىكى 30 ئەسكىرى ئۇلاستاي تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى.
يوشۇرۇنغان پارتىزانلار ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئوق چىقاردى.
قۇربان ھېيت نامىزىغا توپلانغان خەلق دالىداقاپ تۇرغان
يېرىدىن چۇقان سېلىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدىغاندەك
ئەلپاز كۆرسەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرەپتىن زىن
دۇسا ئوق تېگىپ ئېغىر جاراھەتلەندى، كېيىن جاھىللىق
بىلەن قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېتىپ تاشلاندى، قالغىنى
ھودۇقۇپ چېكىنىشكە باشلىدى، بىر ئاز سوقۇش بولغاندىن
كېيىن دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن ئىككىسى تىرىك قولغا چۈش-
تى، بىر نەچچىسى ئوقتا يەم بولدى، قالغانلىرى قېچىپ
كەتتى. دېمەك: پاتىخ، ئەكبەر باشچىلىقىدىكى ئىلقا ئىنقىلاپ-
چىلىرى قوشۇنى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئارىسىدا
بولغان تۇنجى سوقۇش ئىنقىلابچىلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئا-
خىرلىشىپ، 13 دانە مىلتىق، بىر مۇنچە ئوق غەنىمەت ئېلىن-
دى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئوتى تۇتۇشۇپ
ئىنقىلاۋى قوشۇننىڭ ھەيۋىسى ئۆستى، خەلق ئاممىسىنىڭ
ئىنقىلابقا بولغان ئىشەنچىسى كۈچەيدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇلاستاي تېغى ئاغزىدىن
كىرگۈزۈشكە ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى يوقۇرقىدەك تارمار كەل-
تۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ خەۋەر ئۇلارنىڭ: كۆكەباي، ئېرمۇدىن
ۋە يېشىل كۆل، چىبار ئارچا تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئەسكەر-
لىرىگە يېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۇلاستاي تېغىغا كۆكەباي، ئېرمۇ-
دىن ئارقىلىق كىرمەكچى بولغانلىرى ناھىيىگە، يېشىل كۆل،

چىبار ئارچا ئارقىلىق كىرمەكچى بولغانلىرى مازارغا چېكىنىدى، دىمەك، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ پاتىھ، ئەكبەر باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلارنى 3 تەرەپتىن قورشاپ ئوجۇقتۇرۇۋېتىش پىلانى بىت ـ چىت بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن پاتىھ بىلەن ئەكبەر سەپداشلىرىدىن خەمىت، سىيىت، ئىمىۋان، غېنى قاتارلىقلار بىلەن پىكىرلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى نىلقىغا ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى هۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قورچاق ناھىيىلىك هۆكۈمەت ۋە باشقا ئورگانلىرىنى تارمار قىلىش قارارىغا كەلدى. قارارغا ئاساسەن نىلقا شەھىرىگە هۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقى سۈپىتىدە: خەلقنى كەڭ ـ كۆلەمدە ئىنقىلاپقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش، قوراللىنىشنى جىددىيلەشتۈرۈش، ئاساسىي كۈچنى مازار بىلەن سۇۋۇتايغا قارىتىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مازاردىكى يېڭى قۇرغان ئەسكىرىي پونكىتىنى يوقىتىش؛ مازار، ئاچال ئارقىلىق نىلقىغا ياردامگە يۆتكەيدىغان ئەسكەرلىرىنى توساش، تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش قاتارلىق ئىشلارنى نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن پاتىھ باش ئىشتابتا تۇرۇپ ئومۇمىي يېتەكچىلىك قىلىشقا، ئەكبەر بىلەن خەمىت پاتىھنىڭ ئورۇنباسارلىرى سۈپىتىدە كونكرېت ئىشلارغا، سوقۇش مەيدانلىرىدا قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل بولدى. ئەكبەر بۇ ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پاتىھنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ سىبانبەك باشچىلىقىدا 20 ئادەمنى ئىمىنتالدىن قورال ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئەكبەر ئۆزى پارتىزانلارنى باشلاپ



سۇۋۇتايغا، ئاندىن مازارغا كەلدى. بۇ يەرلەردە مەنسۇر، ئاقموللا قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ خەلقنى ئىنقىلاپقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مازاردا يېڭى قۇرغان ئەسكىرىي پونكىتىغا هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پارتىزانلارنى 3كە بۆلۈپ، ئۆزى (ئەكبەر)، سىيىت باشلىق بىر تۈركۈم ئادەمنى مازارغا كىرىپ هۇجۇم قىلىشقا، غېنى، ناۋان باشلىق بىر تۈركۈم ئادەمنى مازارنىڭ ئاياق تەرىپىگە ئۆتۈپ توساش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە، قالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى نىلقا تەرەپتىن قورشاشقا مەسئۇل قىلدى. غېنى بىلەن ناۋان باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار بەلگىلەنگەن يەرگە بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن مىلتىق ئېتىپ بەلگە بەرگەندە هۇجۇم باشلىنىدىغان بولدى. پارتىزانلار مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە كېچىلەپ ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشتى. ئەكبەر بىلەن سىيىت پۇختا تەييارلىنىپ پەم بىلەن مازارغا كىرىپ غېنى بىلەن ناۋان تەرەپتىن بېرىلىدىغان بەلگىنى كۈتتى. بەلگە مۆلچەرلەنگەن ۋاقىتتا بېرىلمەي تاڭ ئېتىپ قالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مازاردىكى ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنى سۇغۇرۇشقا ئېلىپ چىققاندا، ئەكبەر هۇجۇمنى باشلىماي مۇمكىن بولمىدى دەپ ئۇرۇشنى باشلىدى. 3 ئات يىقىلدى، قالغان ئاتلار ئۇياق ـ بۇياققا پىتىراپ قاچتى. شۇنىڭ بىلەن سوقۇش بىركۈن داۋام قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا گومىنداڭنىڭ 40 قا يېقىن ئەسكىرىدىن 15 ـ 16سى ئۆلدى، قالغانلىرى جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پىتىراپ قېچىپ كەتتى. بىر قانچە مىلتىق، ئوق ـ دورا غەنىمەت ئېلىندى.

سوقۇش ئەمدىلا ئاياقلاشقان چاغدا، گومىنداڭنىڭ مازاردىكى ئەسكەرلىرىگە غۇلجىدىن ياردەمگە ئەۋەتكەن 7 ماشىنا ئەسكىرى قىزىل داۋانغا كەلگەندە مازار پونكىتىنىڭ تارمار قىلىنغانلىقىنى بىلىپ، مازارغا قارىتىپ پىلىموتتىن ئوق ياغدۇردى. قارشى تەرەپتىن ئەكبەر بىلەن سېيىت ۋە ئۇلارنىڭ سەپداشلىرى ئوق بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. سوقۇش مۇشۇ خىلدا بىر ئاز داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئەكبەر ئەكسىيەتچىلەر پىلىموتىنى ئۇجۇقتۇرمىغىچە ئىلگىرىلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، سېيىتنى ئارقىدا ئۆتۈپ پىلىموتنىڭ ئۈنىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا بۇيرىدى. سېيىت چەبدەسلىك ۋە قەھرىمانلىق بىلەن تېز ھەرىكەتلىنىپ، ۋەزىپىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلىدى. ئەكبەر بۇ ئوبدان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پارتىزانلارنى باشلاپ دەرھال ئىلگىرىلىدى ۋە ھۇجۇمغا ئۆتتى. غېنىي، ناۋان باشچىلىقىدىكى پارتىزانلارمۇ ماسلىشىپ ھەرىكەتلەندى. قورشاۋ خەۋپى ئىچىدە قالغان دۈشمەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دىمەك، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ پارتىزانلارنى يوقىتىدىغان تايانچىلىرىنىڭ بىرسى بولغان مازاردىكى پونكىتى تارمار كەلتۈرۈلدى، ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ دەككىسىنى يەپ چېكىندى.

پارتىزانلار ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قورالى، جۈملىدىن قوراللارنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ قورالدىن پايدىلىنىشى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، مۇنتىزىملىشىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نەچچە ھەسسىلىگەن زور كۈچ بىلەن ئارقا ۋە ياندىن ھۇجۇم



قىلىش تەھدىتى ھامان بەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پارتىزانلار ئالاھىدە سەگەكلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەھۋالنى كۈزىتىپ، ئۆز كۈچىنىڭ بىر قىسمىنى مازارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر قىسمىنى ئۇلاستاي تەرەپكە يۈزلەندۈردى.

مۇشۇ پەيتتە، ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيەت جېنىغا تېگىپ تېخىمۇ غالجىرلاشقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىلىغا كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكەشكە كىرىشتى. دەسلەپكى بىر قېتىمدا غۇلجىدىن ئىلىغا يۆتكەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن 300دىن ئارتۇغراقى قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ مازاردىن ئۆتۈپ چوڭ قاراسۇغا كەلدى ۋە شۇ يەردىكى چىلىك باۋ بىلەن خې جىنىنىڭ قوراسىغا بۆلۈنۈپ ئورۇنلاشتى. بۇ جەرياندا پارتىزانلار ئەكبەر بىلەن خەمىتنىڭ رەھبەرلىكىدە قارشى ئوق ئېتىپ بىر ئاز ئۇرۇش قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئورنىدىن قوزغىيالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەر بىلەن خەمىت مەسلىھەتلىشىپ سوقۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ قوراللىق كۈچلەرنى كۈن پاتقاندىن كېيىن، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قورۇق قورا تاملىرىغا يوشۇرۇپ، دۈشمەن ئۆتكەن چاغدا ئوقنى زايە كەتكۈزمەي چەللەپ ئېتىشقا ئورۇنلاشتۇردى. سېيىت، ماناپقان، كېرىمباي ئۈچىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى ئورۇنلاشقان چىلىك باۋ بىلەن خې جىنىنىڭ قوراسى ئارىلىقىدىن ۋە يۇقۇرى – تۆۋەن تەرەپلىرىدىن تاڭ ئالدىدا بىر نەچچە پاي ئوق چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قورا ئارىلىقىدىكى بېسىپ قويۇلغان بىدە، چۆپكە كىرىسىن چېچىپ ئوت قويۇش ۋەزىپىسىنى؛ بىر بۆلۈم پارتىزانلار بىلەن بىر بۆلۈم خەلق ئاممىسىنى قولىغا تاياق،

تۇقماق ئېلىپ ئوق چىقىشى بىلەن تەڭ دۈشمەنلەرنىڭ ئىككى يېنى ۋە ئارقا تەرىپىدىن چۇقان سېلىشقا تەشكىللىدى.

بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلاستاي تېغىنىڭ ئاراش تەكچىسىدىكى قوماندانلىق ئىشتابتا تۇرۇشلۇق پاتىھ مۇسلىموۋقا ئادەم ئەۋەتتى.

تاڭ ئالدىدا سىپىتلار تەرەپتىن 5—6 پاي ئوق ئېتىلدى، ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى، چۇقان ياڭرىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھودۇقۇپ مازارغا قاراپ چېكىنمەكچى بولۇپ يولغا چىقىشى بىلەن ئۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان پارتىزانلارنىڭ ئوقىغا دۈچ كېلىپ بىر قانچىسى يىقىلدى، بىر قانچىسى يارىدار بولدى. دۈشمەن مازارغا قاراپ قاچتى. پارتىزانلار كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كەينىدىن خېلى يەرگىچە قوغلاپ زەربە بەردى. سوقۇش جەريانىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن 7 — 8 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، 7 — 8 مىلتىق، 8 ئات غەنىمەت ئېلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نىلقا شەھىرىگە ئەسكەر كىرگۈزۈش ئىمكانىيەتلىرىنى چەكلەش ئۈچۈن مازار، ئاچال قاتارلىق يەرلەردە 3 — 4 قېتىم كىچىكرەك چەكلەش خاراكتېرىدىكى سوقۇشلار بولۇپ تۇردى. شۇ ئارىلىقتا، يەنى 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېچىسى ئىيىنتالغا قورال ئېلىشقا كەتكەن سىپابەك باشلىق 20 ئادەم 20 مىلتىق، ئونمىڭ تال ئوق ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچىلار 80 — 90 دەك قورالغا ئىگە بولدى.

بۇنىڭدىن كېيىن، پاتىھ بىلەن ئەكبەر مەسلىھەتلىشىپ،



پەيتنى قولدىن بەرمەي نىلقا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك دېگەن قارارغا كەلدى ۋە سەبداشلىرىنىڭ ماقۇللىغىنى ئېلىپ جىددى تەييارلىققا كىرىشتى. تەييارلىق جەريانىدا نىلقا شەھىرىگە 3 تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ 3 ئەترەتكە بۆلۈندى. غېنى، نۇر، سىبسانبەك يېتەكچىلىكىدىكى ئەترەت كېلەڭنى بېسىپ ئۆتۈپ تاش كۆۋرۈك ئارقىلىق؛ ئەكبەر، سىيىت رەھبەرلىكىدىكى ئەترەت تۆرلۈك مەھەللىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ چاغان ئامبى ئارقىلىق؛ خەمىت، ئىۋان رەھبەرلىكىدىكى ئەترەت غەرپ تەرەپتىن كونا بازار ئارقىلىق كىرىدىغان ۋە بۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتكەن جايلارنىڭ خەلقى قوشۇلۇپ، سىرتتىن چۇقان سېلىپ مەدەت بېرىدىغان بولدى.

يۇقۇرقى ئورۇنلاشتۇرۇشلاردىن كېيىن 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېچىسى 500 ئەتراپىدىكى پارتىزان تەرەپ - تەرەپتىن يولغا چىقىپ، 21 - كۈنى تاڭ سەھەردە 6 — 7 يۈزدىن كۆپرەك خەلق ئاممىسىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىپ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا نىلقا شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ يەردىكى ئەسكىرىي كۈچى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، بىر قەدەر مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرىغا تايىنىپ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇرۇش بىر سوتكىغا يېقىن داۋام قىلدى. پارتىزانلار قورچاق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنى ئىشغال قىلدى. قورچاق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باشلىغى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قورچاق ناھىيىلىك ساقچىغا كىرىۋالدى. پارتىزانلار ئەكبەر بىلەن خەمىتنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قورچاق ناھىيىلىك

ساقچىغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ساقچى قورۇسىنىڭ قورۇق تاملىرى 5 مېتىرچە ئېگىز بولۇپ 15 مېتىرچە ئېگىزلىكتە 2 پوتەي قۇرۇلغان ئىكەن. ئۇلار بۇ پوتەيلەردىن ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ياغدۇرۇپ بوي بەرمىدى. بۇنداق جىددى شارائىتتا خەمىت بىر ئېچچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، قورچاق ناھىيىلىك ساقچىنىڭ ئالدىدىكى پوتەي تۈۋىگە ئۆمىلەپ بېرىپ، پوتەي بىلەن يانداش دەرۋازىغا كىرىسىن چېچىپ ئوت قويدى. لېكىن، دەرۋازا ئىچكى تەرەپتىن قۇم خالتىلىرى بىلەن بەكىتىلگەنلىكتىن ئوت ئانچە راۋاج تاپالمىدى. خەمىت ئۆزلىرىگە يېقىن چۈشكەن 2 گىراناتنى پارتلاش ئالدىدا ئېلىپ قايتۇرۇپ ساقچى قورۇسىغا ئاتتى. 3 - قېتىم چۈشكەن گىراناتنى ئېلىپ قايتۇرۇپ ئاتىدىغان چاغدا گىرانات پارتلاپ كېتىپ ئېغىر جاراھەتلەندى. يولداشلىرى ئۇنى قورۇنىڭ كەينى بىلەن ئىشتاپقا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالغا ئەكبەر ۋە باشقا سەبداشلىرى قاتتىق ئېچىندى ۋە ئۇنىڭ بىخەتەررەك يەردە تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلاستاي تېغىدىكى باش ئىشتاپقا — پاتىھ يېنىغا يولغا سالدى. (بەختكە قارشى خەمىت 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋاپات بولدى).

ئاندىن ئەكبەر، سىيىت، غېنى، ئىۋان قاتارلىق باشلىقلار باش قوشۇپ قورچاق ناھىيىلىك ساقچىنى قانداق ئېلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتى. نەتىجىدە بىرلىككە كەلگەن پىكىر بويىچە كېچە قاراڭغۇلۇقىنى قولدىن بەرمەي، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر قورۇدىن يەنە بىر قوروغا تېشىپ ئۆتۈپ قورچاق ناھىيىلىك ساقچى بىلەن تۇتاشقان كۆلۈپقا ئوق ياغدۇردى. كۆلۈپتىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق



بېرەلمەي ساقچىغا چېكىندى. غەيرەتكە كەلگەن پارتىزانلار بىر ھۇجۇم بىلەن ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى ۋە ساقچىنىڭ كوچا تەرەپتىكى پوتەيى پاچاقلاپ تاشلاندى. ئارقا تەرەپتىكى پوتەيدە تۇرغان ئەكسىيەتچىلەر ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولدى. قورچاق شەنجاڭ، ساقچى ۋە سوت باشلىقلىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئوبۇلخەير تۆرە، يۇسۇپخان، ئىسھاق، ئوسمان، باۋدۇن خەلپەت، دارجا گەسكۇ قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى قۇتقۇزۇۋېلىندى. ئىنقىلاپقا قارشىلىق كۆرسەتكەن قانائىتبەك خەلق ئالدىدا ئېتىپ تاشلاندى. دېمەك، 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نىلقا شەھىرى پارتىزانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. پارتىزانلار خېلى نۇرغۇن مىلتىق، ئوق، دورا قاتارلىق غەنىمەتلەرگە ئېگە بولدى، نەتىجىدە پارتىزانلار سانى ۋە قورال - يارىغى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. ئىنقىلاۋىي ئىرادىسى مۇستەھكەملىنىپ غەيرىتى ئاشتى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاپقا بولغان ئىشەنچى ئېشىپ تۇركۈملەپ، كېلىپ پارتىزانلارغا قوشۇلدى. شۇ كۈنلەردە ئۇلاستايدىكى باش ئىشتاپتىن — پاتىھ مۇسلىمۇۋدىن: «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەخمىنەن بىر پولك ئەسكىرى تاشداۋانغا يېقىنلاشتى» دېگەن خەۋەر كەلدى. (ئەمەلىيەتتە بىر پولك ئەمەس، 5 - 6 يۈزدەك ئادەم). ئەكبەر، سىيىت، غېنى، ئىۋان قاتارلىقلار مەسلىھەتلىشىپ پارتىزانلارنى باشلاپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توساپ سوقۇشۇشقا ئاتلاندى. بۇلار تاشداۋانغا كېلىپ ئۇ يەردە يوشۇرۇنغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئورنىدىن قوزغاپ چېكىن

دۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتقان ئەكبەر يېڭى تاكتىكا قوللىنىپ دۈشمەنگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش، ئۇلار جاۋابەن ئوق ياندۇرغان چاغدا بىر نەچچىگە بۆلۈنۈپ ئۇلاستاي تېغىغا قاچقان ھالەت كۆرسىتىپ، جىرا - جىرالارغا مۆكۈنىۋېلىش؛ دۈشمەن ئورنىدىن قوزغىلىپ قوغلىغاندا ياكى نىلقىغا قاراپ يولغا چىققاندا: ئەۋان باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈم پارتىزانلار ئالدى تەرەپتىن؛ غېنى باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار سازلىقنىڭ تاغ تەرىپىدىن؛ ئەكبەر، سىيىتلەر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىشنى ئورتىغا قويدى. مۇشۇ تاكتىكا بويىچە ئىش كۆرۈپ پارتىزانلار قاچقانلىق ھالەت كۆرسەتكەندە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى دەرھال ئورنىدىن قوزغىلىپ قوغلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر ئازدىن كېيىن ئەتراپنى بولۇپمۇ يولنى بايقاپ كۆرۈپ نىلقا شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا پارتىزانلار يۇقۇرقى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ھۇجۇم قوزغىدى. دۈشمەن گاڭگىراپ قاش دەرياسى تەرەپكە چېكىنىپ قاچتى، بۇ جەرياندا بىرمۇنچە دۈشمەن يوقىتىلدى. بىرمۇنچىسى دەريادىن ئۆتۈپ چۈنجى، ئاقتۇبەك قاتارلىق يەرلەر بىلەن قاچتى. بىرمۇنچىسى قوراللىرىنى دەرياغا تاشلاپ توقايلىققا مۆكۈنىۋالدى. بۇنىداقلاردىن بەزىلىرى خەلق قولىغا چۈشتى، بەزىلىرىنىڭ سۇدا ئېقىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. دېمەك پارتىزانلار بۇ قېتىمقى سوقۇشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بەردى ۋە بىر قىسىم قورال - ياراق، ئوق - دورا غەنىمەت ئالدى.

بۇ چاغدا باش ئىشتاب، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ



نىلقا شەھىرىنى قايتۇرۇۋېلىش؛ شۇ ئاساستا ئۇلاستايغا ھۇجۇم قىلىپ باش ئىشتابنى ۋە پارتىزانلارنى تارمار قىلىۋېتىش ئۈچۈن نىلقىغا مازار، سۇپتاي ئارقىلىق بىر پولك، باسلىگەن ئارقىلىق بىر پولك؛ تۆتە داۋىنىدىن ئاشۇرۇپ قاراتۆبە ئارقىلىق بىر پولك جەمئىي ئۈچ پولك ئەسكەر ئەۋەتمەكچى بولۇپ، جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. خەۋەرگە ئاساسەن رەھبەرلەر ئىلگىرىكى ئۈچ ئەترەتنى ھەر جەھەتتىن تولۇقلاپ، غېنى يېتەكچىلىكىدىكى ئەترەتنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۆتە داۋان، قاراتۆبە ئارقىلىق كېلىدىغان پولكىنى توساشقا؛ ئەۋان يېتەكچىلىكىدىكى ئەترەتنى مازار ۋە ئاچال ئارقىلىق كېلىدىغان پولكنى توساشقا؛ سىيىت يېتەكچىلىكىدىكى ئەترەتنى باسلىگەندىن كېلىدىغان پولكنى توساشقا مەسئۇل قىلدى. پاتىھ ئۇلاستايدىكى باش ئىشتابتا تۇرۇپ ئومۇمىي يۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىدىغان؛ ئوسمان مەمۇرى - ئارقا سەپ بويىچە پاتىھقا ياردەمچى بولۇپ نىلقا شەھىرىدە تۇرۇپ ئىشلەيدىغان؛ ئەكبەر قوراللىق قوشۇنلارغا كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى سوقۇش ئېلىپ بارىدىغان بولدى.

ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ھەر بىر ئەترەت ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا كىرىشتى. ئەكبەر ئورالبايىنى ھەمراھلىققا ئېلىپ ئاچالغا كەلدى، بۇنىڭدىن بىر ئاز ئىلگىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاچال ئارقىلىق كېلىدىغان ئەسكەرلىرىنى توساشقا ئابدىلدا بىلەن باياردانىنى باش قىلىپ 18 ئادەم ئەۋەتكەن ئىدى، ئابدىلدا ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا نەپسى يامانلىق قىلىپ، ئۆگۈگدىكى جاڭفۇ دېگەن باي دېخاننىڭ

مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ بۆربوسۇنغا ئەكىلىۋالغان ئىكەن. ئەكبەر
بۇ مەسىلە ھەققىدە ئالدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر
تەرەپتىن ئاچالنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ۋەـ
زىپە ئۆتەۋاتقان يولداشلارنى قايتۇرۇپ كېلىش، شۇنىڭدەك
ئاما ئارىسىدىكى كۆڭلى يېقىن ئادەملەرگە سەگەكلىك بىلەن
ئەھۋال كۆزىتىپ، بىرەر ئەھۋال كۆرۈلسە خەۋەر قىلىشنى
ئورۇنلاشتۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئابدىلدانىڭ مەسىلىسىنى
ئىنقىلاب خەلق ئالدىدا بىر تەرەپ قىلىش، شۇ ئارقىلىق
ئابدىلدانىڭ خەلقتە قالدۇرغان يامان تەسىرىنى يۇيۇپ، خەلق
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئەكبەر ئاچالغا كېلىشى بىلەنلا ئابدىلدانىڭ
مەسىلىسىنى خەلقتىن ئىنقىلاب راستلىقىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن
كېيىن، ئابدىلدانى دەرھال قورالسىزلاندۇردى. بۇلاپ ئالغان
نەرسە ـ كېرەكلەرنى خەلق ئالدىدا جاكىلاپ قايتۇرۇپ بەردى.
شۇ ئاساستا ئابدىلدانى خەلق ئالدىدا قاتتىق ئېيىپلاپ ئېتىپ تاشلىـ
ماقچى بولدى. ئابدىلدا قىلمىشىغا قاتتىق تۆۋە قىلىپ: جاكىـ
لىدىن، خەلقتىن ئەپۇ سورىدى. ئەكبەرگە: «ئاتما، گۇنايىمنى
سۇقۇش جەريانىدا خىزمەت كۆرسىتىپ ئاقلايمەن» دەپ يالۋۇردى.
ئەكبەر خەلقنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ كېچىرىم سورىشى ئارقىلىق
ئابدىلداغا چارە كۆرمىدى.

ئەكبەر باسىلغەنگە كەلگەندە ئۇرۇش بولىۋاتاتتى.
(گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ ئەسكەرلىرى 400 چە، پارتىـ
زانلار 80 ـ 90 چە ئىدى. پارتىزانلارغا مەدەت بېرىۋاتقان
خەلق 800 ئەتراپىدا ئىدى). گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ
20 ـ 30 چە ئادىمى باسىلغەندىكى كىچىكرەك بىر چوققىنى



ئېگەللەپ شۇ يەردىن پارتىزانلارغا پىلىموت ئېتىپ، ئۆز قىـ
سىملىرىنىڭ باسىلغەن داۋىنىدىن ئۆتۈشىگە يول ئاچماقچى
بولىۋاتقان ئىدى، پارتىزانلار بولسا، بۇلارغا قارشى ئوق
ئېتىپ تىركىشىپ تۇردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەكبەر بىر
قىسىم يولداشلىرى بىلەن دۈشمەن ئېگەللەپ تۇرغان چوققىـ
نىڭ قارشى تەرىپىدىكى يەنە بىر ئېگىز چوققىغا ئورۇنلىشىپ
ئوق ياغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قوراللىق پارتىـ
زانلار ئىچىدىكى مەرگەنلەرنى تاللاپ بىر قانچە مۇھىم جايـ
لارغا ئورۇنلاشتۇردى. خەلقنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىللەپ،
تۈزلەڭلىكتىكى دۈشمەنلەر پارتىزانلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتسە
ياكى چېكىنسە، ئېگىزدە تۇرۇپ تاش دومىلىتىپ زەربە بېرىشـ
كە تاش توپلاتتى. خەلقنىڭ يەنە بىر قىسمىنى تاياقنى مىلـ
تىق شەكلىدە تۇتۇپ ۋە ئېسىۋېلىپ ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن يۆتـ
كىلىپ ئورۇنلىشىۋاتقان قىياپەت كۆرسىتىپ دۈشمەننى ھودۇقـ
تۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى. مۇشۇ ئاساستا پارتىزانلار ھەركىتىدە
جانلىق يېڭى دولقۇن پەيدا قىلغاندىن كېيىن، سېيىتنى بىر
بۆلۈم ئادەم بىلەن ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ دۈشمەن پىلىموتىنى
ۋە شۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنى يوقىتىشقا بۇيرىدى.

سېيىت يولداشلىرى بىلەن كېچىكمەيلا ئارقا تەرەپتىن
بېرىپ دۈشمەننىڭ پىلىموتچىسىنى ئوقچۇتۇرۇپ تاشلىدى.
قالغان دۈشمەننى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇ پەيتتە مۇھىم
جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەرگەنلەرمۇ ئۆز رولىنى كۆرسەتتى.
ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان دۈشمەن بىر ئورۇندا تۇرالماي،
بىردەم ئۇياقتا، بىردەم بۇ ياقتا يۆتكىلىپ پانا جاي ئىزلەشـ
كە كىرىشتى. دەل شۇ چاغدا توپلانغان تاشلارنى غولىتىپ

بىر تاش ئون تاشقا، ئون تاش يۈز تاشقا، يۈز تاش مىڭ تاشقا ئايلىنىپ دۈشمەننى تىرە-پىرەڭ قىلىۋەتتى، بەرداشلىق بېرەلمىگەن دۈشمەن ئاخىرى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى قالدۇرۇپ قاچتى. پارتىزانلار بىر نەچچە پىلىموت، 100 گە يېقىن مىلتىق، خېلى نۇرغۇن ئوق-دورا ۋە باشقا نەرسە-كېرەكلەرنى غەنىمەت ئالدى.

بۇ سوقۇشتا ئابدىراخمان باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولدى. جالباس، جاڭ باي قاتارلىق ئادەملەر، جۈملىدىن ئابدىللا قىلمىشىنى يۇيۇش يۈزىسىدىن ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ئوبۇلخەيرى تۆرە، سۇرەنچى شاكىيو، فۇجا قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى پارتىزانلارنى قوللاپ بىر قاتار خىزمەتلەر ئىشلىدى. ئوزۇق-تۈلۈك، ئات-ئۇلاق جەھەتتىن ياردەمدە بولدى..

باسىلگەن سوقۇشى دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشىپ، پارتىزانلار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ روھى كۆتۈرۈلگەن بىر پەيتتە، باش ئىشتاپتىن، پاتىھ مۇسلىمۇۋتىن غېنى يېتەكچىلىكىدىكى ئەترەتنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كەينى-كەينىدىن كىرگۈزگەن ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەي قارا تۈۋەدىن چېكىنگەنلىكى، نەتىجىدە نىلقا شەھىرىنىڭ قولىدىن كەتكەنلىكى، ئۇۋان يېتەكچىلىكىدىكى ئەترەتنىڭ مازار ۋە ئاچالغا كېتىۋېتىپ يولدا ئۆزلىرىدىن بىر نەچچە ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ سوقۇش قىلغانلىقى، سوقۇش جەريانىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تۇركۇم-تۇركۇملەپ ياردەمچى ئەسكەر كېلىپ، ئاخىرىدا پارتىزانلارنىڭ چېكىنىپ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى، چېكىنىش جەريانىدا قاراسۇدىن ئۆتۈپ



چولاقبۇلاققا يېقىنلىشىپ قالغانلىقى، شۇڭا ئەكبەر بىلەن سېيىتنىڭ پارتىزانلارنى باشلاپ دەرھال قايتىپ كېلىپ سوقۇشقا قاتنىشىپ، خەلقنى، باش ئىشتاپنى قوغدىشىنىڭ لازىملىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى.

ئەكبەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ باسىلگەننىڭ بىر قانچە مۇھىم جايلىرىغا قاراۋۇل قويىدىدە پارتىزانلارنى باشلاپ قاش دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇۋان يېتەكچىلىكىدىكى پارتىزانلارنى چېكىندۈرۈپ چولاقبۇلاققا ئېلىپ كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئۇلاستاي تېغى تەرەپتىن (ياندىن) ھۇجۇم قىلدى، پىلىموت ۋە مىلتىقلاردىن تەڭ ئوق ياغدۇردى. ئۇۋان ۋە ئۇنىڭ ئەترىتىدىكى پارتىزانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ روھلاندىدە چېكىنىشتىن تىركىشىشكە، تىركىشىشتىن ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتتى. نەتىجىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توختاپ قاراسۇغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. مۇشۇ ئارىلىقتا قارا تۈۋەدىن چېكىنگەن غېنى ۋە ئۇنىڭ ئەترىتىدىكى پارتىزانلار يېتىپ كېلىپ ماسلىشىپ سوقۇشقا قاتناشتى.

شۇ كېچىسى پارتىزانلار باش ئىشتاپتا باش قوشۇپ قاراسۇدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى قانداق يوقىتىش توغرىسىدا پىكىرلەشتى.

ئەتىسى 11-ئاينىڭ 5-كۈنى ئەتىگەندە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاراسۇغا چېكىنگەن ئەسكەرلىرى ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە، يەرلىك بىر نەچچە غالچىلارغا يول باشلىتىپ پارتىزانلارنى ۋە باش ئىشتاپنى تارمار قىلىۋەتمەكچى بولۇپ جالىنقۇلغا كەلگەنلىكى،

ئۇلاستايغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. پاتەھ بىلەن ئەكبەر دەرھال پىكىرلىشىپ، پارتىزانلارنى ئۈچ-كە بۆلۈپ غېنى يېتەكچىلىگەندىكى پارتىزانلارنى قاراسۇ تەرەپتىن ئارىغا كىرىپ جالىنقۇلغا كەلگەن دۈشمەن ئەسكەر-لىرىنىڭ ئارقا سېپىنى ئۈزۈۋېتىش، چېكىنسە توساپ زەربە بېرىشكە، قالغان ئىككى بۆلۈم پارتىزانلارنى تاغ ياقىلاپ بېرىپ جالىنقۇلنىڭ ئۈزىدىن ۋە جالىنقۇل بىلەن ئۇلاستاي ئارىلىقىدىكى ئاق چىغلىقتىن ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل قىلدى ۋە دەرھال ھەركەتكە كېلىپ ئىشقا كىرىشتى. ئەكبەر ئۆزى ئاق چىغلىقتىن ھۇجۇم قىلىدىغان پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە سوقۇشقا قاتناشتى ۋە رەھبەرلىك قىلدى. سوقۇش كەسكىن باشلىنىپ، خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئاخىرى دۈشمەن ئەسكەرلىرى قورشاپ قىلىنغان ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي قاراسۇغا چېكىندى ......

بۇ سوقۇشتا ئەلئارىس قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولدى، ئەكبەر ئېغىر يارىلاندى. پارتىزانلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئۇنىڭغا قاتتىق ئېچىندى، كۆز يېشى قىلىشتى. لېكىن، ئەكبەر ئۆزىنى تۇتۇپ پارتىزانلار بىلەن خەلق ئاممىسىنى مەيۇسلەنمەي تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ داۋاملىق ئىنقىلاپ قىلىشقا، ئىنقىلاپ جەريانىدا تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىشقا دەۋەت قىلدى. ئىنىلىرىدىن سىيىت بىلەن ناۋانغا، بولۇپمۇ سىيىتكە: ئۆزىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، پاتەھ، غېنى، ئىمۋان، بايچۇرىن قاتارلىق ئىنقىلاپ رەھبەرلىرى بىلەن، شۇنىڭدەك بارلىق پارتىزان ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن ھەقىقى ئىتتىپاقلىشىپ، ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىشنى تاپىلىدى.



شۇ كۈنى كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ئۇلاستاي تاغ ئېغىزىغا سېرىق جۇۋا كىيگەن ئۈچ ئاتلىق ئورۇس پەيدا بولدى. پارتىزانلار ئۇلارنى توساپ سۆزلەشكەندە ئۇلار پاتەھ ياكى ئەكبەر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى. پارتىزانلار ئۇلارنى ئېھتىيات بىلەن ياللاپ ئەكبەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئەكبەر ئۇلارنى پاتەھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرىدى. ئورۇسلار پاتەھنىڭ قېشىغا بارغاندا ئۆزئارا خۇشاللىق بىلەن كۆرۈشۈپ قول ئېلىشتى. پاتەھقا جۇۋا ئىچىگە يوشۇرۇپ كەلگەن 12 ئاپتوماتنى تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يوقۇرى رەھبەرلىكنىڭ نىلقا پارتىزانلىرىغا غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا بەرگەن بۇيرۇقىنى، بۇلار شەرقتىن ھۇجۇم باشلىغاندا غۇلجا شەھىرىدىكى ئىنقىلابچىلار بىلەن قورغاس، سۈيدۈڭ (لاۋسى گوڭ) پارتىزانلىرىنىڭ ماسلىشىپ (غەربتىن) ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

پاتەھ يوقۇرىنىڭ كۆرسەتمىسىنى سىيىت، غېنى، بايچۇرىن، ئىمۋان، ناۋان، نۇرغالى، مانايقان، سىبانبەك، نۇر، ھوشۇر قاتارلىقلار بىلەن مۇزاكىرىلەشتى ۋە خەلق ئاممىسىغا يەتكۈزۈپ سەپەرۋەر قىلدى. شۇ ئاساستا 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كۈندۈزى بىر قانچە كىچىك گۇرۇپپىلارنى ئەۋەتىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاراسۇدىكى ئەسكەرلىرىگە تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى ئورنىدىن قوزغىلىشقا ئىمكانىيەت بەرمەي جىددى ھازىرلىق كۆردى. ۋە شۇ كېچىسى غۇلجا شەھرىگە قاراپ يولغا چىقىپ، 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئەتتىگەندە ھۇجۇم باشلىدى. لېكىن، غۇلجا شەھرىدىكى ئىنقىلابچىلار بىلەن قورغاس، سۈيدۈڭ

(لاۋسىگۇڭ) پارتىزانلىرى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ قىلغان ھۇجۇمى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. نەتىجىدە نىلقا پارتىزانلىرى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قانچە تەرەپتىن قىلغان قايتارما ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ، غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا ۋە سۈيدۈڭ، قورغاس تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دۈشمەننىڭ پىيادە قىسىملىرى ئۇلارنى قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. پەقەت بىر نەچچە ئايروپىلان ئەۋەتىپ ئوققا تۇتتى ۋە بومباردىمان قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا پارتىزانلار تەرەپتىن بىر نەچچە ئات ئۆلگەندىن تاشقىرى ئادەم چىقىم بولمىدى.

نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ چېكىنگەن ۋاقىتتا غېنى بىر قىسىم پارتىزانلار بىلەن قارا دۆڭ پەيچۇسىغا بېسىپ كىرىپ پاتىمە مۇسلىموۋنىڭ خوتۇن-باللىرىنى ئېلىپ چىقتى.

غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان پارتىزانلار 700 دىن ئارتۇق بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق مىلتىق، 20 گە يېقىن يان قورال، بىر نەچچە پىلىموت، ئون نەچچە ئاپتومات قاتارلىق قوراللارغا ئىگە ئىدى. خەلق ئاممىسى مىڭغا يېقىن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى نەيزە، كالتەك، پالتا قاتارلىقلار بىلەن قوراللانغان ئىدى. ئوبۇلخەيرى تۆرە، سۇرەنچى شاڭيو، فۇجا قاتارلىق بىر قانچە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاممە يار-يۆلەكتە بولۇپ پارتىزانلارنىڭ سېپىنى تولۇقلاش، ئوزۇق-تۈلۈك، ئات-ئۇلاق قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەش، ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەر خىل ئۇسۇل-چارىلار ئارقىلىق دۈشمەنگە تەھدىت سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. دېمەك، خەلق بىلەن زىچ ئىتتىپاقلاشقان نىلقا پارتىزانلىرى



1700 دىن ئارتۇق ئىنقىلاۋىي قوشۇن بولۇپ غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى.

نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجا شەھىرىدىن چېكىنىپ، قايتا ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلىنىش داۋامىدا غۇلجا شەھىرىدىكى ۋە قورغاس، سۈيدۈڭ (لاۋسىگۇڭ) پارتىزانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ غۇلجا شەھىرىگە 11-ئاينىڭ 8-كۈنى سەھەردە ئىلگىرىكى توختام بويىچە (شەرق، غەرب) ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا، 1-ئوقنى غەربتىن ھۇجۇم قىلغۇچى غۇلجا شەھىرى بىلەن قورغاس، سۈيدۈڭ (لاۋسىگۇڭ) پارتىزانلىرى ھۇجۇم سىگنالى سۈپىتىدە ئاتىدىغان بولدى.

مۇشۇ كېلىشىش بويىچە نىلقا پارتىزانلىرى تاڭ ئالدىدا غۇلجا شەھىرىنى شەرقتىن قورشاپ، قارادۆڭ، توپادۆڭ، تويىنى كېسىك تەرەپلەردىن كىرىشكە ھازىرلىنىپ سىگنال بېرىلىشىنى كۈتتى.

شۇ پەيتتە غۇلجا شەھىرى بىلەن قورغاس، سۈيدۈڭ پارتىزانلىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق يېتەكچىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە غۇلجا شەھىرىگە (غەربتىن) دۆڭ مەھەللە، شەرق مەھەللە ئارقىلىق كىرىپ ۋىلايەتلىك ساقچىنى قورشىۋالدى ۋە ساقچى باشلىقى ليۇ بىندىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ليۇ بىندى ئەسلىدە قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى. نىلقىدا ئىنقىلاب باشلانغان چاغدا ئىنقىلاپنى باستۇرۇش ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىلىغا مۇئاۋىن ۋالى، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك ساقچى باشلىقى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئىلىغا كېلىشى بىلەنلا، گومىنداڭنىڭ ئىلىدىكى مەمۇرى، ھەربى باشلىقلىرى

بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بىر قىسىم كونىسا، يېڭى جاسۇس ۋە غالچىلاردىن پايدىلىنىپ ئىنقىلاپنى بېسىقتۇرۇش يۈزىسىدىن بىگۇنا خەلقنى قولغا ئېلىش، تەزەربەنت قىلىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قاتارلىق يوللار بىلەن تېرورلۇق يۈرگۈزۈپ خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجىماقچى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ يول بىلەن ئەسكەر كىرگۈزۈپ ئىلقا پارتىزانلىرىنى ئوجۇقتۇرۇۋېتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنقىلاپقا قارشى ھەركەت ئېلىپ باردى. شۇڭا ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشى توغرا ئىدى.

غۇلجا شەھىرىگە شەرقتىن بېسىپ كىرگەن ئىلقا پارتىزانلىرى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يول ئۈستىدىكى پەيچۇسو ۋە باشقا توسالغۇلىرىنى كەلكۈن سۇدەك بېسىپ ئۆتۈپ سىلىڭبۇ بىلەن ۋالى مەھكىمىسىگە (ئىككىسى بىر قورودا ئىدى) شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ تېزلىك بىلەن ئىشغال قىلدى. باش ساقچىغا ھۇجۇم قىلغان ئىنقىلاپچىلار باش ساقچىنى ۋە باش ساقچى ئالدىدىكى تۈرمىنى ئىشغال قىلدى. ئاندىن ئۇن زاۋۇتى ۋە 2 - تۈرمىنى بازا قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ جەرياندا ئىلقا پارتىزانلىرى بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى.

ئىنقىلاپ ئوتى ئىچىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدارلىرى قېچىپ، ھەربى كۈچلىرى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ۋە مۇستەھكەم ئىستىھكام دەپ ئىشەنگەن ھەرەمباغقا كىرىۋالدى...

ئىنقىلاپچىلار ھەرەمباغنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر تۇتاش لىياڭشاڭ، ئايرۇدرۇمنى قورشىۋېلىپ، دۈشمەننى ئەركىن ھەركەتلىنىشتىن مەھرۇم قىلدى.

غۇلجا شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى غەلىبىلىك ئۇرۇش جەريانىدا، پارتىزان باشلىقى سېيىت قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلقا پارتىزانلىرى، مىللى ئارمىيە رەسمى قۇرۇلغىچە بولغان بىر نەچچە ئاي ئىچىدە: نۇرغالى، ماناپقان، نازاروپ، بەيبەك، قازىقان، تۆكەن قاتارلىق ئادەملەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە 7 - 8 ئەترەتكە (لىيەنگە تەڭ كېلىدۇ) بۆلۈنۈپ، ھەرەمباغ، ئايرۇدرۇم قاتارلىق ئورۇنلارنى قورشاپ تۇردى ۋە سوقۇش قىلدى، قورشاۋدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان ئارقىلىق ئايرۇدرۇمغا تاشلانغان ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراق ۋە باشقا نەرسىلەرنى داۋاملىق تارتىۋېلىپ ئۇلارنى ياردەمسىز قالدۇردى. شۇ قاتاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ غۇلجا شەھىرىگە جىڭ، ئاچال، توغراسۇ قاتارلىق يەرلەر ئارقىلىق كىرگۈزمەكچى بولغان ئەسكەرلىرىنى توغراسۇ، چاپقانجۇتا، قاراساي قاتارلىق يەرلەردە ئالدىدىن توساپ ئەجەللىك زەربە بەردى. دېمەك ئۇلار غۇلجا شەھىرىنىڭ گومىنداڭ مۇستەبىتلىرىنىڭ قانلىق چاڭگىلىدىن ئازات بولۇشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى...

غۇلجا شەھىرى گومىنداڭ مۇستەبىتلىرىنىڭ قانلىق چاڭگىلىدىن ئازات بولغاندىن كېيىن (1945 - يىلى ياز باشلىرىدا بولۇشى مۇمكىن) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى رەسمى قارار چىقىرىپ مەرھۇم ئەكبەرگە «خەلق قەھرىمانى» دېگەن نام بەردى ۋە مۇشۇ نامدا بىر ئوردېن، 300 قوي

بىلەن مۇكاپاتلاندى (بۇ قارار ۋە بۇ قارارنىڭ ئىجراسى شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرچە، قازاقچە ۋە باشقا تىلدىكى گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان).

× × ×

مېنىڭ بۇ تارىخىي ئەسلىمىنى يېزىشتىكى ئاساسلىرىم:

1 - مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى نىلقىنىڭ ئۇلاستاي تېغىدىن باشلانغان چاغدا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، شۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدىم، دېمەك، ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىشىنى كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.

2 - 1945 - يىلى 10 - ئايدا، نىلقا ناھىيىسىدە ئىنقىلاپ باشلانغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش، تەنتەنە قىلىش زور يىغىنىغا مۇخبىر سۈپىتىدە قاتناشقان ۋە مۇشۇ جەرياندا خەمىت تۇختى ئىككىمىز بىرلىكتە پاتىھ مۇسلىموۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، يېرىم كۈن سۆھبەتتە بولۇپ، ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىش ئەھۋالىنى ئاڭلىغان.

3 - ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە ۋە ئازاتلىقتىن كېيىن بايچۇرىن قاتارلىق يولداشلار بىلەن ئىلىدا بىللە بولغان، شۇ جەرياندا بۇلاردىن بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئۇققان.

4 - بۇ يىل (1984 - يىلى) ياز بېشىدا نىلقا ناھىيىسىگە بېرىپ، نىلقىدا ئىنقىلاپ قوزغىغان ۋە ئىنقىلاپقا باشتىن - ئاخىر قاتناشقان: نۇرغالى، مولداجان، نۇرالباي، ماداپقان قاتارلىق يولداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىش ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىدىم. جۈملىدىن، نىلقا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتىدە ئىشلەۋاتقان ۋە ئۈچ



ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان شاماش (شامەشرەپ)، مەمەتقان، شوكەمان، دەۋلەتقان، قاڭباقوۋ قاتارلىق يولداشلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردۇم.

دېمەك، ئەسلىمىنى خېلى پىششىق ۋە ئىشەنچلىك دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنداقتىمۇ بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئەسلىمىدە يېتەرسىزلىكلەرنى يوق دېيەلمەيمەن. شۇڭا سەبداشلارنىڭ كۆرۈپ چىقىپ تۈزىتىش، تولۇقلاش توغرىسىدا پىكىر بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

1984 - يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

# مۇندەرىجە


ئەجداتلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى ........................ چى گو 1

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھەققىدە...ياسىن خۇدابەردى 14

شىنجاڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا ئائىت ئەھۋاللار ھەققىدە ئەسلىمە ........................ ساۋدانوپ زايىر 63

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە 1 - سۈيدۇڭ پىيادە پولكىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى توغرىسىدا ئەسلىمە..............ئىسمائىلوپ مەھەممەت 185

قانداق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناشقانلىغىم توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە...... تۇرغانوۋ ئوسمان 242

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ئەسلىمە ..................................قۇربان ئېلى ئوسمانوۋ 260

**新疆文史资料选辑(16)**(维吾尔文)

中国人民政治协商会议新疆维吾尔
自治区委员会文史资料研究委员会编

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放路306号)
新疆新华书店发行　新疆医学院印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本9.125印张
1985年1月第1版 1985年1月第1次印刷
印数：1——13,500

统一书号：M11098·157　定价：0.93元

**(内 部 发 行)**